قۇرئان كەرىم نۇرى ئاستىدا



# پەيغەمبەرلەر تارىخى

ئوسمان نۇرى توپباش

2

ئەركام نەشرىياتى

ئىستانبۇل - 2017

كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى: 2- Nebîler Silsilesi
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلئەزىز
تەھرىرى: مۇھەممەد سىدىق
ISBN:
بەتچىك: قادىر
Language : Uighur

ئەركام نەشرىياتى
ئالاقىلىشىش ئادرېسى

Address : Ikitelli Organize Sanayi Bölgesi Mahallesi
Atatürk Bulvarı Haseyad 1. Kısım No: 60/3-C
Başakşehir - İstanbul / TURKEY
Phone : +90 212 671 07 00 (Pbx)
Fax : +90 212 671 07 48
E-mail : info@islamicpublishing.net
Web site : www.islamicpublishing.net

قۇرئان كەرىم نۇرى ئاستىدا

# پەيغەمبەرلەر تارىخى
# 2

ئوسمان نۇرى توپباش

ئەركام نەشرىياتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**”بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق“** (سۈرە ئەنبىيا 105- ئايەت)

**”...ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرگە چىنپۈتمىگۈچىلەر) يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر“** (سۈرە يۈسۈف 109-ئايەت)

**"ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن بىرەر ئەھەدىنى كۆرەلەمسەن؟ ياكى ئۇلاردىن بىرەر پەس ئاۋاز ئاڭلىيالامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق تەلتۆكۈس ھالاك قىلىندىكى، ئۇلاردىن كۆرگىلى ۋە ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى ھېچ ئەھەدى قالمىدى"** (سۈرە مەريەم 98-ئايەت)

**"ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى"** (سۈرە دۇخان 29-ئايەت)

**"يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىمانىدا سەمىمي بولغانلارنى تەۋبىسىدىن كېيىن پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) رەھىم قىلىدۇ"** (سۈرە ئەئراف 153-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«دىن نەسىھەتتۇر...» (بۇخارى، «ئىمان»، 42)

«جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسسىلەر ياكى ئاللاھنىڭ يېقىندا ئۈستىڭلارغا ئەۋەتىدىغان ئازابىنى كۆرسىلەر! ئۇ زامان دۇئا قىلساڭلارمۇ دۇئايىڭلار قوبۇل بولمايدۇ!» (تىرمىزى، «فىتەن»، 9)

مەسنەۋىدىن:

«قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋال ۋە سۈپەتلىرىدۇر. قۇرئان كەرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇساڭ ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىساڭ، ئۆزەڭنى پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەندەك ھېس قىلىسەن! پەيغەمبەر قىسسىلىرىنى ئوقۇغانسىرى تەن قەپىزى جان قۇشىغا تار كېلىشكە باشلايدۇ!» (ھەزرىتى مەۋلانا)

# مۇندەرىجە

## زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام/11


زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھىم سۈپەتلىرى........................ 13

تەۋھىدكە دەۋەت قىلىشى.............................. 14

يەئجۇج-مەئجۇج تائىپىسى.............................. 17

زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمەتلىك قىسسىلىرى.................. 21

جىھاد ۋە ئەمرى بىلمەئرۇپ.............................. 24


## ياقۇب ئەلەيھىسسالام ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام/39


ئەڭ گۈزەل قىسسە: يۇسۇف قىسسىسىدۇر.............................. 41

ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ چۈشى.............................. 46

چۈش ئۈچ قىسىمدۇر.............................. 47

كۆڭۈلنى ئۆلتۈرىدىغان ئوت:ھەسەت.............................. 49

قەبىھ پىلان.............................. 52

بالا-قازا ئېغىزدىن چىققان سۆزگە مۇناسىۋەتلىكتۇر.............................. 53

قېرىنداشلىرىنىڭ خىيانىتى.............................. 55

ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ قۇدۇققا تاشلىنىشى.............................. 56

سەبرى جەمىل.............................. 60

ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ قۇدۇقتىن چىقىرىلىپ سېتىلىشى.............................. 61

ھەزرىتى يۇسۇف ۋە زۇلەيخا.............................. 65

يۇسۇفنى كۆرگەن ئاياللار قوللىرىنى كېسىپ تاشلىدى.............................. 69

زىندان.............................. 71

ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ چۈش تەبىرى بېرىشى.............................. 74

مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشى.............................. 76

دارۋان قىسسىسى ........................................ 80
ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ پاراستى.................................. 82
ئاللاھ قۇلنى سۇلتان قىلدۇ................................... 84
زۇلەيخا بىلەن ئۆيلىنىشى ..................................... 87
ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن بىر تۇققانلىرى ۋە يۇسۇفنىڭ گۈزەل پىلانى . 89
مەن سېنىڭ قېرىندىشىڭ يۇسۇف بولىمەن ......................... 93
ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ بۇنيامىننى ئېلىپ قېلىشى........................ 94
مۇكاپات ئىشكىنى ئاچقان مۇشەققەت ............................ 100
ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك كېرەك .................... 102
داستانى كەچۈرۈم .......................................... 104
كۆينىكىمنى ئاتامنىڭ كۆزىگە سۈرتۈڭلار.............................. 107
ھەزرىتى ياقۇبنىڭ كۆزىنىڭ ئېچىلىشى............................... 108
ۋۇسلات ۋە ئەمەلگە ئاشقان چۈش ............................... 110
يۇسۇف سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى.............................. 113

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالام/121

مەدىيەنلىكلەر ............................................ 121
ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش ..................................... 128
يۇقىرىدىن كەلگەن قورقۇنچلۇق ئاۋاز ............................. 131
ئەيكەلىقلەر .............................................. 133
ئاسماندىن چۈشكەن ئازاب: شىددەتلىك يالقۇن ..................... 135
ھالاك بولغاندىن كېيىن........................................ 136

## ھەزرىتى مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالام/141

فىرئەۋننى قورقۇتقان چۈش .................................... 143
ھەزرىتى مۇسا فىرئەۋننىڭ سارىيىدا.................................. 145
قىبتىنىڭ ئۆلۈمى ............................................ 149

مىسىردىن مەدىيەنگە ........ 152
شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى مۇسانى يېنىغا چاقىرىشى ........ 154
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سافۇرا بىلەن ئۆيلىنىشى ........ 158
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى ........ 160
مەدىيەندىن مىسىرغا قايتىش ۋە تۇۋا ۋادىسى ........ 160
ئىككى بۈيۈك مۆجىزە بىلەن بېرىلگەن نەبۇۋۋەت ........ 164
ئەخمەق پىرئەۋن ........ 175
مۆجىزە بىلەن سېھىرنىڭ مۇسابىقىسى ........ 179
سېھىرگەرلەرنىڭ سەجدىگە بېرىشى ........ 184
ماشىتا خاتۇن ........ 189
ئاسىيە ئانىمىزنىڭ شەھىد قىلىنىشى ........ 191
مۇنار ........ 192
مۆجىزىلەر ........ 195
فىرئەۋنىنىڭ سەپسەتىسى ........ 201
مىسىردىن چىقىش ........ 202
قىزىل دېڭىز: سالامەت ۋە پەلاكەت دېڭىزى ........ 205
قوبۇل قىلىنمىغان ئىمان: فىرئەۋنىنىڭ ئىمانى ........ 207
قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن ........ 208
ئەرىھا رايۇنىدا ئەمالىقالار بىلەن جەڭ قىلىش ئىمتىھانى ۋە تىخ سەھراسى ........ 211
تەۋراتنىڭ نازىل قىلىنىشى ........ 217
40 سانىنىڭ ھېكمىتى ........ 221
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنى كۆرۈش ئارزۇسى ........ 222
تۇر تېغىدىكى ئۇچرۇشۇش ........ 227
ئالتۇن مۇزاي ........ 228
كالىنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشى ........ 240

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجدا ھەزرىتى مۇسا بىلەن كۆرۈشىشى ...... 244
قارۇن ........................................................ 244
بۆھتان........................................................ 248
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالام......................... 251
ئۈچ سالىھ كىشى ................................................ 262
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى خوشنىسى ........................ 264
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تاشقى سۈرىتى ۋە پەزىلىتى ...................... 266

## كۈنىمىزدە يەھۇدىلىق/269

يەھۇدىلىقتا تەڭرى چۈشەنچىسى ..................................... 269
تەۋرات....................................................... 273
تالمۇت ...................................................... 275
پەيغەمبەر چۈشەنچىسى ........................................... 276
ئاخىرەت چۈشەنچىسى ............................................ 279


زۇلقەرنەين ئەلەيهسسالام

تەۋھىد بايرىقىنى شەرق ۋە غەربتە لەپىلدەتكەن

## زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالام

زۇلقەرنەيىن كەلىمىسى "ئىككى ئەسىر ئىگىسى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دۇنيانىڭ شەرق ۋە غەربىنى ئايلىنىپ چىقىشى، ئاللاھنىڭ نۇر ۋە قاراڭغۇلۇقنى بويسۇندۇرۇپ بېرىشىگە ئوخشاش سەۋەپلەردىن ئۇنىڭ زۇلقەرنەيىن دەپ ئاتالغانلىقى نەقىل قىلىنغان.

زۇلقەرنەيىننىڭ پەيغەمبەر ياكى ۋەلى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. قۇرئان كەرىمدە شەرق ۋە غەرپكە قىلغان سەپەرلىرى زىكىر قىلىنغان. زۇلقەرنەيىن ھەزرىتى نۇھنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ئىسكەندەردۇر. زۇلقەرنەيىننى ماكىدونىيەلىك ئىسكەندەر بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. تارىختىكى مەشھۇر ئىسكەندەر مىلادىدىن بۇرۇنقى ئۈچىنچى ئەسىردە ماكىدونىيەدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ھىندىستانغا قەدەر يۈرۈش قىلغان. ئۇ ئارىستوتىلنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ياشىغان، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەج قىلىپ دۇئاسىنى ئالغان.

ماكىدونىيەلىك ئىسكەندەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكى زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرق ۋە غەرپكە قىلغان پەتىھلىرىگە ئوخشمايدۇ. تارىخى ماتېرىياللارغا قارىغاندا ماكىدونىيەلىك ئىسكەندەر ھېچقانداق بىر سېپىل سوقتۇرمىغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ماكىدونىيەلىك ئىسكەندەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىغان ۋە بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلمىغان. پۈتۈن ھاياتى يېزىلغان ئىسكەندەر بىلەن زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدىلىكى ئارىسىدا ھېچقانداق ئوخشاشلىق يوق. بۇنىڭ سىرتىدا ماكىدونىيەلىك ئىسكەندەرنىڭ «زۇلقەرنەيىن»گە سېلىشتۇرغىدەك بىر ئالاھىدىلىگىمۇ يوق.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالام، كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشتا ھامىسىنىڭ ئوغلى خىزىر ئەلەيھىسسالامغا قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى بېرىپ، يەئجۇج-مەئجۇج تائىپىسىگە قارشى مىس ۋە تۆمۈرنىڭ بىرلەشمىسىدىن تەركىپ تاپقان بىر سېپىل ياسىغان. زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دىنىنى، تەۋھىد ئەقىدىسىنى تارقىتىپ، ئىنسانلارغا ھەققەتنى تەبلىغ قىلغان.

زۇلقەرنەيىن مەدىنە مۇنەۋۋەر بىلەن شام ئارىسىدا «دۇمەتۇل-جەندەل» دېگەن يەردە ۋاپات بولغان. مەككە ئەتراپىدىكى «تىھامە» تېغىغا دەپنە قىلىنغان.

قۇرتۇبىنىڭ تەپسىرىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە، دۇنياغا پەقەت تۆت كىشىلا ھاكىم بولالىغان. بولارنىڭ ئىككىسى مۆمىن، ئىككىسى كاپىردۇر. مۆمىنلەر، زۇلقەرنەيىن بىلەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام؛ كاپىرلار بولسا، نەمرۇت ۋە بۇھتىننەسردۇر. پۈتۈن دۇنيانى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالىدىغان بەشىنچى كىشى بولسا بۇ ئۈممەتتىن چىقىدۇ. ئۇ بولسا «**ئاللاھ، ھەق دىن (ئىسلام)نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىدۇ.**» (سۈرە تەۋبە، 33-ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە مەھدى ئەلەيھىسسالامدۇر. (قۇرتۇبى، تەپسىر، 11، 47-48)

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيانىڭ شەرق ۋە غەربىگە يېتىپ بېرىشقا قانداق كۈچى يېتىدىغانلىقى سورالغاندا، ئۇ شۇ جاۋابنى بەرگەن:

«بۇلۇتلار بويۇن ئەگدۈرۈلىدۇ، لازىملىق ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئەمرىگە بېرىلىدۇ، نۇرلار ئۇنىڭغا ئېچىلىپ، كېچە بىلەن كۈندۈز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاش قىلىپ بېرىلىدۇ.» (ئىبنى ئىسھاق، سىرەت، ب، 185)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ياشىغان بۇرۇنقى قەۋملەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىبرەتلىك ۋەقەلەرنى بايان قىلغان ۋاقىتلاردا يەھۇدى ۋە ئىرانلىقلار بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئۆز مەيلىچە ئاڭلىتىشقا باشلىغان. مەدىنىدە ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان يەھۇدىلار بار ئىدى. بولار مەككە مۇشرىكلىرىغا:

«ئۇ يەردە بىر پەيغەمبەر چىقىپتۇ، ئەگەر ئۇ ھەقىقى پەيغەمبەر بولسا ئۇنىڭدىن ئەسھابى-كەھف، زۇلقەرنەيىن ۋە روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سوراڭلار! ئەگەر ئەسھابى-كەھف بىلەن زۇلقەرنەيىن ئۈچۈن تولۇق، روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە قىسمەن جاۋاب بەرسە، ئۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار! ئەگەر بۇ ئۈچ نەرسە ھەققىدە جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇ يالغانچىدۇر!» دېگەن.

مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«ئەسھابى كەھف ۋە شەرق بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلغان زۇلقەرنەيىن كىم؟ روھنىڭ ماھىيىتى نېمە؟» دەپ سورىغان.

بۇ سەۋەپتىن كەھف سۈرىسى نازىل بولغان. بۇ سۈرىدە زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

وَيَسْأَلُونَكَ عَن ذِي الْقَرْنَيْنِ قُلْ سَأَتْلُو عَلَيْكُم مِّنْهُ ذِكْرًا
إِنَّا مَكَّنَّا لَهُ فِي الْأَرْضِ وَآتَيْنَاهُ مِن كُلِّ شَيْءٍ سَبَبًا

**"ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) سەندىن زۇلقەرنەين توغرۇلۇق سورىشىدۇ. «سىلەرگە مەن ئۇنىڭ قىسسىسىنى (ۋەھيى ئاساسىدا) بايان قىلىمەن» دېگىن. ئۇنىڭغا بىز زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىگە يېتىشىنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق"**
(سۈرە كەھف، 83 - 84 ئايەت)

**زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھىم سۈپەتلىرى**

1. ئاللاھ تائالا زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالامغا قۇدرەت بەردى. ئۇ شەرق ۋە غەرپكە يۈرۈش قىلىپ زۇلقەرنەين سېپىلىنى ياسىدى. بۇ سېپىل مىس ۋە تۆمۈرنىڭ بىرلەشمىسىدىن تەركىپ تاپتى.

2. بولۇت ۋە باشقا ۋاستىلار زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە بېرىلدى.

3. ئۇنىڭغا ئىلىم ۋە كۈچ-قۇدرەت بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە سەلتەنەت ۋە ھاكىمىيەت ئىگىسى بولدى.

4. زۇلقەرنەينگە ئاق ۋە قارا بايراق ئېھسان قىلىندى. كۈندۈزى يول يۈرگەندە قارا بايراقنى ئارقىسىغا قويسا، ئارقىسىنى قاراڭغۇلۇق باساتتى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن تېنەپ قېلىپ قاراڭغۇلۇقتا مەغلۇپ بولاتتى. كېچىلىرى ئاق بايراقنى ئالدىغا ئالاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۆزى ۋە ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ھەممە يەر كۈندۈزدەك يورۇپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلەتتى.

5. زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام ئادىل ۋە خەلقىگە مېھرىبان ھۆكۈمدار ئىدى. بويسۇندۇرۇلغان مەملىكەتلەردىكى ئىنسانلارغا: «ئاراڭلاردىكى گۇناھسىزلارنىڭ ئەندىشە قىلىشى ھاجەتسىز. ياخشىلىق قىلغانلار بۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ» دېيىش ئارقىلىق مەرھەمەت بىلەن كەڭچىلىك قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىدە تەخت قۇردى. ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ھەر نەرسىنى ياخشى كۆردى.

6. نەپسى-خاھىشىغا ئەگەشىدىغان بىرسى ئەمەس ئىدى. ئىنسانلار سېپىل ياساش ئۈچۈن ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا: «ئاللاھ

ياخشىلىق يولىدا مېنى سىلەردىن بىھاجەت قىلدى. سىلەر ماڭا پەقەت كۈچۈڭلار ئارقىلىق جىسمانى جەھەتتىن ياردەم قىلىڭلار» دېدى.

7. ناھايىتى سېخى بولۇپ، باشقا ھۆكۈمدارلارغا ئوخشاش دۇنياپەرەست ئەمەس ئىدى. كۆپ ھەدىيە بېرەتتى. ناھايىتى رەھىمدىل ۋە مۇلايىم ھۆكۈمدار ئىدى.

8. كەمتەر، سالماق ۋە ھېكمەت ئەھلى بىرسى ئىدى. ئاساسى غايىسى ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىش ۋە مەزلۇملارنى ھۆررىيەتكە ئېرىشتۈرۈش ئىدى. ئۇ مال-دۇنياسىنى ھۆكۈمدارلارنىڭ راھەت-پاراغىتى ئۈچۈن ئەمەس، خەلقنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن سەرپ قىلدى.

## تەۋھىدكە دەۋەت قىلىشى

زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالام مەملىكىتىنىڭ چېگرىسىنى كېڭەيتىپ، دۆلىتىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ئاللاھنىڭ چاقىرىقىنى دۇنياغا تارقىتىشقا باشلىدى. مۆمىنلەردىن تەشكىل تاپقان قوشۇنى بىلەن ئاۋۋال غەرپكە يۈرۈش قىلىپ، كاپىرلارنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلدى. بۇ يۈرۈش غەرپنىڭ ئاخىرقى نوقتىسىغا قەدەر يېتىپ بېرىپ، قۇرۇقلۇق تۈگەپ پايانسىز دېڭىزلارغا يەتتى. قۇياش خۇددى قارا بىر پاتقاق بولاققا پېتىۋاتقاندەك كۆرۈلدى. ئۇلار ئۇ يەردە كاپىر بىر قەۋمگە يولۇقتى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىمان ئېيتتى، ئىمان ئېيتمىغانلار بىلەن جەڭ قىلىپ ھەممىسىنى مەغلۇپ قىلدى. ئاخىرى ئۇلارمۇ تەۋبە قىلىپ تەۋھىد ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلدى. قۇرئاندا بۇ ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَأَتْبَعَ سَبَبًا حَتَّى إِذَا بَلَغَ مَغْرِبَ الشَّمْسِ وَجَدَهَا تَغْرُبُ فِي عَيْنٍ حَمِئَةٍ وَوَجَدَ عِندَهَا قَوْمًا قُلْنَا يَا ذَا الْقَرْنَيْنِ إِمَّا أَن تُعَذِّبَ وَإِمَّا أَن تَتَّخِذَ فِيهِمْ حُسْنًا

**"زۇلقەرنەيىن (ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن) يولغا ماڭدى. ئۇ كۈن پېتىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، كۈننىڭ قارا لايلىق بولاققا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى[1]. ئۇ بولاقنىڭ يېنىدا بىر تۈرلۈك قەۋمنى ئۇچراتتى. بىز: «ئى زۇلقەرنەيىن! سەن ئۇلارنى جازالىغىن ياكى ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن» دېدۇق."** (سۈرە كەھف، 85-86-ئايەت)

1. ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولمىسىمۇ، كىشىگە كۈن خۇددى دېڭىزغا، تاغقا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئۆزىگە بۇ شەكىلدە سالاھىيەت بېرىلگەن زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام ئىلاھى ئۆلچەملەرگە قاراپ ھەرىكەت قىلدى:

قَالَ أَمَّا مَن ظَلَمَ فَسَوْفَ نُعَذِّبُهُ ثُمَّ يُرَدُّ إِلَى رَبِّهِ فَيُعَذِّبُهُ عَذَابًا نُّكْرًا وَأَمَّا مَنْ آمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَلَهُ جَزَاء الْحُسْنَى وَسَنَقُولُ لَهُ مِنْ أَمْرِنَا يُسْرًا

**"زۇلقەرنەين ئېيتتى: «كىمكى زۇلۇم قىلغان بولسا، بىز ئۇنى جازالايمىز، ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ. كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنى قولاي ئىشقا بۇيرۇيمىز»"** (سۈرە كەھف، 87 - 88 ـ ئايەت)

زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى دائىما ئىمانغا دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر ئامان قېلىپ، ئەگەشمىگەنلەر جازاسىنى چەكتى.

زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام، غەربكە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن شەرققىمۇ يۈرۈش قىلىپ، قۇياش چىقىدىغان يەرگىچە يېتىپ باردى. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

ثُمَّ أَتْبَعَ سَبَبًا حَتَّى إِذَا بَلَغَ مَطْلِعَ الشَّمْسِ وَجَدَهَا تَطْلُعُ عَلَى قَوْمٍ لَّمْ نَجْعَل لَّهُم مِّن دُونِهَا سِتْرًا كَذَلِكَ وَقَدْ أَحَطْنَا بِمَا لَدَيْهِ خُبْرًا

**"ئاندىن زۇلقەرنەين (ئاللاھ ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى. زۇلقەرنەين كۈنچىقىش تەرەپكە بارغاندا، كۈننىڭ شۇنداق بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردىكى، ئۇ قەۋمگە بىز (كۈننىڭ ھارارىتىدىن) ساقلىنىدىغان (كىيىم، ئىمارەت قاتارلىق) نەرسىلەرنى ئاتا قىلمىدۇق. ئەھۋال شۇنداق بولدى (يەنى زۇلقەرنەين كۈنچىقىش تەرەپتىكى كىشىلەرگىمۇ كۈنپېتىش تەرەپتىكى كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىنى قىلدى). بىز ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدۇق"** (سۈرە كەھف، 89 ـ 91 ـ ئايەت)

زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينى ـ كەينىدىن مەملىكەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، شەرققە قاراپ ئىلگىرلەپ مەدەنى ھايات ئاخىرلاشقان، ئىنسانلىرى ئىپتىدائى

(كىيىمسىز، ئۆي-ئوچاقسىز) جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان، شەرقنىڭ ئەڭ يىراق نوقتىسىغا قەدەر يېتىپ بارغانلىقى مەلۇمدۇر.

بۇ يەردىكى ئىنسانلار قۇياش نۇرىدىن قېچىپ ئۆڭكۈرلەرگە ياكى دېڭىزغا كىرىۋالاتتى. قۇياشنىڭ هارارىتى پەسەيگەندىن كېيىن، ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن چىقاتتى ۋە ئىشلەيتتى. زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىمۇ ئىمانغا دەۋەت قىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، يات بىر تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان قەۋمگە يولۇقتى ۋە ئۇلار بىلەن تەرجىمان ۋاستىسى ئارقىلىق سۆزلەشتى.

ئاللاه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

ثُمَّ أَتْبَعَ سَبَبًا حَتَّى إِذَا بَلَغَ بَيْنَ السَّدَّيْنِ وَجَدَ مِن
دُونِهِمَا قَوْمًا لَّا يَكَادُونَ يَفْقَهُونَ قَوْلًا

**"ئاندىن ئۇ (ئاللاه ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى. زۇلقەرنەيىن ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئىككى تاغ ئالدىدا ھېچقانداق سۆزنى چۈشەنمەيدىغان (يەنى ئۆزىنىڭ تىلىدىن غەيرى تىلنى بىلمەيدىغان) بىر قەۋمنى ئۇچراتتى."** (سۈرە كەھف، 92-93-ئايەت)

زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالام ئۇچراتقان بۇ ئىنسانلار، زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالامغا يەئجۇج-مەئجۇج ئىسىملىك مەخلۇقلارنىڭ زۇلمىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇ مەخلۇقلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن بىر سېپىل ياساپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. بۇ سەۋەپتىن «سەددى-زۇلقەرنەيىن» يەنى زۇلقەرنەيىن سېپىلى ياسالدى. بۇ قەۋممۇ ھىدايەت يولىنى تاللاپ مۇسۇلمان بولدى. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

"قَالُوا يَا ذَا الْقَرْنَيْنِ إِنَّ يَأْجُوجَ وَمَأْجُوجَ مُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ فَهَلْ نَجْعَلُ لَكَ
خَرْجًا عَلَى أَن تَجْعَلَ بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمْ سَدًّا قَالَ مَا مَكَّنِّي فِيهِ رَبِّي خَيْرٌ فَأَعِينُونِي بِقُوَّةٍ
أَجْعَلْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُمْ رَدْمًا آتُونِي زُبَرَ الْحَدِيدِ حَتَّى إِذَا سَاوَى بَيْنَ الصَّدَفَيْنِ قَالَ
انفُخُوا حَتَّى إِذَا جَعَلَهُ نَارًا قَالَ آتُونِي أُفْرِغْ عَلَيْهِ قِطْرًا فَمَا اسْطَاعُوا أَن يَظْهَرُوهُ وَمَا

اسْتَطَاعُوا لَهُ نَقْبًا قَالَ هَذَا رَحْمَةٌ مِّن رَّبِّي فَإِذَا جَاء
وَعْدُ رَبِّي جَعَلَهُ دَكَّاء وَكَانَ وَعْدُ رَبِّي حَقًّا

**"ئۇلار: «ئى زۇلقەرنەين! يەئجۇج بىلەن مەئجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا بىر قىسىم مېلىمىزنى (باجغا ئوخشاش تۆلىسەك بولامدۇ؟» دېدى زۇلقەرنەين ئېيتتى: «ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (يەنى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئارتۇقتۇر، ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي ﴿ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ) ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا، كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار». تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ ئوتتەك بولغاندا، ئۇ: «ماڭا (ئېرىتىلگەن مىسنى) بېرىڭلار، ئۈستىگە تۆكەي» دېدى ئۇلار (يەنى يەئجۇج - مەئجۇج) ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى زۇلقەرنەين ئېيتتى: «بۇ (يەنى توسمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى) پەرۋەردىگارىمنىڭ نېمىتىدۇر، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا، ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر"** (سۈرە كەھف، 94 - 98 - ئايەت)

زۇلقەرنەين سېپىلىنىڭ يىقىلىشى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىسىدۇر. بۇ سېپىل بۈگۈنكى سەددىچىن سېپىلى ئەمەس. لېكىن قەيەردە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ بار. قىيامەت يېقىنلاشقاندا سېپىل يىقىلىپ يەئجۇج ـ مەئجۇج تائىپىسى يەر يۈزىگە تارقىلىپ، پىتنە ـ پاسات چىقىرىدۇ.

## يەئجۇج ۋە مەئجۇج تائىپىسى

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، يەئجۇج ۋە مەئجۇج بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىدىغان مىللەتتۇر. يۈزلىرى ياپىلاق، كۆزلىرى كىچىك، قۇلاقلىرى ئۇزۇن، بويلىرى قىسقا، سانى كۆپ بولۇپ، قىيامەتكە يېقىن يەر يۈزىگە تارقىلىدۇ. يەئجۇج ۋە مەئجۇج قەۋمى تويۇقسىز كۆپىيىپ نوپۇسى ئاشىدۇ. چۈنكى مەينەتچىلىك ئىچىدە بىردەمدىلا كۆپەيگىنىدەك، ئۇلارمۇ شۇنداق كۆپىيىدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىدە بىر سىردۇر.

ۋاقتى كەلگەندە زۇلقەرنەيىن سېپىلى تېشىلىپ، بۇ قەۋم يەر يۈزىگە تارقىلىدۇ. لېكىن مەككە مۇكەررەمە، مەدىنە مۇنەۋۋەر ۋە قۇددۇسقا كىرەلمەيدۇ. بۇ مۇبارەك شەھەرلەردىن باشقا ھەر يەرگە كىرىدۇ. يېتىپ بارغانلىكى يەرلەردە يەپ ـ ئىچىپ، ھەر نەرسىنى قۇرۇتۇپ، ھەر يەرنى پىتنە ـ پاساتقا تولدۇرىۋېتىدۇ. چېكەتكىگە ئوخشاش ھاشارەتلەردەك زىيان سالىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«(يەئجۇج ۋە مەئجۇج زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالام ياسىغان سېپىلنى) ھەر كۈن كولايدۇ. دەل تېشىلىدىغان پەيتتە ئۇلارنىڭ باشلىرىدىكى رەئىسى:

ـ بولدى قىلىڭلار، كولاش ئىشى ئەتىگە قالسۇن. ـ دەيدۇ. (ئۇلار كەتكەندىن كېيىن) ئاللاھ تائالا سېپىلنى تېخىمۇ مۇستەھكەم بىر شەكىلدە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ شەكىلدە ئۇلارغا تەقدىر قىلىنغان كۈن كەلگۈچە داۋاملىشىدۇ. قاچانكى ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا مۇساللات بولىدىغان كۈن ئىرادە قىلىنغاندا، ئۇلارنىڭ باشلىرىدىكى رەئىس:

ـ قېنى قايتىڭلار! ئىنشائاللاھ (ئاللاھ خالىسا) ئەتە سېپىلنى تېشەلەيسىلەر. ـ دەيدۇ ۋە تۇنجى قېتىم ئىنشائاللاھ كەلىمىسىنى قوللىنىدۇ.

بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ كۈنى قايتىپ كېتىدۇ. ئەتىسى كەلگەن ۋاقىتتا سېپىلنى قانداق قويۇپ كەلگەن بولسا، شۇنداق كۆرىدۇ ۋە (ئۇ كۈنكى تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە) سېپىلنى تېشىدۇ. ئېچىلغان تۆشۈكتىن ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىدۇ. سۇلارنى ئىچىپ قۇرۇتىدۇ. ئىنسانلار ئۇلاردىن قورقۇپ قاچىدۇ. يەئجۇج ۋە مەئجۇج ئاسمانغا بىر ئوق ئاتىدۇ. بۇ ئوق ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قانغا مىلەنگەن ھالدا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: "يەر يۈزىدىكىلەرنى چەيلەپ ئەزدۇق، ئاسماندىكىلەرنىمۇ بويسۇندۇردۇق."

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گەجگىلىرىدىن تۇتىدىغان بىر بۆرە ئەۋەتىدۇ. بۇ بۆرە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىپ، ھەر بىرىنى پارچىلىغان ھالدا يەرگە تاشلايدۇ. مۇھەممەدنىڭ نەپسى ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ھايۋانلار ئۇلارنىڭ گۆشلىرىدىن يەپ سۈتلىنىدۇ ۋە سەمرىيدۇ.»

(تىرمىزى، تەپسىر، 18 / 6؛ ئىبنى ماجە، پىتەن، 33 / 4080)

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە:

«مىراج كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئىبراھىم، ھەزرىتى مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا، قىيامەت ھەققىدە سۆزلىشىدۇ. ئاۋۋال ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىيامەت ھەققىدە سورايدۇ. لېكىن ئۇ قىيامەت ھەققىدە ھېچنەرسە دېيەلمەيدۇ. كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن سورايدۇ. ئۇنىڭمۇ قىيامەت ھەققىدە ھېچ بىر مەلۇماتى يوق. سۆز ئىسا ئەلەيھىسسالامغا كېلىدۇ. ئۇ: «قىيامەتتىن بۇرۇن مەيدانغا كېلىدىغان بىر قىسىم ئالامەتلەر ماڭا بىلدۈرۈلدى. لېكىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.» دەيدۇ. كېيىن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولغان دەججالنىڭ چىقىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاندىن مەن چۈشۈپ ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، شۇنىڭ بىلەن خەلق مەملىكەتلىرىگە قايتىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا يەئجۇج ۋە مەئجۇج چىقىدۇ، ھەر تەرەپتىن تېزلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار بارغانلىكى يەردە سۇلارنى ئىچىپ قۇرىتىۋېتىدۇ، ھەر يەرنى بۇزۇپ، ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەلق نالە-پەرياد قىلىپ ئاللاھتىن ياردەم تىلەيدۇ. مەنمۇ يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىمەن. يەر يۈزى ئۇلارنىڭ پۇرىقىدىن ئىنتايىن سېسىق پۇرايدۇ. ئىنسانلار بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ، مەنمۇ دۇئا قىلىمەن. ئاللاھ تائالا ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. شىددەتلىك كەلكۈن ئۇلارنى دېڭىزغا ئېقىتىپ كېتىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن تاغلار كېچىكلەپ تارقىلىدۇ، يەر بولسا تېرىگە ئوخشاش يېيىلىپ كەڭرىتىلىدۇ. بۇ ۋەقەلەر مەيدانغا كەلگەندە، قىيامەتنىڭ ئىنسانلارغا، قاچان تۇغۇشى ئېنىق بولمىغان ھامىلدار ئايالنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش يېقىن (ھەر ۋاقىت باشلىرىغا كېلىشى مۇمكىن) ئىكەنلىكى بىلدۈرىلدى.»

ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن ئەل ئاۋۋام، بۇ ھەقىقەتنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى:

حَتَّى إِذَا فُتِحَتْ يَأْجُوجُ وَمَأْجُوجُ وَهُم مِّن كُلِّ حَدَبٍ يَنسِلُونَ

**"يەئجۇج - مەئجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەر بىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ."** (سۈرە ئەنبىيا، 96- ئايەت) ئايىتى بىلەن سابىت بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (ئىبنى ماجە، «پىتەن»، 33 / 4081)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەئجۇج ۋە مەئجۇج ھالاك بولغاندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغانلىقى ۋە ئىبادىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«بۇ بەيتكە (كەبىگە) يەئجۇج ۋە مەئجۇجدىن كېيىنمۇ ھەج ۋە ئۆمرە قىلىنىدۇ.» (بۇخارى، «ھەج»، 47)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ھەدىستە بۇ زالىم قەۋمنىڭ جەھەننەمگە تاشلىنىلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "ئەزىز ۋە جەلىل بولغان ئاللاھ قىيامەت كۈنى:

- ئى ئادەم! دەپ نىدا قىلىدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالام :

- لەببەيك ئى رەببىم! مەن سىزنىڭ ئەمرىڭىزدە، پۈتۈن ياخشىلىقلار سىزنىڭ قولۇڭىزدىدۇر! دەيدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق بىر نىدا كېلىدۇ:

- رەببىڭ ساڭا جەھەننەم ئەھلىنى چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ!

ئادەم ئەلەيھىسسالام

- ئى رەببىم! جەھەننەم ئەھلىنىڭ سانى قانچىلىك كېلىدۇ؟دەپ سورايدۇ.

ھەر مىڭدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزى!

مانا بۇ ھامىلدار ئاياللارنىڭ بالا چۈشۈرۈۋېتىدىغان، كىچىك بالىلارنىڭ قېرىپ كېتىدىغان، ئىنسانلارنىڭ مەس بولمىغان ھالدا، ئازاپنىڭ قاتتىقلىقىدىن خۇددى مەس كىشىلەردەك بولۇپ قالىدىغان ۋاقىتدۇر.»

بۇ خەۋەر ساھابىلەرگە ناھايىتى ئېغىر كېلىپ، چىرايلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

«يەئجۇج ۋە مەئجۇجدىن مىڭدا توققۇز يۈز توقسان توققۇز، سىلەردىن بولسا (مىڭدە) بىرى (جەھەننەمگە كىرىدۇ.) شۇنىمۇ بىلىڭلاركى، سىلەر ئىنسانلار ئارىسىدا ئاق بىر كالىدىكى قارا بىر تال قىل ياكى قارا بىر ئۆكۈزدىكى ئاق بىر تال قىلغا ئوخشايسىلەر» (بۇخارى، «تەپسىر»، 22 / 1، ئەنبىيا، 7)

كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۈممىتىنى پۈتۈن پىتنىلەرگە قارشى بولۇپمۇ يەئجۇج ۋە مەئجۇج بالاسىغا قارشى ئاگاھلاندۇرغان.

زەينەپ بىنت جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى قورققان ھالەتتە ئۆيگە كىردى ۋە مۇنداق دېدى:

«لا ئىلاھە ئىللەللاھ، يېقىن زاماندىكى بىر بالادىن ئەرەبلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! (باش بارمىقى بىلەن بىگىز بارمىقىنى ھالقا قىلىپ كۆرسەتكەن ھالدا) بۈگۈن يەئجۇج ۋە مەئجۇج سېپىلىدىن بۇنىڭچىلىك تۆشۈك ئېچىلدى.» دېدى. مەن:

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئىچىمىزدە سالىھ ئىنسانلار بار تۇرۇقلۇق ھەممىمىز ھالاك بولامدۇق؟ دېدىم.

«شۇنداق، يامانلىقلار كۆپەيسە شۇنداق بولىدۇ!» دېدى» (بۇخارى، ئەنبىيا، 7؛ مۇسلىم، پىتەن 1/ 2880)

ھەدىس شەرىپتە: «يېقىنلاشقان بىر بالادىن ۋاي ئەرەپنىڭ ھالىغا!» دېيىش ئارقىلىق «ئەرەپ» ئىسمىنىڭ زىكىر قىلىنىپ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىسمىنىڭ زىكىر قىلىنمىغانلىقىنىڭ ھېكمىتى، ئۇ زامانلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسى جەھەتتىن ئەرەپلەردىن تەشكىل تاپقانلىقىدۇر. بۇ يەردىكى ئىپادە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە «يېقىنلاشقان بالا» ئىپادىسى ئارقىلىق ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئۈممەت ئىچىدە باشلانغان پىتنە كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، بۇ پىتنىلەر يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ سېپىلىدە ماددى ۋە مەنىۋى بىر تۆشۈكنىڭ ئېچىلىشىغا سەۋەپ بولغان.

## زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمەتلىك قىسسىلىرى

زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام سەپەرلىرىنىڭ بىرىدە مۇتتەقى ۋە نەپسى ئارزۇلارنى يېڭىشقا تىرىشىدىغان بىر قەۋمگە يولۇقتى. ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشكە ئوخشاش مال-دۇنيالىرى يوق ئىدى. ئۇلار پەقەت ئوتياش ۋە كۆكتاتلارغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. كۆكتاتلىرىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇ قەۋمدە ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ گۆرىنى كولاپ ئۇنى پاكىز تۇتاتتى ۋە ئىبادىتىنى ئۇ يەردە قىلاتتى. زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام بولارنىڭ ھۆكۈمدارىنى چاقىردى. ھۆكۈمدار:

«مەن ھېچكىمنىڭ ئالدىغا بېرىشنى خالىمايمەن. خالىسا يېنىمغا كەلسۇن!» دېدى. زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھۆكۈمدارنىڭ يېنىغا بېرىپ:

«مەن سېنى چاقىرسام نېمە ئۈچۈن كەلمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. ھۆكۈمدار:

«ساڭا بىر ئېھتىياجىم يوق. ئەگەر بولسا كېلەتتىم» دەپ جاۋاب بەردى.

زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام:

«بۇ قانداق ئەھۋال؟ سىلەرگە ئوخشاش قەۋمنى ھېچبىر يەردە كۆرمىدىم» دېگەندە، ھۆكۈمدار:

«توغرا، بىز ئالتۇن-كۈمۈش، مال-دۇنياغا ئەھمىيەت بەرمەيمىز. چۈنكى بىر كىشىنىڭ قولىغا بولاردىن ئازراق كىرسە، تېخىمۇ كۆپىنى خالاپ ھۇزۇرى بوزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مال-دۇنياغا بېرىلمەيمىز» دېدى.

زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام:

«بۇ گۆرلارنى نېمە ئۈچۈن كولىدىڭلار؟ نېمىشقا بولارنى كولاپ ئۇ يەردە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى.

ھۆكۈمدار:

«مال-دۇنياغا بېرىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق. كولانغان بۇ گۆرلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزنىڭمۇ ئۇ يەرگە كىرىدىغانلىقىمىزنى ئەسلىتىدۇ ۋە بىز ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىمىز.» دېدى.

زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام:

«نېمە ئۈچۈن كۆكتاتتىن باشقا يەيدىغان نەرسەڭلار يوق؟ ھايۋان بېقىپ، سۈت ۋە گۆشىدىن پايدىلانساڭلار بولمامدۇ؟ » دېدى.

ھۆكۈمدار:

«ئاشقازىنىمىزنىڭ ھايۋانلارغا مازار بولۇشىنى خالىمايمىز. كۆكتاتلار بىلەن تۇرمۇشىمىزنى ئۆتكۈزىۋاتىمىز. گالدىن ئۆتكەندىن كېيىن بولدى» دەپ جاۋاب بەردى.

زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئىبرەتلىك قىسسىسى

بىر كىشى زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالامغا:

«ماڭا ئىمانىمنى ۋە يەقىنىمنى (قۇۋۋەتلىك ۋە كەسكىن بىلىم، تولۇق ئىشەنچ) كۈچلەندۈرىدىغان بىر نەرسە ئۆگەتكىن!» دېدى.

ئۇ:

"ھېچكىمگە ئاچچىقلانما! چۈنكى شەيتاننىڭ ئىنسانغا ئەڭ كۆپ ھاكىم بولىدىغان ۋاقتى ئىنساننىڭ غەزەپلەنگەن ۋاقتىدۇر. ئالدىراڭغۇلۇقتىن ھەزەر ئەيلە! ئالدىرىساڭ نېسىۋەڭنى يوقۇتۇپ قويىسەن. يېقىن ۋە يىراق ھەممەيلەنگە مۇلايىم بول! جاھىل، ئىنكارچى، زالىم بولما!" دەپ جاۋاب بەردى.

زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى:

«مېنى يۇيۇپ، كېپەنلىگەندىن كېيىن تاۋۇتقا قويۇڭلار! پەقەتلا قولۇم سىرتتا ساڭگىلاپ تۇرسۇن! خىزمەتكارلىرىم ئارقامدىن كەلسۇن! خەزىنىلىرىم ئات-ئۇلاغلارغا يۈكلەنسۇن! خەلق مېنىڭ ھەشەمەتلىك بىر سەلتەنەت ۋە دۇنيا مۈلكىگە ئىگە بولغان بولسامۇ، قەبرىگە قۇرۇق قول كەتكەنلىكىمنى، خىزمەتكارلىرىم ۋە خەزىنەمنىڭمۇ بۇ دۇنيادا قېلىپ مەن بىلەن بىللە گۆرگە كەتمىگەنلىكىنى كۆرسۇن! بۇ يالغانچى ۋە پانى دۇنياغا ئالدانمىسۇن!»

بۇ ۋەسىيەت دېگەندەك ئورۇندالدى. ئالىملار بۇ ۋەسىيەتنى مۇنداق تەپسىر قىلدى:

«ئارقامدىن كەلگەن قوشۇن بىلەن شەرق ۋە غەربنى بويسۇندۇردۇم. قول ئاستىمدا نۇرغۇنلىغان خىزمەتچى ۋە سان-ساناقسىز قوشۇن بار ئىدى. ھېچكىم ئەمرىمگە قارشى چىقالمايتتى. دۇنيا مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىدا ئىدى. چەكسىز خەزىنىلەرگە ئىگە بولدۇم. لېكىن دۇنيا نېمەتلىرى باقى ئەمەستۇر. مانا سىلەر كۆرگەندەك دۇنيا مېلى دۇنيادا قالدى، قەبرىستانغا قۇرۇق قول كېتىۋاتىمەن! سىلەر ئاخىرەتتە ئۆزەڭلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىڭلار!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيتى بىلەن ئىشارەت قىلىغان ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«مېيىتكە (قەبرىستانلىققا قەدەر) ئۈچ نەرسە ئەگىشىپ بارىدۇ: ئەۋلاد، مال-مۈلك ۋە ئەمەل. بولاردىن ئىككىسى قايتىپ كېلىپ بىرسى قالىدۇ. ئەۋلاد ۋە مال-مۈلك قايتىپ كېلىپ ئەمىلى (ئۇنىڭ بىلەن بىللە) قالىدۇ.» (بۇخارى، «رىقاق»، 42؛ مۇسلىم، «زۇھد» 5)

زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام، ساۋۇت ۋە دۇبولغا ياساپ تۇرمۇشىنى قامدىدى. ئېھتىياجىدىن ئاشقىنىنى نەفەقە قىلدى.

**ئۇنىڭغا سالام بولسۇن!**

## جىھاد ۋە ئەمرى بىلمەئرۇپ

دۇنيا ۋە ئاخىرەت بەخت-سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالىغان مۆمىنلەر، جانلىرىنى، ماللىرىنى، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان پۈتۈن نېمەتلىرىنى ئۇلۇغ غايىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە مەجبۇردۇر. ئۆلۈم ۋە ئاخىرەتنى ئويلىغان بىر ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھ رىزاسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن باشقا مۇھىم غايە بولمايدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان:

لَتُبْلَوُنَّ فِي أَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ

**"سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىشى بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر..."** (سۈرە ئال ئىمران، 186-ئايەت) دەيدۇ.

غايىسىز قوللىنىلغان نېمەتلەرنىڭ ئاقىۋىتى زىيان بولۇپ، بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

يَوْمَ لَا يَنفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ

**"ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (ئاللاھنىڭ دەرگاھى)غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ"** (سۈرە شۇئەرا، 88-89-ئايەت)

ئىنسانغا بېرىلگەن نېمەتلەر، غەپلەتتە قوللىنىلسا، شەخس ۋە جەمئىيەت زىيانغا ئۇچراپ پالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر پاك قەلب بىلەن ھەرىكەت قىلىنسا ئىنسانلار ئۆزىنى دۇنيا جەننىتىدە كۆرىدۇ. جەمئىيەت ھۇزۇر ۋە سائادەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

"بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئەڭ پەزىلەتلىك ئىنسان كىم؟ دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاللاھ يولىدا جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان مۆمىن كىشىدۇر! "دەپ جاۋاپ بەردى. (بۇخارى، «جىھاد»، 2؛ مۇسلىم، «ئىمارەت»، 122، 123)

باشقا بىر ھەدىستە:

«ھەقىقى جىھاد، نەپسى (ھاۋايى-ھەۋەسلىرى) بىلەن جىھاد قىلىشتۇر.» دېيىلگەن. (تىرمىزى، «جىھادنىڭ پەزىلىتى»، 2 / 1621)

مۆمىن زەپەرگە، ئىمان ۋە پايدىلىق ئىشلار بىلەن ئېرىشىدۇ. ھەقىقى مۆمىن، قولى ۋە تىلى بىلەن ئۈممەتكە پايدا يەتكۈزگەن كىشىدۇر.

ساھابىلەردىن بولغان مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق ئىبرەتلىك ھېكايىسى بار:

«مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدە كۆپلىگەن ماددى ئىمكانلارغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇ ماللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلاپمۇ قويماي، ياش تۇرۇپ مۇسۇلمان بولدى. ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇنى مىراسخورلىقتىن مەھرۇم قويىشىدىن ئىبارەت تەھدىتىگە پىسەنت قىلمىدى. ئەكسىچە ئىمانى كۈچىيىپ غېرىپ ۋە مىسكىن ھالدا مەدىنە مۇنەۋۋەرگە ھىجرەت قىلدى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن پۈتۈن كۈچى بىلەن تەبلىغكە كىرىشىپ، نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ ھىدايەتكە ئېرىشىشىگە ۋەسىلە بولدى.

مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش يولىدا شەھىد بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەردىن بىرى مۇسئەبنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ ئۇنىڭ كۆتۈرگەن بايرىقىنى ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ئۇنىڭ شەھىد بولغانلىقىدىن خەۋىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بايراق تۇتقۇچىغا:

«تەقەددەم ئەي مۇسئەب! (ئالغا ئى مۇسئەب!)» دەپ خىتاپ قىلدى. شۇ چاغدا پەرىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىدى، ئۇنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مۇسئەبنىڭ شەھىد قىلىنغانلىقىنى بىلدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ مۇبارەك جەسىتى تېپىلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئەزىز تېنىنى يۆگىگۈدەك كېپەن تېپىلمىدى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قۇرئان كەرىمدە شۇ ئايەت بىلەن مەدھىيلەنگەن ئۇلۇغ زاتتۇر:

"مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُم
مَّن قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُم مَّن يَنتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا"

**"مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىد بولدى، بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق."** (سۈرە ئەھزاب، 23-ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّ اللّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُم بِأَنَّ لَهُمُ الجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالإِنجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللّهِ فَاسْتَبْشِرُواْ بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُم بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

**"شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھدىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى ئاللاھدىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر."** (سۈرە تەۋبە، 111-ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتمىش ئىككى كىشى بەيئەت قىلغان «ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى»دە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە:

- ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! رەببىڭ ۋە سەن ئۈچۈن بىزنىڭ قانداق شەرتلەرنى بىجا كەلتۈرۈشىمىزنى خالايسەن.- دېگىنىدە:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- رەببىم ئۈچۈن شەرتىم، ئۇنىڭغا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك قوشماي ئىبادەت قىلىڭلار. مېنىڭ ئۈچۈن شەرتىم، جېنىڭلار ۋە مېلىڭلارنى قانداق قوغدىغان بولساڭلار، مېنىمۇ شۇنداق قوغدايسىلەر.»

ساھابىلەر:

- شۇنداق قىلساق بىزگە نېمە پايدا بار؟ دەپ سورىدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:
- جەننەت بار! دېگەندە، ئۇ يەردىكىلەر:
- نېمدېگەن پايدىلىق بىر تىجارەت! بۇنىڭدىن قايتمايمىز ھەم قايتىشنىمۇ خالىمايمىز!» دېيىشتى. (ئىبنى كەسىر، «تەپسىر»، 11، 406)

ساھابىلەرنىڭ ھاياتى تىرىشچانلىق ئۈرنىكىدۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. ئۆز سەۋىيەلىرىگە قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ئورتاقلاشتى. ۋىدالىشىش ھەججىدە 120.000 گە يېقىن ساھابە بار ئىدى. بۇ قەدەر ساھابىدىن پەقەت 20.000 مىڭى مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەردە دەپنە قىلىندى. باشقىلىرى ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ۋە ئىلاھىي كەلىمەتۇللاھ ئۈچۈن پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى. يېتىپ بارغان ئەڭ ئاخىرقى نوقتىسى قەبرىلەر بولدى. (ئاخىرقى نەپەسگىچە كۈرەش قىلدى)

ئۇلار دىن يولىداماللىرى ۋە جانلىرىنى پىدا قىلىشتىن باش تارتمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن دىنى بىر غايە ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلغاندا پۈتۈن مال-مۈلكىنى سېخىيلىق بىلەن ھۇزۇرى-سائادەتكە تۆكتى. خانىم ساھابىلەرمۇ زۈننار، ئالتۇن بىلەيزۈك ۋە قولىدىكى ئۈزۈككە ئوخشاش زىبۇ-زىننەتلىرىنى چىقىرىپ پىداكارلىق كۆرسەتتى.

سۇمەييە خانىم ئىسلام ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىپ تۇنجى ئىسلام شەھىدى بولدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلىسى زىبۇ-زىننەتلىرىنىڭ ھەممىسنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلدى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندە ئايالى بارلىق مال - مۈلكىنى خەزىنىگە ئاتىۋەتتى.

«سائاتۇل ئۇسرە» (قىيىنچىلىق كۈنلەر) دەپ ئاتالغان تەبوك سەپىرىدە ساھابە خانىملار، قانچىلىك زىبۇ-زىننەتلىرى بولسا چىقىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدى. ئون بىر ياشقا كىرگەن كىچىك بىر قىزچاق، قولىقىغا تاقالغان زىرىسىنى چىقىرالماي جەددىيلەشكىنىدىن قولىقىنى يىرتىۋېتىپ قانغا بويالغان زىرىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەردى.

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ سىڭلىسى ئەسما خانىم ئاخىرقى ئۆمرىدە كۆزى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئوغلى ئابدۇللاھ بىن زۇبەير، ئاللاھ يولىدا

جىھادقا چىقىش ئالدىدا تەييارلىنىپ ساۋۇت كەيگىنىدە ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوغلىنىڭ يۈزىنى سىلاپ، ئۇنىڭ ساۋۇت كەيگەنلىكىنى بايقاپ:

« ئوغلۇم سەنمۇ قورقانچۇقلاردەك ساۋۇت كەيدىڭمۇ؟ ئۇنى چىقار!» دېدى.

خەنسا خانىم تۆت ئوغلى بىلەن بىرلىكتە قادىسىيە ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا ئاقشىمى ئوغۇللىرىغا مۇنداق نەسىھەت قىلدى:

«باللىرىم! سىلەر ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن مۇسۇلمان بولدۇڭلار. ئۆزەڭلارنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىڭلار بىلەن يۇرتۇڭلارنى تەرك ئېتىپ بۇ يەرگە كەلدىڭلار. جانابى ئاللاھنىڭ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان مۆمىنلەرگە قانچىلىك مۇكاپات تەييارلىغانلىقىنى سىلەرمۇ ياخشى بىلىسىلەر. شۈبھىسىزكى، باقى بولغان ئاخىرەت، پانى دۇنيا ئۆيىدىن ياخشىدۇر. جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اصْبِرُواْ وَصَابِرُواْ وَرَابِطُواْ وَاتَّقُواْ اللّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ

**"ئى مۆمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھدىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)"** (سۈرە ئال ئىمران، 200 ـ ئايەت)

ـ ئەتىكى ئۇرۇشتا ئاللاھتىن دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم تىلەڭلار. ئۇرۇش ئوتتەك قىززىغاندا دۈشمەن سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ قوماندانلىرى بىلەن تۇتۇشۇڭلار. شۇنداق قىلغاندىلا زەپەر قازىنىپ غەنىيمەتكە ئىگە بولىسىلەر ۋە جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىسىلەر.»

ئەتىسى ئەتىگەندە ئوغۇللىرى ئانىسىنىڭ نەسىھىتى بويىچە ئۇرۇشقا ئاتلاندى ۋە بۈيۈك جەڭگىۋارلىق بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، تۆتىلىسى شەھىد بولدى. ئەۋلادلىرىنىڭ شەھىد بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە خەنسا خانىم:

«مېنى ئەۋلادلىرىمنىڭ شەھىدلىكى بىلەن شەرەپلەندۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىمەن. ئۇلۇغ رەببىمدىن مېنى ئۇلارغا، نىھايەتسىز بولغان رەھمىتىدە بىرلەشتۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن.» دەپ شۈكۈر ۋە دۇئا قىلدى. (ئىبنى ئابدۇل بەرر، «ئەل ئىستىئاب»، 14، 29-1827)

مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى بىر تۇققانلىرىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە يازغان مەرسىيىلىرى بىلەن تىللاردا داستان بولغان بۇ شائىر ئايال، ئاللاھقا بولغان

سۆيگۈنىڭ لەززىتىنى تېتىغاندىن كېيىن ئەۋلادلىرىنى ئۆزىنىڭ تىل قابىلىيىتى بىلەن شەھىدلىككە تەشۋىق قىلغان. نەتىجىدە جىگەر پارىلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئاللاھ يولىدا شەھىد بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتقان.

مانا بولار ماللىرى ۋە جانلىرىنى ئاللاھ يولىدا سەرىپ قىلغان ئۈلگىلىك ئانىلىرىمىزدىن بىر قانچە مىسال.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھ يولىدا مال ۋە جان بىلەن جىھاد قىلىش يالغۇز قىلىچ بىلەن بولمايدۇ. قىلىچ زۇلۇمنى يوقۇتۇپ ئادالەتنى بەرپا قىلىشتا زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا قوللىنىلىدىغان بىر تۆمۈر پارچىسىدۇر. ئاساسلىق پەتىھ كۆڭۈللەرنىڭ فەتھىدۇر.

قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش غايىسى بىلەن «ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش»قا چاقىرغان كۆپلىگەن بايانلار مەۋجۇت. لېكىن بولارنىڭ ئىچىدە مەلۇم بىر قىسمىدا ئۇرۇش دەپ ئاتالغان ئۆلتۈرۈش ئۈستىدە توختىلىدۇ. بۇ زۆرۈر بولغاندا قىلىنىدىغان ئىشتۇر. ئىسلامدا مۇداپىئە ياكى ئىلاھى كەلىمەتۇللاھ يەنى ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش غايىسىنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر ئۇرۇش يوقتۇر. كېڭەيمىچىلىك ياكى ماددى مەنپەئەتكە ئېرىشش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش زالىملىقتۇر. ھالبۇكى، ئىسلامدا ئۇرۇش ئادالەتنى بەرپا قىلىپ ھىدايەتكە ۋەسىلە بولۇش ۋە زۇلۇمنى يوقۇتۇشقا ئوخشاش ئۇلۇغ ھەقىقەتلەر ئۈچۈن قىلىنىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە:

مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا

**"كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ"**
دېيىلگەن. (سۈرە مائىدە، 32- ئايەت)

ئىنسانىيەتنىڭ قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەر تۈرلۈك غەيرەت ۋە خىزمەت جىھاد ھېسابلىنىدۇ.

تەۋبە سۈرىسىنىڭ 103- ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ إِنَّ صَلاَتَكَ سَكَنٌ لَّهُمْ وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ

**"(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۇبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (سۆزىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر."** (سۈرە تەۋبە 103 - ئايەت)

ئاللاھ تائالانىڭ «سەدىقە ئالغىن!» بۇيرۇقىدىن كېيىن ساھابىلەر ئارىسىدا سەدىقە سەپەرۋەرلىكى باشلىدى. ھەممەيلەن بار-يوقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدى. ھېچنىمىسى بولمىغانلار تاغدىن ئوتۇن كېسىپ كېلىپ، سۇ توشۇپ ساتقان پۇللىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدى. ماددى ۋە مەنىۋى كۈچلىرىنى ئۆتكۈنچى دۇنيا ھاياتىنىڭ لەززەتلىرى ئىچىدە زايا قىلىۋېتىپ ئاخىرەت يوقسۇلى بولۇپ قېلىشتىن قورقتى. مال-مۈلۈكنىڭ ئەمىلىيەتتە ئاللاھقا ئائىت ئىكەنلىكىنى، بەندىنىڭ پەقەت ۋاقىتلىق ئامانەتچىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھالدا ياشىدى. شۇ قىسقا دۇنيا ھاياتىنى ئەبەدىي ئاخىرەت سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا تىرىشتى.

تەبۇك ئۇرۇشى ئۈچۈن ياردەم توپلانغان ۋاقىتتا، ئەنسارلاردىن ئەبۇ ئاقىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۆرە خورما ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن جان باقاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى كۆرە خورما ئۈچۈن قۇدۇقتىن پۈتۈن كېچە سۇ تارتتىم. بىر كۆرىنى ئۆيىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئايرىپ قويدۇم، بىرىنى رەببىمنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىش ئۈمىدى بىلەن ساڭا ئېلىپ كەلدىم!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھ سېنىڭ ئېلىپ كەلگىنىڭ ۋە قويۇپ قويغىنىڭنى بەرىكەتلەندۈرسۇن!» دەپ، ئۇ خورمىنى يىغىلغان مالغا قوشۇۋېتىشكە بۇيرىدى. (تەبەرى، «تەپسىر»، 10، 251)

ئۇقبە بىن ئامىر مۇنداق دەيدۇ: «سەدىقە ئايىتى نازىل بولغاندا، يەلكىمىزدە يۈك توشۇپ تاپقان ماللىرىمىزدىن سەدىقە بېرىشكە باشلىدۇق. بىر ئادەم كېلىپ كۆپ سەدىقە بەردى. مۇناپىقلار: «رىياكارلىق قىلىۋاتىدۇ» دېيىشتى. باشقا بىرسى

كېلىپ بىر كۈرە خورما سەدىقە قىلدى. مۇناپىقلار يەنە «ئاللاھنىڭ بۇنىڭ بىر ئۈچۈم خورمىسىغا ئېھتىياجى يوق» دېيىشتى. بۇنىڭ بىلەن:

الَّذِينَ يَلْمِزُونَ الْمُطَّوِّعِينَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ فِي الصَّدَقَاتِ وَالَّذِينَ لاَ يَجِدُونَ إِلاَّ جُهْدَهُمْ فَيَسْخَرُونَ مِنْهُمْ سَخِرَ اللّهُ مِنْهُمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ

**"(مۇناپىقلار) مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ."** (سۈرە تەۋبە، 79-ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولدى. (بۇخارى، «زاكات»، 10؛ مۇسلىم، «زاكات»، 72)

جىھادنى تەرك ئەتكەن كىشىلەر ئۈچۈن شۇ ھەدىس قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ماڭا بۇ ھاياتنى ئاتا قىلغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ياكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىسىلەر ياكى ئاللاھ ئۆز دەرگاھىدىن ئازاپ ئەۋەتىدۇ. سىلەر دۇئا قىلىسىلەر، لېكىن دۇئايىڭلار قوبۇل بولمايدۇ.» (تىرمىزى، «پىتەن»، 9)

دېمەك، ياخشىلىق، پەزىلەتكە دەۋەت قىلىشنى رەت قىلىش ئىلاھى ئازاپنىڭ كېلىشىگە سەۋەپچى بولىدۇ. ھەق ۋە ھەقىقەتنى سۆزلەش مۆمىنلەرگە خاستۇر. ئايەت ۋە ھەدىسلەردە مۇسۇلماننىڭ بىر خاتالىق كۆرگەندە ھەقنى سۆزلىشى بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِّمَّن دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ

**"ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟."** (سۈرە فۇسسىلەت، 33-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

«سىلەردىن كىمكى بىر يامانلىقنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن توسسۇن، كۈچى يەتمىسە تىلى بىلەن توسسۇن، بۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە قەلبى بىلەن توسسۇن! بۇ ئاجىز ئىماندۇر.» (مۇسلىم، «ئىمان»، 78)

بۇ دۇنيانىڭ سىرتىدا جەننەت ۋە جەھەننەمدىن باشقا بارىدىغان يەر يوق. ماللىرى، جانلىرى ۋە ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەتلەرنى غاپىللارچە ھاۋايى-ھەۋەسى ئۈچۈن سەرپ قىلغانلاردىن ئاللاھ تائالا: **«ساڭا پەيغەمبەر كېلىپ ھەقىقەتلەرنى تەبلىغ قىلمىدىمۇ؟ ساڭا مال بېرىپ نېمەتلىرىمنى ياغدۇرمىدىمۇ؟ بۈگۈن ئۈچۈن نېمە تەييارلىدىڭ؟»** دەپ سورايدۇ. كىشى ئوڭ، سول تەرىپىگە قارايدۇ؛ ھېچكىم يوق، ئالدىغا قارايدۇ، جەھەننەمدىن باشقا بىر نەرسە كۆرەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«قىيامەت كۈنى ئىنسان (ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا) كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ تائالا:

«مەن ساڭا كۆز، قۇلاق، مال، ئەۋلاد بەرمىدىمۇ؟ ساڭا ھايۋانلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىمۇ؟ سېنى بولارغا ئىگە قىلىپ بولاردىن پايدىلاندۇرمىدىمۇ؟ قىيامەت كۈنىدە مەن بىلەن يۈزلىشىدىغانلىقىڭنى ھېچ خىيالىڭغا كەلتۈرمىدىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ.

ئىنسان بولسا: «ياق» دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا:

«ئۇنداق بولسا بۈگۈن مەنمۇ سېنى ئۇنۇتىمەن، سېنىڭ (دۇنيادا) مېنى ئۇنۇتقىنىڭغا ئوخشاش!» دەيدۇ.» (تىرمىزى، «قىيامەت»، 6 / 2428)

دۇنيادا ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەنلەر زايا قىلىۋەتكەن ۋاقتىنىڭ ھەسرەت، نادامىتى ئىچىدە كۆيىدۇ. بۇ دۇنيادا ئاللاھ رىزاسىغا ئېرىشەلمىگەنلەرنى، ئۆلگەندىن كېيىن دەھشەتلىك جەھەننەم كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئىمانسىز ھالدا غەپلەت بىلەن يۇمۇلغان كۆزلەر، قىيىن-قىستاققا تولغان، قورقۇنچلۇق بولغان قەبرە ئاخشىمىدا ئېچىلىدۇ.

جانابى ئاللاھ قۇرئاندا بەندىلىرىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ
وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

**"سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر."** (سۈرە ئال ئىمران، 104-ئايەت)

بۇ ئايەتتە ھەر دائىم ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىدىغان بىر جامائەتنىڭ بولۇشىنىڭ لازىملىقى قەتئىي ئىپادە بىلەن ئەمىر قىلىنغان. ئىسلام دەسلەپتە ساھابىلەردىن ئىبارەت ئىمان دەۋەتچىلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن تارقالغاندەك، كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن يۈرگەن مۇخلىس ئالىملار، مۇجاھىتلار، مۇرشىدلەر بىلەن داۋاملاشقان. جانابى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولار ئۈچۈن كۆپلىگەن مۇكاپات ۋەدە قىلغان.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام تەبلىغچىلىرىنىڭ ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان ئالىي مەرتىۋىلىرىنى مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى: «سىلەرگە بىر قىسىم ئىنسانلاردىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇلار پەيغەمبەر ياكى شەھىدلەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەر، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ھوزۇرىدىكى دەرىجىلىرىگە تەلپۈنىدۇ (مەسلىكى كېلىدۇ) ئۇلار نۇردىن بولغان مۇنبەرلەردە ئولتۇرىدۇ ۋە ھەممەيلەن ئۇلارنى تونۇيدۇ.»

ساھابىلەر:

«ئۇلار كىملەر ئى رەسۇلۇللاھ!» دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇلار ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ئاللاھقا ياخشى كۆرسەتكەن ۋە ئاللاھنى بەندىلىرىگە ياخشى كۆرسەتكەن كىشىلەردۇر. ئۇلار يەر-يۈزىدە نەسىھەتچى ۋە تەبلىغچىلەر بولۇپ ئايلىنىدۇ.»

مەن:

«ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئاللاھنى بەندىلىرىگە ياخشى كۆرسىتىشنى چۈشەندۇق. ئەمما ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ئاللاھقا ياخشى كۆرسىتىش قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ مۇنداق دېدى:

«ئىنسانلارنى ئاللاھ ياخشى كۆرگەن ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇپ، ياخشى كۆرمىگەن ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىنسانلار بۇنىڭغا ئىتائەت قىلسا ئاللاھ تائالا

ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ.» (ئەلى ئەل مۇتتەقى، 111، 686 - 686؛ بەيهاقى، «شۇئابول ئىمان»، 1، 367)

ئاخىرەت سەپىرى ئۇچۇن ئەڭ ياخشى ئوزۇق تەقۋالىقتۇر. بىر مۆمىنىنىڭ ئەڭ خەيرلىك كۈنى بۇگۈنىدىن ئەتىسى ئۇستۈن بولغىنىدۇر. شۇڭا بىز ھەر كۈن ئاۋۋالقى كۈنگە قارىغاندا تېخىمۇ ئارتۇق ئاخىرەت ئوزۇقى تەييارلاش ئارقىلىق كۈنىمىزنى بەرىكەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

بىزدىن بۇرۇنقىلار ئۆلۈپ كەتتى، بىزمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كارۋىنىغا قوشۇلىمىز. ئۇخلاپ قالغاندەك ئۆلۈپ، ئويغانغاندەك تىرىلىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمەللىرىمىزدىن ھېساب بېرىمىز. ئاخىرەتنىڭ خاتىرجەم ۋە ئالى دەرىجىلىرى تەقۋا كىشىلەرگە ئائىتتۇر. قايتىشىمىز (بارىدىغان يېرىمىز) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.

**ئاللاھ تائالا قەلبىمىزنى رىزاسى ۋە ھىدايىتى يولىدا دائىم قىلسۇن! نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ساقلىسۇن!**

**ئامىين!**

ھەزرىتى زۇلقەرنەين





# ھەزرىتى ياقۇپ ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام

مۇھەببەت ۋە ھەسرەت بىلەن كۆيۈپ، سەۋر بىلەن ئابدىلەشكەن

**ياقۇب ئەلەيھىسسالام**

ۋە بىر مەزگىل قۇللۇقتا، كېيىن زىنداندا مىڭبىر جاپا-مۇشەققەت تارتىپ ئاخىردا مىسىرغا ۋە كۆڭۈللەرگە سۇلتان بولغان

**يۈسۈف ئەلەيھىسسالام**

ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بولغان ياقۇب ئەلەيھىسسالام، كەنئان دىيارىدا ياشىغان ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭ مەديەن ياكى شامدا دۇنياغا كەلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھەزرىتى ياقۇب ئىيىس ئىسىملىك بىر قوشكېزەك قېرىندىشى بولۇپ ئىيسدىن كېيىن تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ئارقىدىن كەلگەن» مەنىدىكى ياقۇب دەپ ئاتالغان.

ياقۇبنىڭ يەنە بىر مەنىسى «ساففەتۇللاھ» (ئاللاھنىڭ ساپ ۋە پاك قىلغان قۇلى)دۇر. ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىمى «ئىسرائىل»دۇر. بۇ ئاللاھنىڭ قۇلى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر كەلگەن. ھەزرىتى مۇسا، ھەزرىتى ھارۇن، ھەزرىتى داۋۇد، ھەزرىتى سۇلەيمان، ھەزرىتى زەكەرىييا، ھەزرىتى يەھيا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەر نەسەب جەھەتتىن ياقۇب ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. چۈنكى دادىسى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام «نەسلىدىن ئەنبىيا ۋە پادىشاھلارنىڭ كېلىشى» ئۈچۈن دۇئا قىلغان.

ھەر نەبىيگە ئۆزىگە خاس بىر دۇئا بېرىلگەن بولۇپ، شۈبھىسىز قوبۇل بولىدۇ. باشقا پەيغەمبەرلەر ئۇنى دۇنيادا قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا قىيامەت كۈنىگە قالدۇرۇپ قويغان. ئۇنىڭ بىلەن ئۇمۇمى شاپائەت ئەمەللىيلىشىدۇ.

ئانىسى ياقۇب ئەلەيھىسسالامنى تاغىسىنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرغان. تاغىسىنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى لايا، كىچىكىنىڭ بولسا راھىل ئىدى. ياقۇب ئەلەيھىسسالام تاغىسىغا يەتتە يىل خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ چوڭ قىزى بىلەن نىكاھلانغان. يەنە يەتتە يىل تاغىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كىچىك قىزى راھىل بىلەن نىكاھلانغان. ياقۇب ئەلەيھىسسالام مەنسۇپ بولغان شەرىئەتتە ئىككى قىز بىر تۇققان بىلەن نىكاھلىنىش جائىز ئىدى.

تاغىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا قىزلىرىنى بەرگەندە، ئۇلارغا خىزمەتچى سۈپىتى بىلەن ھەر-بىرىگە بىردىن جارىيە بەرگەن بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى زۇلفە يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى بەلھە ئىدى. يەنى ئىككى جارىيە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلىندى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ لايادىن ئالتە، جارىيەلىرىدىن تۆت، راھىلدىن ئىككى ئوغلى دۇنياغا كەلدى. راھىل ئۇزۇن مۇددەت پەرزەنت كۆرمىگەچكە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلغان ۋە نەتىجىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلدى. كەيىندىن قېرىندىشى بۇنيامىننى تۇغۇپ، 40 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلدى ۋە ئىنسانلارنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭغا كەنئان دىيارىنىڭ ئاھالىسىدىن كۆپلىگەن كىشىلەر ئىمان ئېيتتى.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

وَهَبْنَا لَهُ إِسْحَقَ وَيَعْقُوبَ وَكُلًّا جَعَلْنَا نَبِيًّا وَوَهَبْنَا لَهُم مِّن
رَّحْمَتِنَا وَجَعَلْنَا لَهُمْ لِسَانَ صِدْقٍ عَلِيًّا

**"ئۇنىڭغا بىز ئىسھاق ۋە ياقۇبنى ئاتا قىلدۇق، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق. ئۇلارغا بىزنىڭ رەھمىتىمىزنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ نامىنى بەلەن ۋە يۇقىرى قىلدۇق."** (سۈرە مەريەم، 49-50-ئايەت)

وَاذْكُرْ عِبَادَنَا إبْرَاهِيمَ وَإِسْحَقَ وَيَعْقُوبَ أُوْلِي الْأَيْدِي وَالْأَبْصَارِ إِنَّا أَخْلَصْنَاهُم
بِخَالِصَةٍ ذِكْرَى الدَّارِ وَإِنَّهُمْ عِندَنَا لَمِنَ الْمُصْطَفَيْنَ الْأَخْيَارِ

**"ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇبنى ئەسلىگىن. ئۇلارنى بىز پاك - خىسلەتلىك، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سەمىمي كىشىلەر قىلدۇق. ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن ئالاھىدە تاللانغان كىشىلەردۇر، ھەقىقەتەن ياخشى كىشىلەردۇر."**
(سۈرە ساد، 45-47-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«كەرىم ئوغلى كەرىم ئوغلى كەرىم ئوغلى كەرىم! ئىبراھىم ئوغلى ئىسھاق ئوغلى ياقۇب ئوغلى يۇسۇفتۇر.» (بۇخارى، «ئەنبىيا»، 19، تەپسىر 12 / 1)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھەر جەھەتتىن قېرىنداشلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. كىچىكىدىن باشلاپلا دادىسىنىڭ سۆيگۈسىگە مۇيەسسەر بولدى. چۈنكى دادىسى ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىكى بەزى خۇسۇسىيەتلەرنى ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدا كۆرگەن ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا بولغان مەيلى باشقا ئەۋلادلىرىغا قارىغاندا ئارتۇق ئىدى. ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى.

كائىناتتىكى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ قەلبى مايىللىقى، ئىجابى ۋە سەلبى قابىلىيەتلىرىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن كىشلىك خاراكتېرى ئاساستۇر. بۇ سەۋەپتىن پۈتۈن مەۋجۇدات ئۆزىدىكى ئورتاق سۈپەتلەرنى كۆرسە ئۇنىڭغا مايىل بولىدۇ. بۇ ئۆزىنى غەيرىدە تېپىش ۋە كۆزىتىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. يەنى ئوخشاش جىنىستىن بولغانلار، بىر-بىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. قەيەردە سۆيگۈ-مۇھەببەت بولسا، بۇ سۆيگەننىڭ سۆيۈلگۈچىدە ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى تېپىشىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا جەلپ قىلىش، ھەۋىسىنى كەلتۈرۈش، يەنى ئۆزىگە تارتىش، جەلىپ قىلىش ئۈچۈن بۇ باراۋەرلىك ۋە ئوخشاشلىق شەرتتۇر. كاپىر، كاپىرنى، ئىرشاد ئىرشادقا ئەگەشكەن كىشىنى جەلىپ قىلىدۇ. بۇ بىر-بىرىنى ئۆزىگە تارتىش قانۇنى ماددى، مەنىۋى جەھەتتىن، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا ئېنىق ھۆكمىنى ئىجرا قىلىدۇ.

**ئەڭ گۈزەل قىسسە: يۇسۇف قىسسىسىدۇر**

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قىسسىسى، قۇرئان كەرىمدە قىسسىلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى دەپ سۈپەتلىنىپ، تولۇق بىر سۈرىدە بايان قىلىنغان.

بۇ قىسسە قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

لَّقَدْ كَانَ فِي يُوسُفَ وَإِخْوَتِهِ آيَاتٌ لِّلسَّائِلِينَ

**"يۇسۇفنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ (قىسسىسىدە) سورىغۇچىلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار."** (سۈرە يۇسۇف، 7-ئايەت)

يۇسۇف قىسسىسى بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغانىدەك، ئىبرەت ۋە ھېكمەتكە تولغان بىر قىسسىدۇر. يۇسۇف قىسسىسى ھېچبىر كىتاپتا ۋە ئەسەردە قۇرئان كەرىمدىكىدەك گۈزەل ۋە پاساھەتلىك بايان قىلىنمىدى.

يۇسۇف سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىنغانىدەك، بۇ سۈرىنىڭ غەيپ خەۋەرلەردىن ئىكەنلىكى، توقۇلما خەۋەرلەر ئەمەسلىكى ئەقلى ۋە نەقلى جەھەتتىن ئوچۇقتۇر.

ھەقىقەتەن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى، ھېكمەت ۋە ئىبرەت جەھەتتىن قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ جەلىپ قىلارلىق قىسسىلەردىن بىرىدۇر. مۇپەسسىرلەر بۇ قىسسىدىكى ئىبرەت بىلەن تولغان ۋەقەلەرنى مۇنداق خۇلاسىلايدۇ:

1. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام كىچىكىدىن تارتىپ خىلمۇ-خىل بالا ۋە مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلدى.

2. قېرىنداشلىرى ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلدى، ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام يەنىلا ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ، تىللارغا داستان بولغان ئەپۇچانلىق خاراكتېرىنى نامايەن قىلدى.

3. بۇ قىسسە پەيغەمبەرلەر، سالىھلەر، پەرىشتىلەر، شەيتانلار، ئىنسانلار، جىنلار، ھايۋانلار، ھۆكۈمدارلار، مەملىكەتلەر، تىجارەتچىلەر، ئالىملار، نادانلار، ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەر تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ.

4. بۇ قىسسە تەۋھىد، فىقھى، تارىخ، چۈش تەبىرى، سىياسەت، ئۆشرە، دىن ۋە دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. قىيىنچىلىق، بالا-قازا ۋە ئىمتىھان بىلەن تولغان ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئاخىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن چەكسىز سائادەت بايان قىلىنىدۇ.

ئەمىلىيەتتە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئوتتۇز ياشتا مىسىرغا ھۆكۈمدار بولدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن زۇلەيخا يېڭىدىن ياشلىق ۋە گۈزەللىكىگە قايتىپ ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلاندى.

ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسرىتىدىن كۆپ يىغلاپ ئەما بولۇپ قالغان كۆزلىرى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى.

ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئەۋلادى بۇنيامىنمۇ بىر قوساق تۇققىنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن دىدار كۆرۈشتى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىغان قېرىنداشلىرىنى ئەپۇ قىلدى. ئۇلارمۇ تەۋبە قىلىپ سالىھ كىشىلەردىن بولدى.

ياقۇب ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىلىسى كەنئان دىيارىدىن مىسرغا ھىجرەت قىلدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشى ئەمەلىيەتكە ئايلاندى.

مىسىر پادىشاسى رەييان بىن ۋەلىد دۆلەت ئىشلىرىنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

6. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام شۇ چاغقىچە ھېچكىم قىلمىغان ئەڭ گۈزەل دۇئانى قىلدى. (سۈرە يۇسۇف، 101 ـ ئايەت)

شۈبھىسىزكى، ئەڭ گۈزەل قىسسىلەر ھەقىقەتتە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەردۇر. بىر قىسسە ھەقىقى بولغان بىر ۋەقەلىكنىڭ ئەبەدى گۈزەللىكلەرگە دالالەت قىلغان بەدىئى تەسۋىرلەر ئارقىلىق تەسۋىرلىنىشى ۋە راۋان بايان قىلىنىشقا قاراپ گۈزەل بولىدۇ. چۈنكى ھەقىقى گۈزەللىك خىياللاردىن ئۇزاق ھالدا مۇتلەق گۈزەللىكتىن بىر مىسال ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

يۇسۇف قىسسىسى، مۇھەممەدى گۈزەللىككە تويۇنغان مۇكەممەل مەنىدە بولغان غەيبى ھەقىقەتتۇر. بولۇپمۇ بۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن «ئەھسەنۇل قىسسە» يەنى قىسسەلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى دەپ تەرىپلەندى.

ئۇبەي بىن كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قۇللىرىڭلارغا يۇسۇف سۈرىسىنى ئۆگىتىڭلار! چۈنكى بىر مۇسۇلمان ئۇنى يېزىپ ئائىلىسىگە ۋە قول ئاستىدىكى قۇللىرىغا ئۆگەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ سەكرىتىنى (جېنى چىقىش ئالدىدىكى مەسلىك ھالىنى ۋە قىيىنچىلىقىنى) ئاسانلاشتۇرىدۇ. ھېچبىر مۇسۇلمانغا ھەسەت قىلىشقىمۇ تاقەت قىلالمايدۇ.!» (زەمەخشەرى، «كەششاپ»، 98، 111)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىنىڭ ھەسەت قىلىشىغا، قۇدۇق ۋە زىندانغا تاشلىنىشتىن ئىبارەت كۈلپەتلەرگە ئۇچرىدى. مۇتتەقى بولغانلىقى ئۈچۈن جانابى ئاللاھ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ، تەسەللى قىلىپ، كۈلپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى بەردى. كېيىن كۈچ، ئىززەت، سەلتەنەت ئاتا قىلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن سەلتەنەتلىك يىللىرىدا ئاجىز، پېقىر ۋە مىسكىنلەرگە تېخىمۇ شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلدى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىمكى يۇسۇف سۈرىسىنى ئوقۇشنى ۋە ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر مەنالارنى تەپەككۇر قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئېرىشكەن نېسۋىلەرگە ئېرىشىدۇ. يۇسۇف قىسسىدا سان ـ ساناقسىز ھېكمەت ۋە ئىبرەتلەر بولۇپ، بۇ سۈرىدە، نەبۇۋۋەت، چۈش تەبىرى، پادىشاھلىق، باشقا مۇسىبەت كەلگەندە چىدامچان ۋە غەيرەتلىك بولۇش، تەڭپۇڭلۇقنى بۇزماسلىق، دۈشمەنىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىش، ھىجران، ئىشقى ـ مۇھەببەت، ئاياللارنىڭ ھىلە ـ مىكىرلىرى، ئىمتىھان، قۇللۇق، زىندانغا كىرىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش، ئەزىزلىك، ئامەت ـ تەلەي، يامانلىققا يامانلىق بىلەن قارشىلىق بېرىشكە كۈچى يەتكەن تۇرۇقلۇق ئەپۇ قىلىش، نېمەت، جەلپكارلىق، ئىشارەت، خوشخەۋەر، تەبىر ۋە تەپسىرگە ئوخشاش ھېكمەت ۋە ئىبرەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان سىرلار بار.

بۇ سۈرە، ئەنبىيا ۋارىسلىقى، ئاللاھقا خەلىپە بولۇشنىڭ سىرلىرى، روھ، قەلبكە ئوخشاش جىسمانىي ۋە روھىي كۈچلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. يۇسۇف ئالدىدا زۇلەيخا، نەپسى ئەممارەنى تەمسىل قىلىدۇ. زۇلەيخا مۇسۇلمان بولىدۇ، روھى تەربىيە كۆرۈپ رىزا مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە روھى يۇسۇف بىلەن بىر تۇققاندەك جەم بولىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكۈچە جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلار ئۇنى تاۋلايدۇ.

يۇسۇف سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى مۇنداق:

بىر كۈنى يەھۇدى ئالىملىرى، مۇشرىك رەئىسلىرىدىن:

«مۇھەممەدتىن سوراپ بېقىڭلار، ياقۇب ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى شامدىن مىسىرغا نېمە ئۈچۈن كۆچۈپ كەتتى ۋە يۇسۇف قىسسىسىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟»

شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلارنىڭ رەئىسلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى. نەتىجىدە يۇسۇف سۈرىسى نازىل بولدى. (ئالۇسى، تەپسىر، 12، 170)

بۇ سۈرە نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۆمىنلەرگە جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلار ئۈستى ـ ئۈستىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچە ئانىمىز ۋە تاغىسى ئەبۇ تالىپتىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. مۆمىنلەر ئۈستىدىكى بېسىم ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. «قايغۇ يىلى» دەپ ئاتالغان شۇنداق بىر زاماندا بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار

ئۇچۇن ئىلاھى بىر تەسەللى بولدى. چۈنكى بۇ سۈرىدە ئاللاھ يولىدا ماڭغان ۋە سەۋر قىلغانلار ئۇچۇن زەپەرنىڭ يېقىنلىقى بىلەن خوش خەۋەر بېرىلگەن.

يۇسۇف سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

الر تِلْكَ آيَاتُ الْكِتَابِ الْمُبِينِ إِنَّا أَنزَلْنَاهُ قُرْآنًا عَرَبِيًّا لَّعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ

**"ئەلىف، لام، را. بۇ روشەن كىتاب ئايەتلىرىدۇر. شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق.** (سۈرە يۇسۇف، 2-1-ئايەت)

ئايەتتە «ئەرەپچە قۇرئان» دەپ تەسۋىرلىنىشى، ئەرەپ تىلىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىم مەنا، ئىبارە ۋە سۆزلەرنىڭ تاللىنىشى جەھەتتە ئاللاھقا ئائىت بولغانلىقى ئۈچۈن مۇكەممەل ئىلاھى ئەسەردۇر. قۇرئان كەرىم قىيامەتكىچە مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئوخشىشى مەخلۇقات تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىلاھى مۆجىزىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمنى ئەرەپچە نازىل قىلىشى، بۇ تىلغا ئالاھىدە شەرەپ ئاتا قىلدى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەرەپچە نازىل قىلىنىشىنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى، ئەتراپتىكى ئىنسانلارنىڭ باھانىسىنى يوقۇتۇش. ئەلۋەتتە، ئىلاھى ۋەھيي ئىنسانلارنىڭ قوللانغان تىلى بىلەن كېلىشى كېرەك. چۈنكى ئالەمشۇمۇل ھەر ھەرىكەتنىڭ تۇنجى ئۇرىقى چوقۇم مەلۇم بىر يەردە ۋە بىر ئۇسۇلدا شەكىللىنىشى كېرەك.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

نَحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ أَحْسَنَ الْقَصَصِ بِمَا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ
هَذَا الْقُرْآنَ وَإِن كُنتَ مِن قَبْلِهِ لَمِنَ الْغَافِلِينَ

**"بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ."** (سۈرە يۇسۇف، 3-ئايەت)

بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىسسە شەكلىدە نازىل بولغان تۇنجى سۈرىدۇر. ئۇنىڭ تىلى ئىخچام ۋە چوڭقۇر مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ سۈرىدە ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن نۇرغۇن ھېكمەت ۋە ئىنچىكە نوقتىلار بار.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىقى ئىدى. ئۇ ئۈچ نەبىنىڭ نەسلىدىن يارىتىلىشتەك گۈزەل شەرەپكە ئىگە بولۇپلا قالماي يەنە نەبۇۋۋەت، گۈزەللىك، چۈش تەبىرى، پادىشاھلىق، قورغاقچىلىق، ئاپەت زامانلىرىدا خەلققە ۋە يېقىنلىرىغا شاپائەت قىلىشتەك ئۈستۈن قابىلىيەت بىلەن شەرەپلەندۈرۈلدى. بۇ نېمە دېگەن گۈزەل ۋە ئۇلۇغ بىر كەرەملىكتۇر! ئۇنىڭ دۇئاسىمۇ دۇئالارنىڭ ئەڭ گۈزىلى ئىدى.

... تَوَفَّنِي مُسْلِمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ

**"پەرۋەردىگارىم! مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 101-ئايەت)

بۇ دۇئاسى بىلەن ئۆلۈم ئارقىلىق ئاللاھقا يېتىشنى تۈنجى قېتىم يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئارزۇ قىلدى.

بۇ سۈرىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام كۆڭۈلنى، ياقۇب ئەلەيھىسسالام روھنى، راھىل (ئانىسى) جەسەتنى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون بىر قېرىندىشى نەفسانىيەتنى تەمسىل قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ بايانىدا بۇنىڭغا ئوخشاش تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە تەگداشسىز مەنىلەر بار. ئەلبەتتە، بولارنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن بەسىرەت (قەلب كۆزى) لازىم.

**ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ چۈشى**

قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

إِذْ قَالَ يُوسُفُ لِأَبِيهِ يَا أَبَتِ إِنِّي رَأَيْتُ أَحَدَ عَشَرَ كَوْكَبًا
وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ رَأَيْتُهُمْ لِي سَاجِدِينَ

**"ئۆز ۋاقتىدا يۇسۇف ئۆز ئاتىسىغا: «ئى ئاتا!مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە 11 يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 4-ئايەت)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ئون بىر يۇلتۇز قېرىنداشلىرى، قۇياش بولسا دادىسى ياقۇب ئەلەيھىسسالام، ئاي بولسا ھامىسى لايادۇر. چۈنكى ئانىسى ۋاپات بولغان ئىدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تۇققانلىرىنى يۇلتۇز سۈرىتىدە كۆرۈشىنىڭ ھېكمىتى، قېرىنداشلىقتا ئىنساننىڭ ھايات مۇساپىسىدە يول كۆرسەتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بولىشى ئۈچۈندۇر.

قۇياش ۋە ئاينىڭ يۇلتۇزلاردىن كېيىن زىكىر قىلىنىشى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ۋە ھاممىسى بىلەن بىر تۇققانلىرىدىن كېيىن دىدار كۆرشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يۇسۇف ئەلەيھىسسام بۇ چۈشنى كۆرگەندە يەتتە ياشتا ئىدى.

بىر يەھۇدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

«ئى مۇھەممەد! ماڭا ئېيت، يۇسۇف كۆرگەن يۇلتۇزلارنىڭ ئىسملىرى نېمە؟» دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يېتىپ كېلىپ، يۇلتۇزلارنىڭ ئىسملىرىنى ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىگە:

«ئەگەر ساڭا بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئىسملىرىنى ئېيتىپ بەرسەم ئىمان ئېيتامسەن؟» دەپ سورىدى.

يەھۇدى: «ھەئە» دەپ جاۋاپ بەردى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بولار: جەرەيان، تارىق، زەييال، قابىس، ئامۇدان، فەلىق، مىسباھ، داروھ، فەرا، ۋەساب، زەلكەفتەيندىن ئىبارەت. يۇسۇف چۈشىدە بۇ يۇلتۇزلارنىڭ، قۇياش ۋە ئاينىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردى.» دېدى. يەھۇدى:

«ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئېيتقانلىرىڭ توغرىدۇر!» (بۇرسەۋى، «روھۇل بايان»، 4، 212-213)

## چۈش ئۈچ قىسىمدۇر

1. ھادىسۇن نەفس: ئىنسان چۈشىدە ئۆز ئىشىنى، سەنئىتىنى ياكى ئاشىق-مەشۇقىنى كۆرىدۇ. بولار ئىنسان خىيالىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

2. شەيتاننىڭ قورقۇتۇشى: ئىنسان روھىنى ئازاپلاپ بىزار قىلغان قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى چۈش بولۇپ ئاساسى يوقتۇر.

3. ئاللاھدىن كەلگەن بىشارەت: چۈش پەيشتىسى كىشىگە ئۇمۇملكتاپتىن بىر نۇسخا كەلتۈرۈپ، لەۋھۇل مەھپۇزدىن بىر قىسىم ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ

چۈش توغرىدۇر. بولار «سادىق چۈش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بولاردىن باشقىلىرى قالايمىقان چۈشلەردۇر.

سادىق چۈش، لەۋھۇل مەھپۇزدىن كېلىچەكنى ئەكس ئەتتۈرگەن پارلاق بىر ئەينەكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«زامان يېقىنلاشقانسىرى مۆمىننىڭ چۈشى يالغان چىقمايدۇ. (كۆرگىنى ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ) مۆمىننىڭ سادىق چۈشى، نەبۇۋۋەتنىڭ قىرىق ئالتە پارچىسىدىن بىرىدۇر. نەبۇۋۋەتتىن بولغان ئىش ھېچ يالغان بولمايدۇ.» (بۇخارى، «تەبىر»، 26 ؛ مۇسلىم، «چۈش»، 6) دېگەن.

قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

قَالَ يَا بُنَيَّ لاَ تَقْصُصْ رُؤْيَاكَ عَلَى إِخْوَتِكَ فَيَكِيدُواْ لَكَ كَيْدًا

إِنَّ الشَّيْطَانَ لِلإِنسَانِ عَدُوٌّ مُّبِينٌ وَكَذَلِكَ يَجْتَبِيكَ رَبُّكَ وَيُعَلِّمُكَ مِن تَأْوِيلِ

الأَحَادِيثِ وَيُتِمُّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكَ وَعَلَى آلِ يَعْقُوبَ كَمَا أَتَمَّهَا عَلَى أَبَوَيْكَ مِن قَبْلُ

إِبْرَاهِيمَ وَإِسْحَقَ إِنَّ رَبَّكَ عَلِيمٌ حَكِيمٌ

**"ئاتىسى (يەنى ياقۇب ئەلەيھىسسالام): «ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ قالمىسۇن، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر» دېدى. شۇنىڭغا (يەنى ساڭا ئۇلۇغ چۈش كۆرسەتكىنىڭگە) ئوخشاش، پەرۋەردىگارىڭ سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ، ساڭا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرىدۇ، ئەجدادلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاقلارغا ئىلگىرى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى بەرگىنىدەك، ساڭىمۇ، ياقۇب ئەۋلادىغىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ (ئۆز مەرھەمىتىگە كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر."** (سۈرە يۇسۇف، 5-6-ئايەت)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئويغۇنۇپ چۈشىنى دادىسىغا سۆزلەپ بەرگىنىدە، دادىسى ئۇنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتە يۈكسەك شان-شەرەپ ۋە ماقامغا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدى. چۈشنى بىر تۇققانلىرىغا ئېيتماسلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. ئۇنداق بولمىغاندا قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنى قىزغىنىپ تۇزاق قۇرۇشىنىڭ مۇمكىن

ئىكەنلىكىنى ئىپتتى. دېمەك ھەسەت قىلماسلىق بىلەن بىرلىكتە ھەسەتكە قالماسلىق كېرەك.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئېھتىياجلىرىڭلارنى قولغا كەلتۈرۈشتە مەخپىيەتلىكتىن پايدىلىنىڭلار. چۈنكى ھەر نېمەت ئىگىسىگە ھەسەت قىلىنىدۇ.» (سۇيۇتى، «ئەل-جامىئۇسسەغىر»، 1، 34)

**كۆڭۈلنى ئۆلتۈرىدىغان ئوت: ھەسەت**

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن يەھۇدا، روبىل، شەمئۇن، دادىسىنىڭ يۇسۇفكە بولغان يېقىنلىقى ۋە ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ھېكمىتىگە يېتەلمەي ھەسەت قىلىپ:

إِذْ قَالُواْ لَيُوسُفُ وَأَخُوهُ أَحَبُّ إِلَى أَبِينَا مِنَّا وَنَحْنُ عُصْبَةٌ إِنَّ أَبَانَا لَفِي ضَلاَلٍ مُّبِينٍ اقْتُلُواْ يُوسُفَ أَوِ اطْرَحُوهُ أَرْضًا يَخْلُ لَكُمْ وَجْهُ أَبِيكُمْ وَتَكُونُواْ مِن بَعْدِهِ قَوْمًا صَالِحِينَ

**"ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يەنى بۇنيامىن) ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر، ھالبۇكى، بىز(كۈچلۈك) جامائەدۇرمىز، ئاتىمىز (نىڭ ئۇ ئىككىسىنى بىزدىن ئارتۇق كۆرۈشى) ئەلۋەتتە روشەن خاتادۇر» دېيىشتى (ئۇلار) «يۇسۇفنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ياكى ئۇنى يىراق بىر چەت جايغا تاشلىۋېتىڭلار، (شۇ چاغدا) ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتى سىلەرگە قالىدۇ، بۇ(گۇناھ)تىن كېيىن (تەۋبە قىلىپ) ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىسىلەر» دېيىشتى."** (يۇسۇف، 8-9-ئايەت)

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدىن كېيىن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىككە ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى ئاشتى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن قېرىنداشلىرىنىڭ ھەسەتلىرى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ھەسەت يۇسۇفكە تۇزاق قۇرۇشقا سەۋەپ بولدى. يەنى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتى ئاشقانسېرى قېرىنداشلىرىنىڭ دۈشمەنلىكى كۈچىيىپ باردى. چۈنكى جانابى ئاللاھ «جامىئۇل ئەزدات» يەنى زىت سۈپەتلەرنى ئۆزىدە بىرلەشتۈرگۈچىدۇر. ئۇنىڭ «ئەررەقىيب» يەنى داۋاملىق نازارەت ئاستىدا تۇتقان ۋە دائىما ئۈستۈن بولغان مەنىدە بىر ئىسمى

ئىلاھىسى بار. ھەددىدىن زىيادە مۇھەببەت ھىجران كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت شېرىك قوبۇل قىلمايدۇ.

ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغلى يۇسۇفنىڭ پېشانىسىدىكى نەبۇۋۋەت نۇرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇھەببىتى يۇسۇفنىڭ باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ ھەسىتىنى قوزغىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ ھەسەت يۇسۇف ئۈچۈن قەبىھ پىلانلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە سەۋەپچى بولدى.

ئايەتتىن ئىبرەت ئېلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم نوقتا، سۆيگۈنىڭ ھەسەتكە سەۋەپ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۆڭۈلدە مەخپى تۇتۇشىنىڭ لازىملىقىدۇر. سۆيگۈ-مۇھەببەت مەخپى ۋە قەلبتە بولىشى كېرەك.

قەلب ئاللاھ يولىغا مەيىل قىلىنماي زىكىر بىلەن پاكلانمىسا، قارىداپ يامانلىقلارغا ئۈندەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

... أَلاَ بِذِكْرِ اللّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ

**"...بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ."** (سۈرە رەئد، 2-8-ئايەت)

زىكىر، ئاللاھنى ئىدراك قىلىشنىڭ قەلبتە شۇئۇر ھالىغا كېلىشىدۇر. ھەقىقى زىكىر سايىسىدە قەلب يامانلىقلاردىن قۇتۇلىدۇ. قەلب بەيتۇللاھتۇر ۋە مۇھەببەتۇللاھنىڭ ماكانىدۇر. ئەگەر بۇ يەردە زىكىر بولمىسا، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن نەپسىنىڭ ئارزۇلىرىغا رام بولۇپ قارىدايدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆلىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«بىر ئىنساننىڭ قەلبىدە ئىمان بىلەن ھەسەت بىر يەردە تۇرمايدۇ» (مۇسلىم، «ئىمارەت»، 130-131 / 1891) باشقا بىر رىۋايەتتە ھەسەتخورلارنىڭ ھېسابقا تارتىلماستىن جەھەننەم ئوتىغا تاشلىنىدىغانلار قاتارىغا كىرىدىغانلىقى ئېيتىلغان.

ھاكاۋۇرلۇق، ھاۋايى-ھەۋەس، ھەسەت بارلىق گۇناھلارنىڭ مەنبەسىدۇر. ھەدىس شەرىپتە ھەسەتنىڭ يامانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۈچ نەرسە باردۇركى، پۈتۈن گۇناھلارنىڭ مەنبەسىدۇر. بولاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار!:

1. ھاكاۋۇرلۇق: ئىبلىسنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتىن توسقان نەرسە ھاكاۋۇرلۇق ئىدى.

2. ھاۋايى ھەۋەس: ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جەننەتتىكى مەنئى قىلىنغان مېۋىدىن يېيىشكە سەۋەبچى بولغان ئامىل ھاۋايى ھەۋەستۇر.

3. ھەسەت: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلىدىن (قابىلنىڭ)، قېرىندىشى (ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشكە سەۋەپ بولغان نەرسە پەقەت ھەسەتتۇر.»
(سۇيۇتى، «ئەل جامىئۇسسەغىر»، 1، 101)

ھەسەت قىلغان كىشى ئىلاھى تەقدىرگە ئېتىراز قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ھەسەت، ئاللاھنىڭ باشقىسىغا بەرگەن نېمەتنىڭ ئۆزىگە بېرىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇ كىشىنىڭ نېمەتتىن مەھرۇم قىلىنىشىنى خالاشتۇر. ئەمما ھەسەت قىلماستىن «مېنىڭمۇ شۇنداق بولسىكەن» دەپ ئۈمىد قىلىش بولسا ھەسەتكە كىرمەيدۇ. چۈنكى ئۈمىد قىلىشتا ماددى ياكى مەنىۋى نېمەتنىڭ ھەم ئۆزىدە ھەم باشقىسىدا بولىشىنى ئارزۇ قىلىش ئاساستۇر. بۇ سەۋەپتىن ئىسلامدا ئۈمىد قىلىش مەدھىيىلەنگەن بولۇپ، ھەسەت مەنئى قىلىنغان.

ھەسەتنىڭ پەقەتلا ھەسەت قىلغان كىشىگە زىيىنى بار. بۇ خۇددى باشقىسىغا ئاتقان تاشنىڭ قايتىپ كېلىپ، ئاتقان كىشىنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكىنىگە ئوخشايدۇ. ھەسەتنىڭ غەزەپ-نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكتىن باشقا نەتىجىسى يوق بولۇپ، ئاخىرىدا كىشىنى رەزىل-رەسۋا قىلىدۇ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن قىلغان يامانلىقى ئاخىرىدا ئۆزىگە قايتتى.

جانابى ئاللاھ شۇ ئايەت ئارقىلىق مۆمىنلەرنى ھەسەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ:

أَمْ يَحْسُدُونَ النَّاسَ عَلَى مَا آتَاهُمُ اللّٰهُ مِن فَضْلِهِ

**"ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟"**
(سۈرە نىسا، 54-ئايەت)

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ھەسەت قىلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار. چۈنكى ھەسەت ئوتنىڭ ئوتۇننى كۆيدۈرۈپ تۈگەتكىنىدەك، ياخشىلىقلارنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىدۇ.» (ئەبۇ داۋۇت، «ئەدەپ»، 44 / 4903؛ ئىبنى ماجە، «زۇھد»، 22)

ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇفكە بولغان زىيادە مۇھەببىتى ئىلاھى سۆيگۈگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بىر مۇسىبەت بېرىشنى ئىرادە قىلىپ، يۇسۇفنى دادىسىدىن ئايرىدى. چۈنكى پەرزەنت بەزى ۋاقىتلاردا ئاتا

ئۇچۇن چوڭ ئىمتىهاندۇر. مەسىلەن، نۇھ ئەلەيھىسسالام كاپىرلارنىڭ هالاك بولىشى ئۇچۇن بەددۇئا قىلغان بولسىمۇ، مۇشرىك بولغان ئوغلىنىڭ سۇدا غەرق بولغىنىنى كۆرۈپ، سەۋر قىلالماي:

رَبِّ إِنَّ ابُنِي مِنْ أَهْلِي

**«پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)"** (سۈرە ھۇد، 45-ئايەت) دېدى.
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ نىداسىغا جانابى ئاللاھ مۇنداق جاۋاب بەردى:

قَالَ يَا نُوحُ إِنَّهُ لَيْسَ مِنْ أَهْلِكَ إِنَّهُ عَمَلٌ غَيْرُ صَالِحٍ

**"ئاللاھ ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر."** (سۈرە ھۇد، 46-ئايەت)

**قەبىھ پىلان**

قېرىنداشلىرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا قارشى تىل بىرىكتۈردى:

قَالَ قَآئِلٌ مَّنْهُمْ لاَ تَقْتُلُواْ يُوسُفَ وَأَلْقُوهُ فِي
غَيَابَةِ الْجُبِّ يَلْتَقِطْهُ بَعْضُ السَّيَّارَةِ إِن كُنتُمْ فَاعِلِينَ

**"ئۇلاردىن بىرى سۆز قىلىپ: «يۈسۈفنى ئۆلتۈرمەڭلار، (ئەگەر ئۇنى ئاتىسىدىن يىراق قىلماقچى بولساڭلار، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىڭلار، ئۇنى يولدىن ئۆتكەن كارۋان ئېلىۋالسۇن» دېدى."** (سۈرە يۈسۈف، 10-ئايەت)

بۇ تەكلىپنى بەرگەن يەهودا بولۇپ، قېرىنداشلىرىغا قوبۇل قىلدۇردى. بۇ قېرىنداشلارنىڭ ئەھۋالى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شەپقەتلىكراقىمۇ ھەسەتخورلۇقىدىن يۈسۈفنىڭ قۇدۇققا تاشلىنىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، دوست نىقابىغا ئورنىۋالغان يوشۇرۇن دۈشمەنلەر مەۋجۇت، ئۇلاردىن ئامال بار ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

ھەقىقى ئىستىقامەت ئىگىلىرى (توغرا يولدا بولغانلار) قەلبى تىرىك بولغان كىشىلەردۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە، زىكرىدىن يىراق قالغان قەلب نەپسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغاچقا شەھۋەت ئوتى بىلەن قىزىپ تاشتەك بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئەزالىرى ئىبادەت قىلالماس ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال داۋاملاشسا قەلب قۇرۇق

ئۇتۇن پارچىسىدەك ئوتتا كۆيۈشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ. بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاللاھقا سېغىنىمىز.
جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

فَوَيْلٌ لِّلْقَاسِيَةِ قُلُوبُهُم مِّن ذِكْرِ اللَّهِ أُوْلَئِكَ فِي ضَلَالٍ مُبِينٍ

**"ئاللاھنىڭ زىكرىنى تەرك ئەتكەنلىكتىن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرگە ۋاي! ئەنە شۇلار روشەن گۇمراھلىقتىدۇر."** (سۈرە زۇمەر، 22-ئايەت)
نەتىجىدە يۈسۈفنىڭ قېرىنداشلىرى شۇم پىلانى بويىچە دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

قَالُواْ يَا أَبَانَا مَا لَكَ لاَ تَأْمَنَّا عَلَى يُوسُفَ
وَإِنَّا لَهُ لَنَاصِحُونَ أَرْسِلْهُ مَعَنَا غَدًا يَرْتَعْ وَيَلْعَبْ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ

**"ئۇلار ئېيتتى: «ئى ئاتىمىز! نېمىشقا يۈسۈف توغرىسىدا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياخشى نىيەتتىمىز﴿ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ ئىچىپ، ئويناپ كۆڭلۈپ كىرسۇن، ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز»."** (سۈرە يۈسۈف،11-12-ئايەت)

**بالا-قازا ئېغىزدىن چىققان سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر**

قَالَ إِنِّي لَيَحْزُنُنِي أَن تَذْهَبُواْ بِهِ وَأَخَافُ أَن يَأْكُلَهُ الذِّئْبُ وَأَنتُمْ عَنْهُ غَافِلُونَ

**"ياقۇب: «ئۇنى (يەنى يۈسۈفنى) ئېلىپ كەتسەڭلار راستلا خاتىرجەم بولالمايمەن، سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن» دېدى."** (سۈرە يۈسۈف 13-ئايەت)
رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ياقۇب ئەلەيھىسسالام بىر چۈش كۆردى. ئۆزى بىر تاغنىڭ بېشىدا، ئوغلى يۈسۈف سەھرادا ئىدى. تۇشتۇمتۇت ئون بۆرە پەيدا بولۇپ يۈسۈفكە ھۇجۇم قىلدى. يۈسۈف يوقاپ كەتتى. ياقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ سەۋەپتىن ئوغۇللىرىغا «ئۇنى بۆرە يەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن!» دەپ ئەندىشىسىنى بايان قىلدى. بۇ چۈش قېرىنداشلىرىنىڭ يۈسۈفكە زىيانكەشلىك قىلىش توغرىسىدا قانداق ئۇسۇل قوللىنىلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەردى.
بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

«بالا-قازا ئېغىزدىن چىققان سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.» (سۇيۇتى، «ئەل جامىئۇسسەغىر»، 1، 110)

«نەپسىم ماڭا شۇنداق بىر سۆزلەرنى دەيدۇكى، ئۇلارنى دەيدىغان بولسام، دېگەنلىرىمگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن.» (بۇرسەۋى، «روھۇل بەيان»، 4، 222)

ئىنسان ئۆزىگە زىيان يېتىدىغان ئىشلاردا دۈشمەنلىرىگە يىپ ئۇچى بەرمەسلىكى كېرەك.

يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇ زامانغىچە مۇنداق بىر پىلان تۈزۈپ باقمىغان ئىدى، ئۇلار دادىسى بەرگەن يىپ ئۇچى بىلەن مەخپىي پىلان تۈزدى.

تىلى كېسىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىبنۇس سىككىت مۇنداق دەيدۇ:

«ئېغىز خاتالىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت پۇتتىن كەلگەن زىياندىن چوڭراق بولىشى مۇمكىن. چۈنكى ئىنساننىڭ پۇتى تېيىلىپ كېتىپ پەيدا بولغان يارا زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ياخشىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما ئېغىزدىن چىققان سۆز ئىنساننىڭ بېشىغا چىقىشى مۇمكىن.»

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام چۈشىدە بىشارەت بېرىلگەن بولسىمۇ، ئاجىزلىق بىلەن يۇسۇفنى قېرىنداشلىرىغا تاپشۇردى. شۇ ئىپادە بۇ ئەھۋالنى تولىمۇ گۈزەل چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

**«قازا ۋە قەدەر كەلگەندە، بەسىرەت كۆرمەس بولىدۇ!»** (تەقدىردىن ھېچنەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ)

«شۇ خاتالىقنى قەتئىي قىلمايمەن!» دېگەن بىر قۇل، شەيتانغا بىر ئىشىك ئېچىپ قويىدۇ، شەيتان ھەرۋاقىت ئۇنى ئازدۇرۇپ ئۇنىڭغا ھېچ قىلمايمەن دېگەن ئىشنى قىلغۇزغىچە ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدۇ. (سۇيۇتى، «ئەل جامىئۇس سەغىر»، 1، 110)

بۇ سەۋەپتىن ئىنسان چوڭ سۆزلىمەسلىكى ۋە دائىم ئاللاھقا سېغىنىپ تۇرۇشى كېرەك.

يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى دادىسى ۋە قېرىنداشلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىدى. شۇڭا ھىيلە-مىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دادىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن ئاسان ئۆتۈپ كەتتى.

قَالُواْ لَئِنْ أَكَلَهُ الذِّئْبُ وَنَحْنُ عُصْبَةٌ إِنَّا إِذًا لَّخَاسِرُونَ

**"ئۇلار: «بىز(كۇچلۇك) بىر جامائە تۇرۇقلۇق، ئۇنى بۆرىگە يېگۈزۈپ قويساق، ئۇ چاغدا بىز ئەلۋەتتە ـ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى.**
(سۈرە يۇسۇف، 14ـ ئايەت)

**قېرىنداشلىرىنىڭ خىيانىتى**

فَلَمَّا ذَهَبُواْ بِهِ وَأَجْمَعُواْ أَن يَجْعَلُوهُ فِي غَيَابَةِ الْجُبِّ
وَأَوْحَيْنَآ إِلَيْهِ لَتُنَبِّئَنَّهُم بِأَمْرِهِمْ هَذَا وَهُمْ لاَ يَشْعُرُونَ

**"ئۇلار يۇسۇفنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇنى قۇدۇققا تاشلاشنى بىردەك قارار قىلىشقان چاغدا، بىز يۇسۇفكە: «كەلگۈسىدە ئۇلارغا بۇ ئىشنى (سېنىڭ يۇسۇف ئىكەنلىكىڭنى) ئۇلار ئۇقمايدىغان پەيتتە ئېيتقىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق."** (سۈرە يۇسۇف، 15ـ ئايەت)

ئايەتتە بايان قىلىنغان «يۇسۇفكە ۋەھيى قىلدۇق» دېگەن سۆزگە ئاساسلىنىپ، مۇپەسسىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا شۇ چاغدا پەيغەمبەرلىك بېرىلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىنىڭ قېرىندىشى يۇسۇفنى سەھراغا ئېلىپ بېرىش ھەققىدە چىڭ تۇرىۋېلىشى ۋە يۇسۇفنىڭمۇ بۇنى ئارزۇ قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن رۇخسەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قېرىنداشلىرى دادىسنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن كۆزدىن غايىپ بولغىچە يۇسۇفنى مۈرىلىرىدە كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. دادىسى كۆزدىن غايىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەدىسىنى بۇزۇپ يۇسۇفنى غەزەپ بىلەن يەرگە تاشلاپ، مۇنداق دېدى:

«ۋاي يالغانچى چۈش ئىگىسى! ساڭا سەجدە قىلغان يۇلتۇزلار نەدە؟ كېلىپ سېنى بىزدىن قۇتۇلدۇرسۇن!»

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۇردى. يۇسۇف قايسى قېرىندىشىغا يالۋۇرسا تېخىمۇ قاتتىق ئازار يېدى. يۇسۇف ئاخىرى يىغلاشقا باشلاپ:

«ئى دادا! ئۇلار ۋەدىسىنى، سېنىڭ نەسىھىتىڭنى شۇ قەدەر تېز ئۇنۇتتىكى، قىلغانلىرىنى بىر كۆرسەڭ! ئوغلۇڭغا قىلىنغان قىين ـ قىستاقلار بىر قۇلغىمۇ راۋا ئەمەس!» دېدى.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، روبىل يۇسۇفنى كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىدى. كېيىن مەيدىسىگە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. قېرىندىشى لەۋىمۇ بويىنىنى

سۇندۇرۇشنى ئېيتتى. يۇسۇف قېرىنداشلىرىنىڭ مېھرىبانىراقى بولغان يەھۇداغا يالۋۇرۇپ:

«ئى يەھۇدا! ئاللاھدىن قورق، ئۇلارنى مېنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقىن!» بۇنىڭ بىلەن قېرىندىشىغا ئىچى ئاغرىغان يەھۇدا:

«ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار! بۇ ھەقتە ماڭا ۋەدە بەرمىگەن ئەمەسمىدىڭلار؟ دېدى. قېرىنداشلىرى:

«شۇنداق» دەپ جاۋاپ بەردى.

بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەھۇدا:

«ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ياخشىراقىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇنى قۇدۇققا تاشلاڭلار!» دېدى.

**ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ قۇدۇققا تاشلىنىشى**

باشقا قېرىنداشلىرىمۇ يەھۇدانىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ ھەممەيلەن بىرلىكتە ئۇنى قۇدۇققا تاشلاشقا قارار قىلدى.

بۇ قۇدۇق ئىئوردانىيە ئەتراپىدا بولۇپ، ئاد قەۋمىنىڭ زالىم ھۆكۈمدارلىرىدىن شەدداد، ئۇنى ئىئوردانىيىنى قۇرغان ۋاقىتتا كولاتقان. قۇدۇقنىڭ ئاغزى تار، ئىچى كەڭ ئىدى.

يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرى قۇدۇقنىڭ بېشىغا كەلدى. يۇسۇف، قېرىنداشلىرىنىڭ پەشلىرىگە ئېسىلىپ يىغلىدى. ئاكىلىرى ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي يەنىلا يۇسۇفنى قۇدۇققا تاشلىدى ۋە بىر يەرلەرگە يېپىشۋالمىسۇن دەپ قولىنى باغلاپ يالىڭاچلىدى. دادىسىنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن بىر قوي سويۇپ قانىنى كۆڭلىكىگە سۈركىدى.

يۇسۇف كۆڭلىكىنى سالدۇرغان قېرىنداشلىرىغا:

«قېرىنداشلىرىم! كۆڭلىكىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۆلۈپ كەتسەم ماڭا كېپەن بولسۇن!» دېگەن بولسىمۇ ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمىدى.

نىھايەت، يۇسۇفنى قۇدۇقنىڭ يېرىمىغىچە ساڭگىلاتقاندىن كېيىن، چۈشۈپ ئۆلسۇن دەپ ئارغامچىنى كېسىۋەتتى. قۇدۇقتا سۇ بار ئىدى. يۇسۇف قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: «بەلكىم قېرىنداشلىرىم مەرھەمەتكە كېلىپ مېنى بۇ يەردىن قۇتۇلدۇرار» دېگەن ئۈمىد بىلەن نىدا قىلدى. لېكىن قېرىنداشلىرى «ئۆلمەپتۇ» دېيىشىپ تاش ئېتىشقا ئۇرۇندى. ئەمما ئۇلارنى يەھۇدا توسۇپ قالدى.

قېرىنداشلىرى، يۇسۇفنى قۇدۇققا تاشلىغان ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا جىبرىئىلگە نىدا قىلىپ:

«قولۇمنى قۇتقاز» دېدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام دەرھال بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈپ، يۇسۇفنى تۇتۇپ، بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭغا جەننەت يېمەكلىرىدىن يېگۈزۈپ ئىچۈردى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنى كەيدۈردى.

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ:

«يۇسۇف قۇدۇققا تاشلانغاندا ئون ئىككى ياشتا ئىدى. دادىسى ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن قىرىق يىلدىن كېيىن دىدار كۆرۈشتى.»

قۇدۇق ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولۇپ ئىچىدە يىلانلار، چايانلار ۋە باشقا ھاشارەتلەر بار ئىدى. بولارنىڭ ھەممىسىگە سىرتقا چىقماسلىق ھەققىدە ئەمىر بېرىلدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قۇدۇققا تاشلانغان چاغدا ئاللاھ تائالاغا مۇنداق ئىلتىجا قىلدى:

«ئى غائىب بولمىغان شاھىد! ئى يىراق بولمىغان يېقىن! ئى مەغلۇپ بولمىغان غالىپ! مەن ئىچىدە بولغان بۇ قىيىنچىلىقلاردىن مېنى راھەتلىككە چىقار! ماڭا بىر قۇتۇلۇش ئىشكى ئاچ!»

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قۇدۇقتا ئۈچ كۈن قالغان. بىر سائەت قالغان دېگەن رىۋايەتمۇ بار.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قۇدۇقتا يۇسۇفكە شۇ دۇئانى ئۆگەتتى:

«ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتكەن! ھەر دۇئانى قوبۇل قىلغان؛ ھەر تۈرلۈك سۇنۇقلارنى ئاڭغۇچى، ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ئاسانلاشتۇرغۇچى، ھەر يوقسۇلنىڭ ئىگىسى ۋە ھەر يالغۇزنىڭ سىردىشى بولغان ئاللاھىم! ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان رەببىم! سېنى نوقسانسىز دەپ بىلىمەن! ئىچىدە قالغان شۇ قىيىنچىلىقتىن بىر راھەتلىك، بۇ بالادىن بىر قۇتۇلۇش ئىشكى ئېچىشىڭنى سەندىن تىلەيمەن! ئى رەببىم! سۆيگۈڭنى قەلبىمگە شۇنداق يەرلەشتۈركى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچ بىر ئەندىشەم قالمىسۇن، ئۇ يەردە سەندىن غەيرىنىڭ زىكرى بولمىسۇن. ئى رەببىم مېنى مۇھاپىزەت قىلغىن! يا ئەرھەمەرراھىمىن!»

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قۇدۇققا تاشلىنىش بىلەن ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا باشلىدى.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاللاھ تائالادىن بۇ گۈزەل ئاۋازنى ئىڭشاش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە: سىلەر بۇرۇن:

أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ

**"يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز دېدى."** (سۈرە بەقەرە، 30-ئايەت) دېمىگەنمىدىڭلار؟ دەپ پەرىشتىلەرگە بىر زامانلاردا دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەتكەندىن كېيىن ئۇلارغا رۇخسەت قىلدى.

روھ ۋە قەلب ئىلاھى ئالەمگە مايىل بولىدۇ. نەپسكە ئائىت بولغان قۇۋۋەت ۋە ھېسلەر ھايۋانىيەت ئالىمىگە مايىل بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلسە، نەپسى روھقا ھاكىم بولىدۇ، بۇ پاسىقلارنىڭ ئەھۋالىدۇر.

ئەگەر قەلب زىكىر ئارقىلىق گۈزەل ئەخلاققا ئېرىشسە، غالىبىيەت روھ ۋە قەلبكە مەنسۇپ بولىدۇ. نەپس، بەدەن ۋە روھ قەلبكە ئەگىشىدۇ. بۇ سەئىدلەرنىڭ يەنى بەختىيار كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدۇر.

ئەنبىيا، ئەۋلىيالار ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھى ۋە ئىلھام بىلەن ھىمايە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىپ، بۇ ئىمتىھانلارنى جانابى ئاللاھقا يېقىنلىششقا ۋەسىلە دەپ بىلىدۇ.

جانابى ئاللاھ ياقۇپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا، جاپا-مۇشەققەت، ھەسرەت چەكىشمۇ سەۋر قىلىپ ئاللاھقا يېقىنلىشىپ، ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىشى، دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشى ۋە پۈتۈن پانى (ۋاقىتلىق) ئالاقىلاردىن قۇتۇلۇپ، ئۈستۈن مەرتىۋىلەرگە يېتىشى ئۈچۈن ئېغىر قايغۇ-ھەسرەت تەقدىر قىلدى. چۈنكى بەزى مەرتىۋىلەرگە پەقەت جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ.

ئەمىلىيەتتە ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ ئون ئىككى يىل زىنداندا يېتىشىنىڭ بىر ھېكمىتى، تەنھالىق، پەرھىز، مۇشەققەت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزۈش ئىدى. يۇسۇف دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان بولسا بەلكى بولارنىڭ ھەقىقىتىگە مۇيەسسەر بولمىغان بولاتتى. مانا بۇ ھېكمەت سەۋەبىدىن نەبىلەر مەلۇم مەزگىل ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ غېرىپ ياشىغان.

يۇسۇفنى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن قېرىنداشلىرى ئۆيگە قايتىپ يالغاندىن يىغلىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى. قۇرئاندا بۇ مەنزىرە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَجَاؤُواْ أَبَاهُمْ عِشَاء يَبْكُونَ قَالُواْ يَا أَبَانَا إِنَّا ذَهَبْنَا نَسْتَبِقُ وَتَرَكْنَا يُوسُفَ عِندَ مَتَاعِنَا فَأَكَلَهُ الذِّئْبُ وَمَا أَنتَ بِمُؤْمِنٍ لِّنَا وَلَوْ كُنَّا صَادِقِينَ

**"ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى. ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! يۇسۇفنى نەرسىلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قېلىپتۇق، ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، راست گەپ قىلساقمۇ سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن دېيىشتى."** (سۈرە يۇسۇف، 16 - 17 - ئايەت)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، يولدىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان بىر ئايال يىغلىغان ھالدا قازى شۇرەيھنىڭ يېنىغا ئەرز قىلىپ كەلدى. بۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ يېنىدا بولغان شەئبى مۇنداق دېدى:

«ئى ئەبا ئۇمەييە! بۇ ئايالنى گۇناھسىز دەپ ئويلايمەن. قانداق يىغلاۋاتقانلىقنى كۆرمىدىڭمۇ!»

بۇنىڭ بىلەن قازى شۇرەيھ مۇنداق جاۋاب بەردى:

«ئى شەئبى! يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرىمۇ ئۇكىسىغا زىيانكەشلىك قىلىپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدى. بۇ كۆز-ياشلارغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىش توغرا ئەمەس! لېكىن مەيدانغا كەلگەن ۋەقەنىڭ ھەقىقىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش كېرەك.»

ھەقىقەتەن يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى ساختا كۆز يېشى تۆكۈپ:

وَجَآؤُوا عَلَى قَمِيصِهِ بِدَمٍ كَذِبٍ قَالَ بَلْ سَوَّلَتْ لَكُمْ أَنفُسُكُمْ أَمْرًا فَصَبْرٌ جَمِيلٌ وَاللّهُ الْمُسْتَعَانُ عَلَى مَا تَصِفُونَ

**"ئۇلار يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى يالغاندىن قانغا بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. ياقۇپ: «بۇ ئىشنى نەپسىڭلار سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قىلغۇزۇپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋرە قىلىمەن، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە ئاللاھ مەدەتكاردۇر دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 18 - ئايەت)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشچە، يۈسۈفنىڭ قانغا بويالغان كۆڭلىكى ياقۇب ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كېلىنگەندە، دادىسى ئۇنى يۈزىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ:

«بۇ كۆڭگىچە مۇنداق يۇمشاق خۇيلۇق بىر بۆرە كۆرمىدىم! ئوغلۇمنى يەپ، ئۈچىسىدىكى كۆڭلىكىنى يىرتماپتۇ!» دېدى.

**سەبرى جەمىل**

ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن تۆككەن كۆز ياشلىرى تىللارغا داستان بولدى. بۇنى يۇنۇس ئەمرە مۇنداق قەلەمگە ئالدى:

مەن بىر ياقۇب ئىدىم ئۆز ھالىمدە،
ئاللاھنىڭ ئىسمى بار ئىدى تىلىمدە،
يوقۇتۇپ قويدۇم يۇسۇفنى كەنئان دىيارىدا،
يىغلار ياقۇب يىغلار يۇسۇف دەردىدە،
يۇسۇفىم مېنىڭ كۆتۈرۈپ ئال قان ئەتتى،
بۆرىلەر يىدى دەپ بۆھتان ئەتتى
يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى بىلمىدىم نېمە قىلدى،
يىغلار ياقۇب، يىغلار يۇسۇف دەردىدە.

كۆز يېشى تۆككەن ياقۇب ئەلەيھىسسالامغا سەۋر قىلىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ھېچكىمگە ئەھۋالىدىن شىكايەت قىلماي سەۋر قىلدى:

قَالَ إِنَّمَا أَشْكُو بَثِّي وَحُزْنِي إِلَى اللهِ

**"ياقۇب ئېيتتى: «مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى پەقەت ئاللاھقىلا ئېيتىمەن."**

(سۈرە يۇسۇف، 86 ـ ئايەت) دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق سورىدى:

ـ ياقۇبنىڭ يۇسۇفكە بولغان ھىجرانى قايسى دەرىجىگە يەتتى؟

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن يەتمىش ئانىنىڭ ھىجرانىغا جاۋابىنى بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ساۋابى قانچىلىك؟ دەپ سورىدى.

ئۇ :

«يۈز شەھىد ساۋابىدۇر. چۈنكى ئۇ، ئاللاھقا ھېچ يامان خىيالدا بولۇپ باقمىدى.» دېدى. (سۇيۇتى، «ئەد ـ دۇررۇل ـ مەنسۇر»، 4، 570)

مانا بۇنداق سەۋر «**گۈزەل سەۋر**»دۇر.

گۈزەل سەۋر باشقا كەلگەن بالا، مۇسىبەتلەرنى ھېچكىمگە شىكايەت قىلماي، پەرياتسىز، شىكايەتسىز، چىدام ۋە غەيرەت بىلەن قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت.

**ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ قۇدۇقتىن چىقىرىلىپ سېتىلىشى**

ئاتىسى ئوغلىنىڭ ھەسرىتىگە سەۋر قىلىپ ياشاۋاتقان ۋاقىتتا ھەزرىتى يۇسۇفمۇ قۇدۇقتا شۇنداق تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيەت بىلەن ياشاۋاتاتتى. بۇ ئەسنادا:

وَجَاءَتْ سَيَّارَةٌ فَأَرْسَلُواْ وَارِدَهُمْ فَأَدْلَى دَلْوَهُ قَالَ يَا بُشْرَى هَذَا غُلاَمٌ وَأَسَرُّوهُ بِضَاعَةً وَاللّهُ عَلِيمٌ بِمَا يَعْمَلُونَ وَشَرَوْهُ بِثَمَنٍ بَخْسٍ دَرَاهِمَ مَعْدُودَةٍ وَكَانُواْ فِيهِ مِنَ الزَّاهِدِينَ

**"بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتتى، ئۇلار سۇچىسىنى (سۇ ئېلىپ كېلىشكە) ئەۋەتتى، ئۇ سوغىسىنى قۇدۇققا تاشلىدى ۋە: «خۇشخەۋەر! مانا بىر ئوغۇل بالا» دېدى. ئۇلار ئۇنى تىجارەت مېلى سۈپىتىدە مەخپىي تۇتۇشتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ئۇلار يۇسۇفنى ساناقلىق بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى، چۈنكى ئۇلار يۇسۇفكە قىزىقمىغان ئىدى."** (سۈرە يۇسۇف، 19-20-ئايەت)

يۇسۇفنى ساتقانلار ئۇنىڭ كۆزنى قاماشتۇرغىدەك گۈزەللىكىگە قارىماستىن، ئۇنى ئەرزىمەس باھادا ساتتى. چۈنكى ئۇلار ئىگىسى چىقىپ قالسا بىزدىن ئېلىۋېلىشى مۇمكىن دەپ، ئەندىشە قىلىپ ئۇنى تېزرەك قولدىن چىقىرېۋېتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى.

شەيخى ئەكبەر مۇھيىددىن ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ:

«جانابى ئاللاھ:

وَكَانَ أَمْرُ اللَّهِ قَدَرًا مَّقْدُورًا

**"ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر"** (سۈرە ئەھزاب، 38-ئايەت) سىررىنىڭ ھەقىقەتكە ئايلىنىشىنى ئىرادە قىلغاندا، بۇنى قۇللىرىغا بىر كەمچىلىك ئىشلەتكۈزۈش ئارقىلىق ئەمەللەشتۈرىدۇ.»

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئەينەكتە ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ، گۈزەللىكىدىن مەغرۇرلانغان ھالدا:

«ئەگەر قۇل بولۇپ سېتىلسام، باھاسىز بولۇپ قىممەت باھادا سېتىلغان بولاتتىم!» دېگەن ئىدى.

مەغرۇرلىنىشتىن ئىبارەت بۇ كەمچىلىك تۈپەيلىدىن ئۇ قۇل قاتارىدا ئەرزىمەس باھادا سېتىلدى.

شۇندىق نەقىل قىلىنىدۇكى:

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەسجىددىن ئۆيىگە قايتىۋاتقاندا، ئۇششاق باللار ئالدىنى توسۇپ:

«ھەسەن ۋە ھۈسەينگە بەرگىنىڭدەك، بىزگىمۇ بىر نەرسە بەرمىسەڭ، سېنى قويۇپ بەرمەيمىز!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

«سەن كېتىپ نېمە تاپساڭ ئېلىپ كەل، بولاردىن ئۆزەمنى سېتىۋالاي!» دېدى.

بىلال سەككىز تالغا يېقىن ياڭاق ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ ياڭاقلار بىلەن ئۇششاق باللاردىن ئۆزىنى سېتىۋېلىپ ئارقىدىن مۇنداق دېدى:

«قېرىندىشىم يۈسۈفنى ئەرزىمەس باھادا ساتتى ۋە مانا مېنىمۇ سەككىز تال ياڭاققا سېتىۋەتتى.» دەپ، مەنىلىك سۆز قىلدى.

مۇھىم بولغىنى سىرتقى ۋە پانى گۈزەللىك بولماستىن بەلكى قەلبى گۈزەللىكتۇر. بۇ ھەقتە ھەدىس شەرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىڭلار ۋە سۈرىتىڭلارغا ئەمەس، قەلبىڭلارغا قارايدۇ.» (مۇسلىم، «ياخشىلىق»، 33؛ ئىبنى ماجە، «زۇھد»، 9)

ھاجەر ئانىمىز پىرئەۋن تەرىپىدىن سارە ئانىمىزغا جارىيە سۈپىتىدە بېرىلدى. ھاجەر ئانىمىزدىن ئىسمائىل ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ نەسلىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام دۇنياغا كەلدى.

بەدەن گۈزەللىكىنىڭ بەك قىممىتى يوق، تەن بولسا روھنىڭ غېلىپىدۇر. ئىنسان مەنىۋىيىتى بىلەن ئىززەت - ئابروي‌لۇق ياكى خار ۋە زەبۇن بولىدۇ. يەنى بىر ئىنساننىڭ پاك قەلبى ۋە گۈزەل ئەمەللىرى بولسا ئاللاھ دەرگاھىدا مەقبولدۇر. ئەكسىچە ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارى ياكى كۆپلىگەن مال دۇنياسىنىڭ بولىشى مۇھىم ئەمەس.

تېنى قۇل قىلىنغان ئىنسان بۇنداق ئەرزان باھادا سېتىلغان يەردە، روھنى شەھۋانى، نەپسانى ئارزۇلىرىنىڭ قۇلى قىلغانلار قانداق بىر ئاقىۋەتكە دۇچار

بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىن ئىززىتىنى بىلىشى، ھېچقاچان نەپسىگە قۇل بولماسلىقى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

أَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلًا

**"ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن) ھامىي بولالامسەن."** (سۈرە فۇرقان، 43-ئايەت)

قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَقَالَ الَّذِي اشْتَرَاهُ مِن مِّصْرَ لاِمْرَأَتِهِ أَكْرِمِي مَثْوَاهُ عَسَى أَن يَنفَعَنَا أَوْ نَتَّخِذَهُ وَلَدًا وَكَذَلِكَ مَكَّنِّا لِيُوسُفَ فِي الأَرْضِ وَلِنُعَلِّمَهُ مِن تَأْوِيلِ الأَحَادِيثِ وَاللّهُ غَالِبٌ عَلَى أَمْرِهِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ

**"ئۇنى سېتىۋالغان مىسىرلىق ئادەم ئايالىغا: «ئۇنى ياخشى كۈتكىن، بىزگە ئەسقاتار ياكى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. شۇنىڭدەك (يەنى يۇسۇفنى قۇدۇقتىن قۇتقۇزغىنىمىزدەك) يۇسۇفنى (مىسىر) زېمىنىغا يەرلەشتۈردۇق، ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگەتتۇق، ئاللاھ (خالىغان) ئىشىنى ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ."** (سۈرە يۇسۇف، 21-ئايەت)

تەپسىرلەردە بايان قىلىنىشىچە، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى سېتىۋالغان قۇل سودىگىرى كېيىنچە ئۇنى مىسىرنىڭ مالىيە مىنىستىرىگە ساتقان. چۈنكى مالىيە مىنىستىرى يۇسۇفنىڭ قابىلىيىتىنى سېزىپ، كەلگۈسىدە دۆلەت ئىشلىرىدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇڭا ئۆزىنىڭ بالىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى بالا قىلىۋېلىش نىيىتىدە بولغان.

ئەمەلدارنىڭ يۇسۇفنى سېتىۋېلىشى، ئۇنىڭ ئەرزان باھادا سېتىلغاندىن كېيىن قىممەت باھادا سېتىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى يۇسۇفنى تۇنجى قېتىم سېتىۋالغان ئادەم ئۇنى ياساندۇرۇپ باھاسىنى ئاشۇرۇپ سېتىشقا چىقارغاندا، باھا تالىشىش ئۈچ كۈن داۋاملىشىپ، ئاخىرىدا يۇسۇفنى ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدا ئالتۇن، ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش، ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدا ئىپار،

ئۆزىنىڭ ئېغىرلىغىدا ئۇنچە-مەرۋايىت، ئۆزىنىڭ ئېغىرلىغىدا يىپەك باھاسىغا مىسىرلىق ئەمەلدار سېتىۋالغان.

بەزى رىۋايەتلەردە ئالاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى خەۋەر قىلىنىدۇ:

«ئى ئادەم ئوغلى! سەن بىر نەرسە ئىرادە قىلساڭ مەنمۇ بىر نەرسە ئىرادە قىلىمەن. لېكىن مېنىڭ ئىرادە قىلغىنىم رىئاللىققا ئايلىنىدۇ. ئەگەر سەن مېنىڭ ئىرادەمگە تەسلىم بولساڭ، ئىرادەڭنى ساڭا بېرىمەن. ئەگەر مېنىڭ ئىرادەم بىلەن رىقابەتلىشىدىغان بولساڭ سېنىڭ ئىرادەڭنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىمەن. نەتىجىدە يەنىلا مېنىڭ ئىرادەم رىئاللىققا ئايلانغان بولىدۇ.»

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا ئىلىمنى مەدھىيلەپ جاھالەتنى تەنقىتلىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق سوئال سورالغان:

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئەمەللەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى قايسى ئەمەلدۇر؟»

ئۇ :

- ئاللاھنى تونۇش!- دەپ، جاۋاب بەرگەن.

- قانداق ئەمەل مەرتىۋىنى ئاشۇرىدۇ؟ - دەپ سورىغان.

يەنە:

- ئاللاھنى تونۇش! دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇنىڭ بىلەن:

- ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىز ئەمەل ھەققىدە سوئال سورىدۇق، سىز بولسىڭىز ئىلىمدىن جاۋاب بېرىۋاتىسىز! - دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھنى تونىغان ھالدا قىلىنغان ئاز ئەمەل پايدا كەلتۈرىدۇ. لېكىن جاھالەت بىلەن قىلىنغان كۆپ ئەمەل پايدا كەلتۈرمەيدۇ!» (مۇناۋى، «فەيزۇل قادىر»، 4، 688) دېگەن.

بۈيۈكلىرىمىز مۇنداق دېگەن: «ئىلىمدە كامالەتكە يېتىش، ئەمەلدە كامالەتكە يېتىشتىن تېخىمۇ پەزىلەتلىكتۇر.» لېكىن ئىلىمدە خاتالىشىش ئەمەلدە خاتالىششتىن خەتەرلىكتۇر. چۈنكى ئەمەلنىڭ تۈنجى شەرتى ساپ ئەقىدىدۇر.

بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەرلەر ئاللاھدىن ئىلىمنى ئاشۇرۇشنى تىلەپ دۇئا قىلغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرنىڭ ھۆرمەت ۋە سەجدىسىگە، ئۆزىگە تەلىم بېرىلگەن ئىسىملەر سايىسىدە؛ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۇ بۈيۈك سەلتەنەتكە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىنچىكە پاراسەت ۋە باشقۇرۇش تالانتى بىلەن؛

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بولسا قىيىنچىلىقلار بىلەن تولۇپ تاشقان زىنداندىن قۇتۇلۇپ سەلتەنەتكە ئېرىششى، چۈش تەبىرى ئىلمى بىلەن قولغا كەلگەن.

**ھەزرىتى يۇسۇف ۋە زۇلەيخا**

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُ آتَيْنَاهُ حُكْمًا وَعِلْمًا وَكَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ

**"يۇسۇف قىرانىغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى شۇنداق مۇكاپاتلايمىز."** (سۈرە يۇسۇف، 22-ئايەت)

ھەزرىتى يۇسۇف ئۆسۈپ يېتىلىپ بالاغەت يېشىغا يەتكەندە، كۆرگەن كىشى ھوشۇنى يوقۇتۇپ قويغىدەك دەرىجىدە قەددى-قامىتى كېلىشكەن گۈزەل بىر يىگىتكە ئايلانغان. ئۇنىڭ بۇ تەقى-تۇرقى، ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى ئايال زۇلەيخانىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن باشقىچە خىياللاردا بولىشىغا سەۋەپ بولغان. بۇ ۋەقە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَرَاوَدَتْهُ الَّتِي هُوَ فِي بَيْتِهَا عَن نَّفْسِهِ وَغَلَّقَتِ الأَبْوَابَ وَقَالَتْ هَيْتَ لَكَ قَالَ مَعَاذَ اللّهِ إِنَّهُ رَبِّي أَحْسَنَ مَثْوَايَ إِنَّهُ لاَ يُفْلِحُ الظَّالِمُونَ وَلَقَدْ هَمَّتْ بِهِ وَهَمَّ بِهَا لَوْلا أَن رَّأَى بُرْهَانَ رَبِّهِ كَذَلِكَ لِنَصْرِفَ عَنْهُ السُّوءَ وَالْفَحْشَاء إِنَّهُ مِنْ عِبَادِنَا الْمُخْلَصِينَ

**"يۇسۇف تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى ئايال (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفتىن ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ: «بېرى كەل» دېدى. يۇسۇف: «خۇدا پاناھ بەرسۇن! ئۇ(يەنى ئېرىڭ) ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى كۈتتى. ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجات تاپالمايدۇ» دېدى. ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفكە (يېقىنچىلىق قىلىشقا) بەل باغلىدى، پەرۋەردىگارىنىڭ روشەن دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، يۇسۇفمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى. بىز يۇسۇفنى گۇناھتىن ۋە سەت ئىشتىن ئەنە شۇنداق ساقلىدۇق، شۈبھىسىزكى، يۇسۇف بىزنىڭ سادىق بەندىلىرىمىزدىن ئىدى."** (سۈرە يۇسۇف، 23-24-ئايەت)

زۇلەيخانىڭ ئاجىز نوقتىسى بايلىق، شۆھرەت ۋە شەھۋەت ئارزۇسىغا ئىگە بولۇشى ئىدى. ئۇ ياش، ھۆسنى جامالى تەڭداشسىز، كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان جەلپكار ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زۇلەيخا ھوجرىسىنىڭ ئىشكىنى

قولۇپلىنىۋالغان بولۇپ، بۇنداق مەخپىيلىك ۋە تەنھالىق، گۇناھلارغا تېخىمۇ ئۇندەيتتى. ئۇ ھەزرىتى يۇسۇفكە:

«يېنىمغا كەل!» دەپ، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. قارشىلىق كۆرسىتىشتە ئىرادىلەرنى ئېرىتەلەيدىغان مۇنداق بىر مەنزىرە ئالدىدا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ خېلى قىيىن ۋەزىيەتتە قالغانلىقىنى، ئۇلۇغ رەببىمىز:

«ئەگەر روشەن دەلىلىمىز بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇمۇ مايىل بولغان بولاتتى.» دېيىش ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەردى. چۈنكى بىر ئەركەكنىڭ ھاياتىدا دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ ئېغىر ئىمتىھانلاردىن بىرى، ياشلىق، گۈزەللىك، ۋە بايلىققا ئوخشاش ھەر تۈرلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر ئايالدىن، مەخپى بىر يەردە كەلگەن نەپسانى چاقىرىق ۋە ئىلتىپاتقا «ياق» دېيىش ئارقىلىق رەت قىلىشتۇر.

شۇڭا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئالدىغا چىققان بۇنداق چىدىغۇسىز جەلپكارلىققا ئالدانماسلىق ئۈچۈن **«مائازاللاھ»** دەپ ئىخلاس ۋە تەقۋالىق بىلەن ئاللاھقا سېغىندى. بۇنىڭ بىلەن ئايەتتە دېيىلگەن رۇشەن دەلىل ئارقىلىق ئىلاھى قوغداشقا ئېرىشتى.

بۇ سەۋەپتىن ئىنساننى گۇناھقا ئېلىپ بارىدىغان پۈتۈن دۇنيا گۈزەللىكلىرى ۋە ئىنساننى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ مەيلىنى تارتىدىغان چاقىرىقلارنى رەت قىلىشنىڭ يەككە-يىگانە يولى بولسا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە «مائازاللاھ» يەنى ئاللاھ پانا بەرسۇن دېيىش ئارقىلىق چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئاللاھقا سېغىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

بەزى تەپسىرلەردە ئايەت كەرىمىدىكى «رۇشەن دەلىل» ئىپادىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا شۇلار نەقىل قىلىنغان:

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام «دىققەت، يېقىنلاشما!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان ۋاقىتىدا دەسلەپتە ئۇ ئاۋازغا پىسەنت قىلىپ كەتمىدى. لېكىن ئاۋاز ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزىگە ئاتىسى ياقۇب ئەلەيھىسسالام كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ زۇلەيخادىن دەرھال يۈزىنى ئۆرىدى.

ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغلى يۇسۇفكە مەنىۋى ياردەم قىلغان بولۇپ، نەپسى ئەممارە (يەنى يامانلىققا بۇيرىغان نەپسىنى) تەمسىل قىلغان زۇلەيخاغا مايىل بولۇشتىن توسۇپ قالدى.

ئەلى بىن ھەسەن بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

زۇلەيخا تەييارلىغان ھوجرىدا بىر بۇت بار ئىدى. يۇسۇفنى ئۆزىگە چاقىرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئۈستىنى بىر رەخت بىلەن يېپىپ قويىدى. بۇنى كۆرگەن يۇسۇف:

- نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىسەن؟ - دەپ سورىدى.

زۇلەيخا:

- مېنى بۇ ھالىم بىلەن كۆرىشىدىن ھايا قىلدىم! - دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنىڭ ئۈستىگە يۇسۇف مۇنداق دېدى:

- سەن ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە بىر نەرسە بىلمەيدىغان تاش پارچىسىدىن ھايا قىلىسەن، مېنىڭ، مېنى ياراتقان ھەممە ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە ياراتقان رەببىمدىن ھايا قىلىشقا ھەققىم يوقمۇ؟

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام رەببىنىڭ ئۇچۇق دەلىلىنى كۆرۈپ ئىنتايىن قورققان ھالدا تېزلىكتە ئىشىك تەرەپكە قېچىشىغا، زۇلەيخامۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى:

وَاسُتَبَقَا الْبَابَ وَقَدَّتْ قَمِيصَهُ مِن دُبُرٍ وَأَلْفَيَا سَيِّدَهَا لَدَى الْبَابِ قَالَتْ مَا جَزَاء مَنْ أَرَادَ بِأَهْلِكَ سُوَءًا إِلاَّ أَن يُسْجَنَ أَوْ عَذَابٌ أَلِيمٌ

**"ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى (يۇسۇف چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، زۇلەيخا ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن) ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى. (بۇ چاغدا) ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن (تارتىپ) يىرتىۋەتتى، ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخانىڭ) ئېرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئۇ (يەنى زۇلەيخا): «سېنىڭ ئەھلىيەڭنى دەپسەندە قىلماقچى بولغان ئادەمنى پەقەت زىندانغا تاشلاش ياكى قاتتىق قىيناش بىلەن جازالاش كېرەك» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 25-ئايەت)

مىسىر باش ۋەزىرى:

- مېنىڭ ئەھلىمگە يامانلىق قىلىشنى ئويلىغان كىم ئۇ؟

زۇلەيخا گۇناھىغا ئىككىنچىسىنى قوشۇپ:

- بۇ يىگىت مەن بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. - دەپ بۆھتان چاپلىدى.

باش ۋەزىر يۇسۇفكە قاراپ:

- ئى يىگىت! ساڭا قىلغان ياخشىلىقىمنى مۇشۇنداق قايتۇرامسىڭ؟! مېنى غەم-قايغۇدا قويماسلىقىڭ كېرەك ئىدى! - دېدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەھۋالنىڭ بارغانسىرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى:

قَالَ هِيَ رَاوَدَتْنِي عَن نَّفْسِي وَشَهِدَ شَاهِدٌ مِّنْ أَهْلِهَا إِن كَانَ قَمِيصُهُ قُدَّ مِن قُبُلٍ فَصَدَقَتْ وَهُوَ مِنَ الكَاذِبِينَ وَإِنْ كَانَ قَمِيصُهُ قُدَّ مِن دُبُرٍ فَكَذَبَتْ وَهُوَ مِن الصَّادِقِينَ

**"يۇسۇف: «ئۇ (يەنى زۇلەيخا) مەندىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى» دېدى. ئۇ (يەنى زۇلەيخا)نىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرسى گۇۋاھلىق بېرىپ: «يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئالدىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخا)نىڭ سۆزى راست، يۇسۇفنىڭ سۆزى يالغان. يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئارقىسىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇ(يەنى زۇلەيخانىڭ) سۆزى يالغان يۇسۇفنىڭ سۆزى راست» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 26- 27-ئايەت)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پاك ئىكەنلىكىگە دائىر بىر دەلىلنىڭ كۆرسىتىلىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلدى. ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە زۇلەيخانىڭ تاغىسىنىڭ ئۈچ ياكى تۆت ئايلىق بولغان ئوغلى، مۆجىزىۋى شەكىلدە تىلغا كېلىپ يۇسۇفنىڭ پاك ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى.

فَلَمَّا رَأَى قَمِيصَهُ قُدَّ مِن دُبُرٍ قَالَ إِنَّهُ مِن كَيْدِكُنَّ إِنَّ كَيْدَكُنَّ عَظِيمٌ يُوسُفُ أَعْرِضْ عَنْ هَذَا وَاسْتَغْفِرِي لِذَنبِكِ إِنَّكِ كُنتِ مِنَ الْخَاطِئِينَ

**"ئۇ (يەنى زۇلەيخانىڭ ئېرى) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقىسىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئەي ئاياللار جامائەسى! بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ھىيلەڭلاردۇر، سىلەرنىڭ ھىيلەڭلار ھەقىقەتەن چوڭدۇر» دېدى. (يەنى ئېيتتى) «يۇسۇف! بۇنى سۆزلەپ يۈرمىگىن. (ئايالىم) سەن ئۆز گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن، سەن ھەقىقەتەن خاتالاشتىڭ»."** (سۈرە يۇسۇف، 28- 29- ئايەت)

بۇ ۋەقە خەلق ئىچىدە تارقالدى :

وَقَالَ نِسْوَةٌ فِي الْمَدِينَةِ امْرَأَةُ الْعَزِيزِ تُرَاوِدُ فَتَاهَا عَن نَّفْسِهِ قَدْ شَغَفَهَا حُبًّا إِنَّا لَنَرَاهَا فِي ضَلاَلٍ مُّبِينٍ

**"شەھەردىكى بەزى ئاياللار: «ئەزىز (يەنى مىسىرنىڭ پادىشاھى)نىڭ خوتۇنى قۇلىغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ، بىز ئۇنى، ئەلۋەتتە، ئاشكارا ئازغان دەپ قارايمىز» دېيىشتى."** (سۈرە يۇسۇف، 30 ـ ئايەت)

**يۇسۇفنى كۆرگەن ئاياللار قوللىرىنى كېسىپ تاشلىدى**

ئۆزى ھەققىدە بولۇۋاتقان غەيۋەتلەرنى ئاڭلىغان زۇلەيخا، مىسىر ئاياللىرىنى سىناپ بېقىش قارارىغا كەلدى.

"فَلَمَّا سَمِعَتْ بِمَكْرِهِنَّ أَرْسَلَتْ إِلَيْهِنَّ وَأَعْتَدَتْ لَهُنَّ مُتَّكَأً وَآتَتْ كُلَّ وَاحِدَةٍ مِّنْهُنَّ سِكِّينًا وَقَالَتِ اخْرُجْ عَلَيْهِنَّ فَلَمَّا رَأَيْنَهُ أَكْبَرْنَهُ وَقَطَّعْنَ أَيْدِيَهُنَّ وَقُلْنَ حَاشَ لِلّهِ مَا هَذَا بَشَرًا إِنْ هَذَا إِلاَّ مَلَكٌ كَرِيمٌ"

**"ئۇ (يەنى زۇلەيخا) ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا (مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ) ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلارغا (يۆلىنىدىغان) تەكيە ياستۇقلارنى تەييارلىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن پىچاق بەردى. (زۇلەيخا يۇسۇفكە) «سەن چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىن دېدى، ئۇلار يۇسۇفنى كۆرۈپ ھاڭ تاڭ بولۇپ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى. ئۇلار: «(بۇنداق چىرايلىق ئىنساننى ياراتقان) ئاللاھ پاكتۇر، بۇ ئادەمزات ئەمەس، پەقەت بىر ئېسىل پەرىشتىدۇر» دېيىشتى."** (سۈرە يۇسۇف، 31 ـ ئايەت)

ئايەتتىكى **«يۆلىنىدىغان ياستۇقلار»** مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «مۇتتەئەكەن» كەلىمىسى «يېمەك سورۇنى» دېگەن مەنىدە كەلگەن. چۈنكى ئۇلار مەغرۇر ئىنسانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە يەپ ـ ئىچكەن ۋە سۆھبەت قىلغان چاغلىرىدا ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ سەۋەپتىن يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش چەكلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن بىر يەرگە يۆلىنىپ تۇرۇپ تاماق يېمەيمەن» دېگەن. (بۇخارى، «ئەتئىمە»، 139)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈز گۈزەللىكىنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«مىسىر خەلقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرگەن بولسا ئىدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن پۇل خەجلىمىگەن بولاتتى. زۇلەيخانى ئەيىپلىگەن ئاياللار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پارلاق يۈزىنى كۆرگەن بولسا ئىدى، قوللىرىنىڭ ئورنىغا يۈرەكلىرىنى كېسىشكەن بولاتتى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تەققى-تۇرقىنىڭ گۈزەللىكىگە ئوخشاش ئەخلاقىنىڭمۇ گۈزەل بولۇشى ئۈچۈن داۋاملىق دۇئا قىلاتتى. ئەينەككە قارىغان ۋاقىتلىرىدا ئەخلاقىنى تەكىتلىگەن ھالدا:

«ئى رەببىم! يارىتىلىشىمنى گۈزەل قىلغىنىڭدەك ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىلغىن!»

«ئى رەببىم! مېنى ئەخلاقنىڭ ئەڭ گۈزىلىگە يەتكۈزگىن! شۇبھىسىز ئۇنىڭغا پەقەت سەنلا يەتكۈزەلەيسەن!» دەپ دۇئا قىلاتتى. (ئىبنى ھاجەر، «فەتھۇل بارى»، 10، 456)

مىسىر ئاياللىرىنىڭ يۇسۇفنىڭ كۆز قاماشتۇرىدىغان بۇ گۈزەللىكى ئالدىدا ھاڭ-تاڭ قالغانلىقىنى كۆرگەن زۇلەيخا:

قَالَتْ فَذَٰلِكُنَّ الَّذِي لُمْتُنَّنِي فِيهِ وَلَقَدْ رَاوَدتُّهُ عَن نَّفْسِهِ فَاسْتَعْصَمَ
وَلَئِن لَّمْ يَفْعَلْ مَا آمُرُهُ لَيُسْجَنَنَّ وَلَيَكُونًا مِّنَ الصَّاغِرِينَ

**"ئۇ (يەنى زۇلەيخا): «مانا بۇ سىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىگەن ھېلىقى ئادەم، مەن ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن ئۇ ئۆزىنى چىڭ ساقلىدى. ئەگەر ئۇ يەنىلا بۇيرۇقۇمنى قىلمىسا، چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ، چوقۇم خار ئادەم بولۇپ قالىدۇ» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 32-ئايەت)

يۈزى قۇياشتەك پارلاق ۋە ئون تۆت كۈنلۈك ئايدىنمۇ گۈزەل بولغان يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مىسىر كوچىلىرىدا ماڭغىنىدا، ئاياللارنىڭ پىتنىسىدىن قورقتى ۋە قولىنى ئېچىپ رەببىدىن ئۆزىنى مۇھاپىزە قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. چۈنكى ھەقىقەتتىن غاپىل ئاياللارنىڭ ھىلە-مىكىرلىرى شەيتاننىڭ تۇزاقلىرىدىنمۇ خەتەرلىكتۇر.

"قَالَ رَبِّ السِّجْنُ أَحَبُّ إِلَيَّ مِمَّا يَدْعُونَنِي إِلَيْهِ وَإِلاَّ تَصْرِفْ
عَنِّي كَيْدَهُنَّ أَصْبُ إِلَيْهِنَّ وَأَكُن مِّنَ الْجَاهِلِينَ"

**"يۇسۇف: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن دەپئى قىلمىساڭ، (ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن، نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 33-ئايەت)

بەزى ئالىملار بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى:

«نەپسگە يول قويۇش، يەنى نەپسى ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى، ئاللاھقا سېغىنىپ ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. ھەقىقەتەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامۇ رەببىگە سېغىنىش بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشتى.»

فَاسْتَجَابَ لَهُ رَبُّهُ فَصَرَفَ عَنْهُ كَيْدَهُنَّ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ

**"پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى يۇسۇفتىن دەپئى قىلدى. ئاللاھ (ئىلتىجا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى) ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر."**

(سۈرە يۇسۇف، 34-ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇھاپىزەت قىلمايدىغان بولسا، ھېچبىر قەلب بىر پەيغەمبەر قەلبىنىڭ كامالىغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، ئىنسان تەبىئىتى دۇنيانىڭ تۇزاقلىرىدىن، بىر قىسىم ئارزۇلارغا مايىل بولۇشتىن، نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىدىن ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ، ئۆز-ئۆزىنى قوغداپ قالالمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەتتىكى «**رەببىڭنىڭ ئوچۇق دەلىلى**» ئىپادىسى بۇ ھەقىقەتنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قۇل بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭ ۋەزىپىمىز:

نەپسىمىزنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا قارشى ھەردائىم ھوشيار بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا سىغىنىشىمىز كېرەك.

**زىندان**

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇشى بىلەن:

ثُمَّ بَدَا لَهُم مِّن بَعْدِ مَا رَأَوُا الْآيَاتِ لَيَسْجُنُنَّهُ حَتَّى حِينٍ

**"ئاندىن ئۇلار (يۇسۇفنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىگە دائىر) پاكىتلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى بىرمەھەل قاماپ قويۇشنى لايىق تاپتى."** (سۈرە يۇسۇف، 35 ـ ئايەت)

يۇسۇفنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملەر سالدۇرۇلۇپ ئۈستىگە يۇڭدىن توقۇلغان قېلىن چاپان كېيدۈرۈلۈپ، پۇتىغا زەنجىر باغلاندى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە بېشىنى ئېگىپ، «بىسمىللاھ» دەپ كىردى. كىشىلەر ئەتراپىنى قورشىۋالدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىردىنلا يىغلاشقا باشلىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، «نىمشقا يىغلايسەن» دەپ سورىدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇيدىغان يەر تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى ئېيتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

«خالىغان يەردە ناماز ئوقۇ! ئاللاھ زىندان ئىچى ۋە سىرتىدا قىرىق گەز يەرنى ساڭا پاكىز قىلىپ بەردى.» دېدى.

وَدَخَلَ مَعَهُ السِّجْنَ فَتَيَانَ قَالَ أَحَدُهُمَآ إِنِّي أَرَانِي أَعْصِرُ خَمْرًا وَقَالَ الآخَرُ إِنِّي أَرَانِي أَحْمِلُ فَوْقَ رَأْسِي خُبْزًا تَأْكُلُ الطَّيْرُ مِنْهُ نَبِّئْنَا بِتَأْوِيلِهِ إِنَّا نَرَاكَ مِنَ الْمُحْسِنِينَ قَالَ لاَ يَأْتِيكُمَا طَعَامٌ تُرْزَقَانِهِ إِلاَّ نَبَّأْتُكُمَا بِتَأْوِيلِهِ قَبْلَ أَن يَأْتِيكُمَا ذَلِكُمَا مِمَّا عَلَّمَنِي رَبِّي إِنِّي تَرَكْتُ مِلَّةَ قَوْمٍ لاَّ يُؤْمِنُونَ بِاللّهِ وَهُم بِالآخِرَةِ هُمْ كَافِرُونَ

**"زىندانغا يۇسۇف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن چۈشۈمدە ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن (ئۆزۈمدىن) ھاراق سىقىۋاتقان كۆرۈپتىمەن» دېدى. ئىككىنچىسى: «مەن چۈشۈمدە ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن بېشىمدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغان، ناننى قۇشلار يەۋاتقان كۆرۈپتىمەن، تەبىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ، بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن (يەنى چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىغانلاردىن) دەپ قارايمىز» دېدى. يۇسۇف ئېيتتى: «ئىككىڭلارغا سىرتتىن تاماق كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن، بۇ پەرۋەردىگارىم ماڭا بىلدۈرگەن نەرسىلەردىندۇر. شۈبھىسىزكى، مەن ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋمنىڭ دىنىنى تاشلىدىم."**

(سۈرە يۇسۇف، 36 - 37 ـ ئايەت)

بۇ ئىككى يىگىتنىڭ زىندانغا تاشلىنىشى ھەققىدە مۇنداق ئىككى رىۋايەت بار:

مىسىرنىڭ بىر تۈركۈم مەرتىۋىلىك كىشىلىرى، پادىشاھ رەييان بىن ۋەلىدنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز ئىچىدىن تاللىغان بىر كىشىنى تۇرغۇزۇشنى ئويلىغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھنىڭ تامىقىنى ئېتىدىغان ئاشپەز ۋە شەربەتچىنى ھەرخىل ۋەدىلەرنى بېرىپ ئالداپ، ئۇلارنى پادىشاھنىڭ تامىقىغا ۋە ئىچىملىكىگە زەھەر سېلىشقا قايىل قىلدى.

شەربەتچى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ زەھەر سېلىشتىن ۋاز كەچتى. ئاشپەز بولسا بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. تائام داستىخانغا قويۇلۇپ پادىشاھ قولىنى ئۇزىتىشىغا، شەربەتچى:

«ئى پادىشاھ! توختا! چۈنكى ئۇ يېمەكتە زەھەر بار.» دېدى.

ئاشپەزمۇ:

«ئى پادىشاھ! توختا! ئۇ شەربەتتە زەھەر بار.» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ شەربەتچىگە ئۇ شەربەتنى ئىچىشكە بۇيرىدى، ئۇ ئىككىلەنمەستىن ئىچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشپەزگە ئۇ غىزادىن يېيىشكە بۇيرىدى. لېكىن ئاشپەز يېمىدى. ئۇ غىزانى بىر ھايۋانغا يېگۈزگىنىدە ھايۋان شۇ ھامان ئۆلدى. ئارقىدىن ھەر ئىككىسى زىندانغا تاشلاندى. زىنداندا ئايەتتە دېيىلگەن چۈشلەرنى كۆردى. (قۇرتۇبى، «ئەل-جامى»، 9، 189)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىر زىنداندا ياتقان بۇ ئىككى ياشقا تەۋھىد ئەقىدىسىنى تەبلىغ قىلىشنى ئويلىدى. ئۇلارنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ ھەق دىن يولىدا ئىكەنلىكىنى، ئىگە بولغان ئىلمىنىڭ جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىنى ۋە مىسىرلىقلارنىڭ خاتا يولدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى تەۋھىدكە تەييارلاپ، ھەق دىننى تەبلىغ قىلدى.

بۇ يەردىن ئېلىنىدىغان ئىبرەت شۇكى، مۆمىن بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، يامانلىقنى توسۇشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى توختىتىپ قويماسلىقى كېرەك.

مانا بۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ئايەت، ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ تەبلىغى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر:

وَاتَّبَعْتُ مِلَّةَ آبَآئِي إِبْرَاهِيمَ وَإِسْحَقَ وَيَعْقُوبَ مَا كَانَ لَنَا أَن نُّشْرِكَ بِاللّهِ مِن شَيْءٍ

ذَلِكَ مِن فَضْلِ اللّهِ عَلَيْنَا وَعَلَى النَّاسِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَشْكُرُونَ يَا صَاحِبَيِ

السِّجْنِ أَأَرْبَابٌ مُّتَفَرِّقُونَ خَيْرٌ أَمِ اللّهُ الْوَاحِدُ الْقَهَّارُ مَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِهِ إِلاَّ أَسْمَاء سَمَّيْتُمُوهَا أَنتُمْ وَآبَآؤُكُم مَّا أَنزَلَ اللّهُ بِهَا مِن سُلْطَانٍ إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ أَمَرَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ

**"مەن ئەجدادلىرىم ـ ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، ھېچقانداق نەرسىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس، بۇ ئاللاھنىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ. تۈرمىداش ئاغىنىلەر! تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىر ئاللاھ ياخشىمۇ؟ سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىينىڭ) ناملىرىدىنلا ئىبارەت، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق، ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ."** (سۈرە يۇسۇف، 38 - 40 ـ ئايەت)

**ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ چۈش تەبىرى بېرىشى**

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىغان ئىككى تۈرمىدىشىنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

يَا صَاحِبَيِ السِّجْنِ أَمَّا أَحَدُكُمَا فَيَسْقِي رَبَّهُ خَمْرًا وَأَمَّا الآخَرُ فَيُصْلَبُ فَتَأْكُلُ الطَّيْرُ مِن رَّأْسِهِ قُضِيَ الأَمْرُ الَّذِي فِيهِ تَسْتَفْتِيَانِ

**"تۈرمىداش ئاغىنىلەر! سىلەرنىڭ بىرىڭلار (زىنداندىن چىقىپ) خوجايىنىغا ھاراق قويۇپ بېرىدۇ (يەنى ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ)، يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ، كاللىسىنى قۇشلار يەيدۇ، سىلەر سورىغان ئىشلار ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى».**" (سۈرە يۇسۇف، 41 ـ ئايەت)

وَقَالَ لِلَّذِي ظَنَّ أَنَّهُ نَاجٍ مِّنْهُمَا اذْكُرْنِي عِندَ رَبِّكَ فَأَنسَاهُ الشَّيْطَانُ ذِكْرَ رَبِّهِ فَلَبِثَ فِي السِّجْنِ بِضْعَ سِنِينَ

**"يۇسۇف ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇشىغا ئىشەنگەن بىرسىگە (يەنى ساقىيغا): «مېنى خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا ئەسلەپ قويغىن» دېگەن ئىدى. خوجايىنىنىڭ ئالدىدا يۇسۇفنى ئەسلەپ قويۇشنى شەيتان ئۇنىڭغا ئۇنۇتتۇردى، يۇسۇف زىنداندا بىر نەچچە يىل يېتىپ قالدى."** (سۈرە يۇسۇف، 42-ئايەت)

نەتىجە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن تەبىرىدەك بولدى. شەربەتچى زىنداندىن چىقىپ بۇرۇنقى ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇردى. ئاشپەز دارغا ئېسىلدى.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ دېيىشىچە، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ رەببىدىن باشقا بىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشى، ئىلاھى قۇدرەتكە تەسىر قىلغان. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن خاتالىقتۇر. بۇ خاتالىقى تۈپەيلىدىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بەش يىلدىن كېيىن يەنە يەتتە يىل تۈرمىدە يېتىپ، جەمئى ئون ئىككى يىل تۈرمىدە ياتقان.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە زىنداندىن چىققانلار پات-پات كېلىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى زىنداننىڭ باشلىقى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەت قىلىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

«ئى يۇسۇف! سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەنكى، ھېچبىر نەرسىنى سېنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمەيمەن.»

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام جاۋابەن مۇنداق دېدى:

«ماڭا بولغان بۇ ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈشۈڭدىن ئاللاھقا سىغىنىمەن!»

زىندان باشلىقى:

«نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىغاندا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام:

ئاتام مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، قېرىنداشلىرىم مېنى قۇدۇققا تاشلىدى، زۇلەيخا ياخشى كۆرۈۋېدى، مېنى زىندانغا تاشلىدى. مانا ئەمدى سەنمۇ ياخشى كۆرسەڭ كىم بىلىدۇ، مېنى نەگە تاشلايدۇ!؟» دېدى.

مالىك بىن دىنار مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام شاراپچىغا :

«مېنى خوجايىنىڭنىڭ يېنىدا ئەسلىگىن» دېگىنىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى:

«ئى يۇسۇف! مەندىن باشقا ۋەكىل تاپتىڭ. مەنمۇ سېنىڭ تۈرمىدە قېلىش مۇددىتىڭنى ئۇزارتىمەن!»

بۇنىڭ بىلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام يىغلىدى ۋە:

«ئى رەببىم! غەم-قايغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ كۆپلىكىدىن قەلبىم قاساۋەتلىشىپ كېتىپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق سۆزلەرنى قىلمايمەن» دەپ يالۋۇردى.

ھەسەن بەسرى بۇ رىۋايەتنى قاچان ئوقۇسا يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى:

«بېشىمىزغا بىر ئىش كەلسە ئىنسانلاردىن ياردەم تەلەپ يۈگۈرىمىز. بۇ ھالىمىز بىلەن ئاقىۋىتىمىز قانداق بولار؟»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ قېرىندىشىم يۇسۇفكە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ شاراپچىغا: «مېنى خوجايىنىڭنىڭ يېنىدا ئەسلىگىن!» دېمىگەن بولسا ئىدى، زىنداندا بەش يىل ياتقاندىن كېيىن يەنە يەتتە يىل ياتمىغان بولاتتى.» (بۇرسەۋى، «روھۇل بايان»، 4، 264)

جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەر، ۋەلىلەرگە بېرىلگەن جاپا-مۇشەققەتلەر ئۇلارغا جازا سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى ھەدىيە سۈپىتىدە بېرىلىدۇ.

ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ بىر قولىنى ياخشى كۆرگەندە، ئۇنىڭ بېشىغا نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ!..» (ئەلى-ئەل مۇتتەقى، كەنزۇل ئۇممال، 3، 334 / 6811)

ئەبۇ سەئىد ئەل-خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كېسەل ۋاقتىدا يوقلاپ باردى ۋە ئۇنىڭ قاتتىق ئاغرىقلارغا بەرداشلىق بېرىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، مۇنداق دېدى:

«قولۇمنى ئۈستىگە قويغان ئىدىم، ھارارىتىنى يوتقىنىنىڭ ئۈستىدىن ھېس قىلدىم.

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! قىزىتمىڭىز ناھايىتى يۇقىرى!» دېدىم.

«بىز (پەيغەمبەرلەر) مۇشۇنداق. بالالار بىزگە قوشلاپ كېلىدۇ ۋە مۇكاپاتلارمۇ قوشلاپ كېلىدۇ.» دېدى.

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ بالا - قازاغا دۇچار بولغانلار كىملەر؟» دەپ سورىدىم.

«پەيغەمبەرلەر!» دەپ جاۋاپ بەردى.

«ئۇلاردىن قالسا كىملەر؟» دەپ سورىغىنىمدا:

«ئۇلاردىن كېيىن سالىھلەر!» دېدى ۋە ئىزاھاتنى قوشۇپ قويدى:

«ئۇلاردىن بىرى شۇنداق پېقىرلىققا چۈشۈپ قالىدۇكى، بەدىنىنى يۆگەيدىغان بىر يېپىنچىدىن باشقا بىر نەرسە تاپالمايدۇ. ئۇلار، سىلەر خۇددى مولچىلىققا خوش بولغاندەك بالالارغا خوش بولىدۇ.» (ئىبنى ماجە، «فىتەن»، 23)

**مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشى**

ئايەتتە قىسسىنىڭ داۋامى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَقَالَ الْمَلِكُ إِنِّي أَرَى سَبْعَ بَقَرَاتٍ سِمَانٍ يَأْكُلُهُنَّ سَبْعٌ عِجَافٌ وَسَبْعَ سُنبُلَاتٍ خُضْرٍ وَأُخَرَ يَابِسَاتٍ يَا أَيُّهَا الْمَلأُ أَفْتُونِي فِي رُؤْيَايَ إِن كُنتُمْ لِلرُّؤْيَا تَعْبُرُونَ قَالُواْ أَضْغَاثُ أَحْلاَمٍ وَمَا نَحْنُ بِتَأْوِيلِ الأَحْلاَمِ بِعَالِمِينَ وَقَالَ الَّذِي نَجَا مِنْهُمَا وَادَّكَرَ بَعْدَ أُمَّةٍ أَنَاْ أُنَبِّئُكُم بِتَأْوِيلِهِ فَأَرْسِلُونِ يُوسُفُ أَيُّهَا الصِّدِّيقُ أَفْتِنَا فِي سَبْعِ بَقَرَاتٍ سِمَانٍ يَأْكُلُهُنَّ سَبْعٌ عِجَافٌ وَسَبْعِ سُنبُلَاتٍ خُضْرٍ وَأُخَرَ يَابِسَاتٍ لَّعَلِّي أَرْجِعُ إِلَى النَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَعْلَمُونَ

**"پادىشاھ ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرۈپتىمەن، ئى ئەربابلار! سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار» ئۇلار ئېيتتى: «بۇ بىر قالايمىقان چۈش ئىكەن، بىز (مۇنداق) قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرىشنى ئۇقمايمىز» ھېلىقى ئىككىسىدىن (تۈرمىدىن) قۇتۇلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن (يۇسۇفنى) ئەسلىگەن بىرسى: «مەن سىلەرگە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن، مېنى (يۇسۇفنىڭ يېنىغا) ئەۋەتىڭلار» دېدى (ئۇنى ئەۋەتىشتى، ئۇ تۈرمىگە بېرىپ يۇسۇفنىڭ يېنىغا كىردى ـ دە) «ئى راستچىل يۇسۇف! يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى (كۆرۈپ چۈشىگەن چۈشنىڭ تەبىرىنى) بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن ئۇنى كىشىلەرگە (يەنى پادىشاھقا ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىغا) خەۋەر قىلسام، ئۇلار (سېنىڭ پەزىلىتىڭنى) بىلسۇن» دېدى.** (سۈرە يۇسۇف، 43 - 46 ـ ئايەت)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئىلمى بىلەن چۈشكە مۇنداق تەبىر بەردى:

قَالَ تَزْرَعُونَ سَبْعَ سِنِينَ دَأَبًا فَمَا حَصَدتُّمْ فَذَرُوهُ فِي سُنبُلِهِ إِلاَّ قَلِيلاً مِّمَّا تَأْكُلُونَ ثُمَّ يَأْتِي مِن بَعْدِ ذَلِكَ سَبْعٌ شِدَادٌ يَأْكُلْنَ مَا قَدَّمْتُمْ لَهُنَّ إِلاَّ قَلِيلاً مِّمَّا تُحْصِنُونَ ثُمَّ يَأْتِي مِن بَعْدِ ذَلِكَ عَامٌ فِيهِ يُغَاثُ النَّاسُ وَفِيهِ يَعْصِرُونَ

**"يۇسۇف ئېيتتى: «يەتتە يىل ئۇزۇلدۇرمەي تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ئالغان ھوسۇلۇڭلاردىن يېيىش ئۈچۈن ئازغىنىسىنى خامان تەپكەندىن تاشقىرى، قالغىنىنى (مىتە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) باشىقى بىلەن قويۇڭلار. شۇنىڭدىن كېيىن قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ، (بۇ يىللاردا) ئىلگىرى توپلىۋالغان ئاشلىقىڭلاردىن (ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن) ساقلاپ قويۇلىدىغان ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىسىلەر. شۇنىڭدىن كېيىن (مولچىلىق) يىللار كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدۇ، كىشىلەر مېۋىلەردىن تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى سىقىپ چىقىرىدۇ»."** (سۈرە يۇسۇف، 47 - 49 - ئايەت)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەبىرىدىن خوش بولغان ھۆكۈمدار ئۇنى مۇكاپاتلىماقچى بولدى:

وَقَالَ الْمَلِكُ ائْتُونِي بِهِ فَلَمَّا جَاءهُ الرَّسُولُ قَالَ ارْجِعْ إِلَى رَبِّكَ فَاسْأَلْهُ مَا بَالُ النِّسْوَةِ اللاَّتِي قَطَّعْنَ أَيْدِيَهُنَّ إِنَّ رَبِّي بِكَيْدِهِنَّ عَلِيمٌ

**"(ساقىي پادىشاھقا بېرىپ يۇسۇفنىڭ ئۇنىڭ چۈشىگە بەرگەن تەبىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن) پادىشاھ: ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. (پادىشاھنىڭ) ئەلچىسى يۇسۇفنىڭ ئالدىغا بارغاندا، يۇسۇف ئەلچىگە: «خوجايىنىڭغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى قوللىرىنى كېسىۋالغان خوتۇنلارنىڭ ئىشىنى (بىلەمدۇ؟) سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 50 - ئايەت)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ئەدەپلىك ھالدا زۇلەيخانىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە زەھەرخەندە ئىكەنلىكىگە

ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن يېڭى بىر ھىيلە ئىشلىتىشتىن ھەزەر قىلدى. ھۆكۈمدار ئاياللارنى يىغىپ:

قَالَ مَا خَطْبُكُنَّ إِذْ رَاوَدتُّنَّ يُوسُفَ عَن نَّفْسِهِ قُلْنَ حَاشَ لِلّهِ مَا عَلِمْنَا عَلَيْهِ مِن سُوءٍ قَالَتِ امْرَأَةُ الْعَزِيزِ الآنَ حَصْحَصَ الْحَقُّ أَنَاْ رَاوَدتُّهُ عَن نَّفْسِهِ وَإِنَّهُ لَمِنَ الصَّادِقِينَ

**"پادىشاھ ھېلىقى خوتۇنلارنى يىغىپ ۋە ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ): «سىلەر يۇسۇفتىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغىنىڭلاردا، ھەقىقىي ئەھۋالىڭلار قانداق بولغان؟) دېدى. ئۇلار: «ئاللاھ پاكتۇر؛ يۇسۇفتە ئازراقمۇ گۇناھ بار دەپ بىلمەيمىز» دېدى. ئەزىزنىڭ خوتۇنى: «ئەمدى ھەقىقىي ئەھۋال ئايدىڭلاشتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم، يۇسۇف ھەقىقەتەن راستچىللاردىن ئىدى» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 51-ئايەت)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ:

ذَلِكَ لِيَعْلَمَ أَنِّي لَمْ أَخُنْهُ بِالْغَيْبِ وَأَنَّ اللّهَ لاَ يَهْدِي كَيْدَ الْخَائِنِينَ

**"(يۇسۇف ئېيتتى) «بۇ (يەنى پادىشاھنىڭ ئەلچىسىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكىم) ئەزىز يوق چاغدا خوتۇنىغا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى ۋە خائىنلارنىڭ ھىيلىسىنى ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىنى ئەزىزگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر»"** (سۈرە يۇسۇف، 52-ئايەت)

جانابى ئاللاھ ھىيلىگەر، ئالدامچى، خائىنلەرنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ الخَائِنِينَ

**"ئاللاھ ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ."** (سۈرە ئەنفال، 58-ئايەت)

ئەڭ بۈيۈك خىيانەت، ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىگە قارشى قىلىنغان خىيانەتتۇر. جانابى ئاللاھ بىز قۇللىرىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَخُونُواْ اللّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُواْ أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ

**"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار."** (سۈرە ئەنفال، 27 - ئايەت)

قۇللارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئەمر-چەكلىمىلىرىگە خائىنلىق قىلغان، نەتىجىدە، ئۆز ئامانىتىگە خائىنلىق قىلىنغانلىقنى بايقاپ يەتكەن «دارۋان ئاسھابى»نىڭ ئىبرەتلىك قىسسىسى، خائىنلىقنىڭ زىيىنىنىڭ پەقەت خائىنلارنىڭ ئۆزىگە قايتىدىغانلىقنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ.

**دارۋان قىسسىسى**

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە دارۋان يەمەنلىك بىر سېخى ئادەم بولۇپ، ئۇ زاتنىڭ سانائا يېقىن يەردە ئۈزۈم، خورما ۋە زىرائەتلەردىن تەشكىل تاپقان گۈزەل بىر بېغى بار ئىكەن. بۇ سېخى زات مەھسۇلاتلىرىنى يىغقان چاغدا غېرىپ-مىسكىن ۋە ئاجىزلارغا ئۈشرىنى كۆپلەپ ئايرىيدىكەن. ئۇ قېرىپ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى بالىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، بۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلىپتۇ. لېكىن ئۇ زات ۋاپات بولغاندىن كېيىن بالىلىرىنىڭ مال-دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكى كۆزلىرىنى ئېتىۋېلىپ، ئۆزئارا:

«ئائىلىمىزنىڭ نوپۇسى كۆپ، مال ئاز. غېرىپ-مىسكىنلەرگە بىر نەرسە بەرمەيلى! ئۇلار كېلىپ سوراشتىن بۇرۇن مەھسۇلاتىمىزنى يىغىۋالايلى» دەپ بىر پىكىرگە كەلدى.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ يامان نىيىتى تۈپەيلىدىن، باغلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى. ئۇ چوڭ باغ قارىغۇسىز ھالغا كېلىپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پىخسىق بالىلىرى ھاڭ-تاڭ قېلىشىپ:

«ئەجەبا خاتا يەرگە كېلىپ قالدۇقمۇ؟» دېيىشتى.

ھالبۇكى، ئاتىسىنىڭ سېخىيلىق بىلەن ئۈشرىسىنى موھتاجلارغا تارقىتىپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشى، باغقا كۆپلەپ بەرىكەت كەلتۈردى. يوقسۇل، مىسكىنلەر ئۇ باغدىن مەنپەئەت ئالغان ئىدى. لېكىن ئاتىسىنىڭ مىسكىنلەرگە تارقاتقان ئۈشرىسى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ئىنتايىن جىق كۆرۈلۈپ بېرىشنى خالىمىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇ باغقا ئاتا قىلغان بەرىكىتىنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگەن ئىدى. چۈنكى غەپلەت ئۇلارنىڭ قەلبىنى كور قىلىۋەتتى.

شۇڭا جانابى ئاللاھ:

"غاپىللاردىن بولمىغىن" (سۈرە ئەئراف، 205 - ئايەت) دەيدۇ.

«ئەسھابى-دارۋان» قىسسىسى دەپ ئاتالغان بۇ ۋەقە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

إِنَّا بَلَوْنَاهُمْ كَمَا بَلَوْنَا أَصْحَابَ الْجَنَّةِ إِذْ أَقْسَمُوا لَيَصْرِمُنَّهَا مُصْبِحِينَ وَلَا يَسْتَثْنُونَ فَطَافَ عَلَيْهَا طَائِفٌ مِّن رَّبِّكَ وَهُمْ نَائِمُونَ فَأَصْبَحَتْ كَالصَّرِيمِ فَتَنَادَوا مُصْبِحِينَ أَنِ اغْدُوا عَلَى حَرْثِكُمْ إِن كُنتُمْ صَارِمِينَ فَانطَلَقُوا وَهُمْ يَتَخَافَتُونَ أَن لَّا يَدْخُلَنَّهَا الْيَوْمَ عَلَيْكُم مِّسْكِينٌ وَغَدَوْا عَلَى حَرْدٍ قَادِرِينَ

**"شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى مەككە ئاھالىسىنى) مەلۇم باغنىڭ ئىگىلىرىنى سىنىغاندەك (قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىققا دۇچار قىلىش بىلەن) سىنىدۇق. ئۇلار (يەنى باغنىڭ ئىگىلىرى) ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى (كەمبەغەللەر ئۇقمىسۇن، ئۇلارغا ھېچ نەرسە بەرمەيلى دېيىشىپ) سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەن ئىدى. ئۇلار خۇدا خالىسا دېمىگەن ئىدى. .ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندا، باغقا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ئازاب (يەنى يانغىن) نازىل بولۇپ، باغ (كۆيۈپ) قاپقارا كۆلدەك بولۇپ قالدى. .ئۇلار: «ئەگەر (مېۋىلەرنى) ئۈزمەكچى بولساڭلار باغقا بېرىڭلار» دەپ، ئەتىگەندە بىر-بىرىنى توۋلاشتى. ئۇلار ماڭدى، يولدا كېتىۋېتىپ: «بۈگۈن باغقا ھەرگىز بىر مىسكىنمۇ كىرمىسۇن» دېيىشىپ پىچىرلاشتى. ئۇلار: «(مىسكىنلەرنى باغقا كىرىشتىن) توسيالايمىز دېگەن ئوي بىلەن، ئەتىگەندە تۇرۇشتى."**

(سۈرە قەلەم، 17 - 25-ئايەت)

ئۇلار باغقا بېرىپ، پىخسىقلىقىنىڭ ۋە ئالدامچىلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ پۇشايمان ئوتىدا كۆيدى. جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھاڭ-تاڭ قېلىپ پۇشايمان قىلغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

فَلَمَّا رَأَوْهَا قَالُوا إِنَّا لَضَالُّونَ بَلْ نَحْنُ مَحْرُومُون قَالَ أَوْسَطُهُمْ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ لَوْلَا تُسَبِّحُونَ قَالُوا سُبْحَانَ رَبِّنَا إِنَّا كُنَّا ظَالِمِينَ فَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ يَتَلَاوَمُونَ قَالُوا يَا وَيْلَنَا إِنَّا كُنَّا طَاغِين عَسَى رَبُّنَا أَن يُبْدِلَنَا خَيْرًا مِّنْهَا إِنَّا إِلَى رَبِّنَا رَاغِبُونَ

**"ئۇلار باغنىڭ (كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى) كۆرۈپ: «بىز ھەقىقەتەن ئېزىپ قېلىپتۇق، ياق بىز (باغنىڭ مېۋىسىدىن) قۇرۇق**

**قىلىپتۇق» دېدى. ئۇلارنىڭ ياخشىسى (يەنى ئەڭ ئەقىللىقى): «سىلەر نېمىشقا ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ تەسبىھ ئېيتمايسىلەر دېمىگەنمىدىم؟ دېدى. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! سېنى پاك ئېتىقاد قىلىمىزكى، بىز (مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى مەنئى قىلىش بىلەن) ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر- بىرگە قارىشىپ ئۆز ئارا مالامەت قىلىشتى. ئۇلار دېيىشتى: «ۋاي بىزگە! بىز ھەقىقەتەن ھەددىمىزدىن ئېشىپتۇق. ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىمىز بىزگە بۇنىڭدىن ياخشىراق باغنى بەرگەي، بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزدىن ئۈمىد قىلغۇچىلارمىز» ."** (سۈرە قەلەم، 26 - 32ئايەت)

بۇ ئايەتلەردە غېرىپ- مىسكىنلەرنىڭ ئۆشرە ھەققىنى بەرمەسلىك ئۈچۈن ھىيلە-مىكىر قىلغان شەپقەتسىز باغ ئىگىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى ئىبرەتلىك شەكىلدە بايان قىلىنغان. قەلبىتىكى پۈتۈن نىيەتلەرنى ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قۇدرىتى چەكسىزدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ قىسسىنى تۆۋەندىكى مۇھىم ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

كَذَٰلِكَ الْعَذَابُ وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَكْبَرُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ

**"ئازاب مانا مۇشۇنداقتۇر (يەنى قۇرەيشكىمۇ باغ ئىگىلىرىگە چۈشكەن ئازاب چۈشىدۇ). ئەگەر ئۇلار بىلسە، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر. "** (سۈرە قەلەم، 33-ئايەت)

### ھەزرىتى يۈسۈفنىڭ پاراستى

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام، پادىشاھ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگۈچە، ئاقلىنىپ،ناھەق زىندانغا تاشلانغانلىقىنى پۈتۈن خەلق بىلمىگۈچە، زىنداندىن چىقىشنى خالىمىدى. ئەقلىنى ئىشلىتىپ، سەۋر قىلىپ ئۆزىگە ھەسەت قىلغانلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۆزىگە قىلىنغان پۈتۈن بوھتانلارنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، بۇ تۆھمەتلەردىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغاندىلا ئاندىن زىنداندىن چىقىشنى قوبۇل قىلدى.

بۇنىڭدىن ھەر بىر مۇسۇلمان يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ پاراستىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، تۆھمەتلەردىن ھەزەر ئەيلىشى ۋە ئەستايىدىل بولۇشى كېرەك. ئىسلام ئالىملىرىمۇ «مۆمىنلەر تۆھمەتلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك» دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«كىم تۆھمەت يوللىرىغا كىرسە تۆھمەتكە يولۇقىدۇ» دېگەن.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆھمەتتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك ھاياتىدىمۇ كۆرەلەيمىز. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ساپىييە بىنتى ھۇيەي رەزىيەللاھۇ ئەنھا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېتىكاپقا كىرگەن ئىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سۆزلەشتىم. قايتىدىغان ۋاقتىتا ئۇ مىنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئەنسارلاردىن بولغان ئىككى كىشى ئۇچرىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، ئۇ يەردىن چاپسان يىراقلىششى ئۈچۈن قەدىمىنى تىزلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئالدىراقسانلىق قىلماڭلار. يېنىمدىكى ساپىييە بىنتى ھۇيەيدۇر» دېدى.

ئۇلار:

پەيغەمبەرنىڭ خاتا ئىش قىلىشىدىن ئاللاھنى پاك دەپ بىلىمىز، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! دېگىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«شەيتان ئىنسانىنىڭ بەدىنىدە قانغا ئوخشاش ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا بىر يامانلىق ياكى بىر شەك تاشلىشىدىن ئەندىشە قىلدىم.» دېدى. (بۇخارى، «ئېتىكاپ»، 11، مۇسلىم، «سالام»، 23-25)

تۆھمەتكە قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش مۇھىم بولغىنىدەك، تۆھمەت قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە قۇللىرىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

وَلاَ تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ
وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً

**"بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ."** (سۈرە بەنى ئىسرائىل، 36-ئايەت)

ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، تۆھمەتتىن قۇتۇلغان يۇسۇف ئەلەيھىسسالام يەنىلا نەپسىنىڭ ھىيلىسىدىن جانابى ئاللاھقا سېغىنىپ، مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا أُبَرِّىءُ نَفْسِي إِنَّ النَّفْسَ لأَمَّارَةٌ بِالسُّوءِ إِلاَّ مَا رَحِمَ رَبِّيَ إِنَّ رَبِّي غَفُورٌ رَّحِيمٌ

**«مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن: نەپس دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر؛ ناھايىتى مېھرىباندۇر».** (سۈرە يۇسۇف، 53-ئايەت)

بىر باشقا ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ مَا زَكَا مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ أَبَدًا
وَلَكِنَّ اللَّهَ يُزَكِّي مَن يَشَاء وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ

**"ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچ ئادەم ئەبەدىي پاك بولماس ئىدى ۋە لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر."** (سۈرە نۇر، 21-ئايەت)

بەندىنىڭ ۋەزىپىسى تەۋبە، ئىلتىجا، يالۋۇرۇش ئارقىلىق نەپسىنىڭ شەررىدىن پاناھ قىلىشنى تىلەش ۋە ئاخىرەتتە يۈزى يورۇق ھالدا رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىشقا دۇئا قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

**ئاللاھ قۇلنى سۇلتان قىلىدۇ**

نەتىجىدە ھەزرىتى يۇسۇفتىكى ئەستايىدىللىق، زېرەكلىك ۋە پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارنى كۆرگەن پادىشاھ، ئۇنى يۇقىرى مەنسەپكە ئىگە قىلىشنى ئويلىدى. بۇ ئەھۋال ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَقَالَ الْمَلِكُ ائْتُونِي بِهِ أَسْتَخْلِصْهُ لِنَفْسِي فَلَمَّا كَلَّمَهُ قَالَ إِنَّكَ الْيَوْمَ لَدَيْنَا مِكِينٌ أَمِينٌ

**"پادىشاھ: «يۇسۇفنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ خاس ئادىمىم قىلىمەن» دېدى. يۇسۇف ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۇ: «سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەقىقەتەن مەرتىۋىلىك، ئىشەنچلىك ئادەمسەن» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 54-ئايەت)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداندىن چىققان ۋاقىتتا زىنداننىڭ ئىشىكىگە مۇنۇلارنى يازدى:

«بۇ يەر بالالار ئورنى، تىرىكلەرنىڭ قەبرى، دۈشمەنلەر سۆيۈنگەن، دوستلار ئىمتىھان بەرگەن يەردۇر.»

ئاندىن كېيىن غۇسلى قىلىپ يېڭى كىيىملەرنى كەيدى. زىنداندىكىلەر ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى ئاللاھ! سالىھلارنىڭ قەلبىنى ئۇلارغا مايىل قىل، دوستلارنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۇلاردىن يوشۇرما!»

پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىدا:

«ئى ئاللاھ! بۇنىڭدىن كېلىدىغان ياخشىلىقتىن بۇرۇن سەندىن ياخشىلىق كۈتىمەن. بۇنىڭ شەررىدىن سېنىڭ ئىززەت ۋە قۇدرىتىڭگە سىغىنىمەن.» دېدى.

بۇ ھۆكۈمدار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى سېتىۋالغان مىسىر باش ۋەزىرى ئەمەس ئىدى. رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، زۇلەيخانىڭ ئېرى بولغان ۋەزىر، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداندىن چىقىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ھۆكۈمدار، ئەرەبىستاندىن كېلىپ تۆت يۈز يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن جەمەتتىن چىققان پەزىلەتلىك زات ئىدى. كۆپ تىل بىلەتتى. ئۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىنمۇ كۆپ تىل بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشنى تەلەپ قىلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇرۇن سۆزلىگەنلىرىنى تەكرارلىدى. بۇ گۈزەل تەبىر ئالدىدا ھەيران قالغان ھۆكۈمدار، قانداق تەدبىر ئېلىش لازىملىقى توغرىسىدا سورىدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى:

«كۆپ مەھسۇلات ئېلىنىپ، مولچىلىق بولغان يىللاردا كۆپلەپ زىرائەت تېرىپ ئامباردا توپلاش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا قۇرغاقچىلىق يىللىرىدا ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ، تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ خەزىنىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.»

قَالَ اجْعَلْنِي عَلَى خَزَآئِنِ الأَرْضِ إِنِّي حَفِيظٌ عَلِيمٌ

**"يۇسۇف: «مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 55-ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئادالەت ۋە دىنىي ھۆكۈملەرنى تۇرغۇزۇشقا قادىر بىر كىشىنىڭ ئىدارى بىر ۋەزىپىنى تەلەپ قىلىشى جائىزدۇر. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا مۇنداق ئارزۇلاردا بولۇشى جائىز ئەمەستۇر.

ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

تاغامنىڭ ئىككى بالىسى بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەن ئىدىم. ئۇلاردىن بىرسى:

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! جانابى ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەن ۋەزىپىلىرىدىن بىرىگە بىزنى تەيىنلىگىن» دېدى. تاغامنىڭ يەنە بىر ئوغلىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر تەلەپتە بولدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز تەلەپ قىلغان ياكى ۋەزىپىگە ھەۋەسمەن كىشىلەرنى ئىدارىچى (باشقۇرغۇچى) تەيىنلىمەيمىز.» (بۇخارى، «ئەھكام»، 7؛ مۇسلىم، «ئىمارە»، 15)

بۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە مەسئۇل كىشى ئىشنى ھەقىقى كەسىپ ئەھلىگە بېرىشى كېرەك. ۋەزىپىنى تەلەپ قىلغان كىشىلەرنىڭ شەخسى تەلەپ، ئارزۇلىرىغا قاراپ ئەمەس بەلكى لاياقىتىگە قاراپ بېرىشى كېرەك.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىدارى بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ ۋەلىۋنى بايان قىلغان بۇ ئايەت، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ھاكىم قىلىپ، باتىلنى يوقۇتۇپ ھەقنىڭ قۇدرىتى ۋە مەۋجۇتلىقى بىلەن پۈت تىرەپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئەگەر زۆرۈرىيەت تېپىلسا، ھوقۇقنى كاپىر ۋە زالىم سۇلتاننىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. لېكىن بۇ قىيىن ۋە مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولغان ۋەزىپىدۇر. بۇ كىمگە لايىق بولسا ئۇنىڭغا ئائىتتۇر. شۇڭا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ جەھەتتىكى پۈتۈن شەرتلەرنى ئۆزىدە جەم قىلغانلىقى ئۈچۈن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن زىرائەت ئىشلىرىدىن مەسئۇل ۋەزىرلىكنى ئۈستىگە ئالدى.

جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَكَذَلِكَ مَكَّنَّا لِيُوسُفَ فِي الأَرْضِ يَتَبَوَّأُ مِنْهَا حَيْثُ يَشَاء نُصِيبُ بِرَحْمَتِنَا مَن نَّشَاء
وَلاَ نُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ وَلَأَجْرُ الآخِرَةِ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ آمَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ

**"بىز يۇسۇفنى (مىسىر زېمىنىدا خالىغان جايدا تۇرىدىغان (مەملىكەتنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) قىلىپ يەرلەشتۈردۇق، رەھمىتىمىزنى خالىغان بەندىلىرىمىزگە ئېرىشتۈرىمىز، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمىز. ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە، (بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ئارتۇقتۇر."**

(سۈرە يۇسۇف، 56 - 57 ـ ئايەت)

پادىشاھ ئۆز سەلتەنىتىنى قوشۇپ، پۈتۈن مىسىرنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بىر پەيغەمبەرگە كۆرسەتكەن بۇ ئىززەت سەۋەبىدىن پادىشاھ ئاللاھنىڭ لۇتفىغا ئېرىشىپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئىمان ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ يېنىدىكى كۆپلىگەن كىشلەر ئىمان ئېيتىشتى. چۈنكى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلغانىدى.

شۇنى بىلىش كېرەككى، لۇتۇپ (ياخشىلىق) ۋە كەرەم (سېخىيلىق) مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ۋەسىلىدۇر. بۇ گۈزەل خىسلەتلەر بىر كاپىردا بولغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن كىشى مۇنداق بىر شارائىتتا كۆڭلىدىكى يۇمشاش ۋە سېخىيلىق خىسلىتىدىن پايدىلىنىپ ئىمان ۋە تەۋھىدكە دەۋەت قىلىشتىن غەپلەتتە قالماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇ ۋەسىلە ئارقىلىق ئۇ كاپىرنىڭ قۇتۇلۇشقا ئېرىششى مۇمكىن.

مىسىرنىڭ باشقۇرۇش ۋە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا زىرائەتچىلىكنى راۋاجلاندۇردى. كىرىمنى ئاشۇرۇپ ئېھتىياجدىن ئاشقان مەھسۇلاتلارنى ئامبارلارغا قاچىلىدى. قۇرغاقچىلىق يىللاردا بۇ ئامبارلاردىكى ماللار ھەم دۆلەتنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن قوللىنىلدى ھەمدە ئېكسپورت قىلىپ خەزىنىگە كىرىم قىلىندى. ئىنسانلار ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئۇنىڭدىن ئاشلىق سېتىۋېلىشقا باشلىدى.

### زۇلەيخا بىلەن ئۆيلىنىشى

بۇ چاغدا زۇلەيخانىڭ قول ئىلكىدە ھېچنەرسە قالمىدى. يۇسۇفكە بولغان ئىشقى مۇھەببەتتىن كۆزلىرى قۇرۇپ بەدىنى ئاجىزلاپ، يېشى چوڭ ئاياللاردەك بولۇپ قالدى. نەتىجىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتىدىغان يولى ئۈستىدىكى

بىر ئىبادەتخانىغا كىردى. بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئويلاپ ھەققەتنىڭ تېگىگە يېتىپ، بۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

«ساڭا ۋە ساڭا چوقۇنغانلارغا ۋاي ئىسىت! شۇ ياشانغان ھالىمغا، كورلۇقۇمغا ۋە مىسكىنلىكىمگە مەرھەمەت قىلمىدىڭ! بۈگۈندىن باشلاپ سېنى ئىنكار قىلىپ يۇسۇفنىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتىمەن» دېدى. ھىدايەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن ھەر كۈنى ئاللاھنى زىكىر قىلدى.

بىر كۈنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئېتىغا مىنىپ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن زۇلەيخانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. زۇلەيخا دەرھال ئۆيىدىن چىقىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

«سۇلتانلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن قۇل قىلغان، قۇللارنى ئاللاھقا قۇللۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن سۇلتان قىلغان ئۇ قۇدرەتلىك زاتنى پاك دەپ بىلىمەن!»

ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن شامال بۇ ئاۋازنى يۇسۇفنىڭ قولىقىغا يەتكۈزدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زۇلەيخانى تونۇيالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا باشقىلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدۇردى. لېكىن زۇلەيخا پەقەت يۇسۇفنىڭلا ئۆزىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ ھوزۇرىغا چىقتى. ئۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى گۈزەللىكى ۋە كۆزلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى ئەمرىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئارزۇسىنى بەجا كەلتۈردى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن زۇلەيخاغا كۆزلىرى ۋە بۇرۇنقى گۈزەللىكى ئەسلىگە كەلدى. لېكىن ئۈچۈنچى تەلىپى ھەققىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بېشىنى پەسكە ئېگىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. دەل شۇ چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا:

«ئى يۇسۇف! رەببىڭ ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ئۇ ئايالنىڭ تەلەپلىرىنى ئىجرا قىلىشىڭنى بۇيرۇدى! ئۇنى ئەمرىڭگە ئالغىن، چۈنكى ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سېنىڭ ئايالىڭدۇر!»

بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زۇلەيخانى ئەمرىگە ئالدى.

ئاندىن كېيىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قوللىرىنى ئېچىپ مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ماڭا كۆپلىگەن نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى بولغان ئى ئاللاھ! ساڭا چەكسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇن! ئى ئاللاھ! ئۈستۈمدىكى نېمەتلەرنى تاماملىشىڭنى، ماڭا ئاتام ياقۇبنىڭ يۈزىنى كۆرۈشۈمگە،

مېنمۇ ئۇنىڭغا كۆرستىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆزلىرىنى نۇرلاندۇرۇشنى ۋە قېرىنداشلىرىمنىڭمۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈش يوللىرىنى ئېچىشنى سەندىن تىلەيمەن، رەببىم سەن دۇئالارنى قوبۇل قىلغۇچى، ھەممىگە قادىرسەن!»

**ئاشلىق ئېلىشقا كەلگەن قېرىنداشلىرى ۋە ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ گۈزەل پىلانى**

بۇ زامانلاردا قۇرغاقچىلىق تۇپەيلىدىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۇسۇفنىڭ ئۆز قېرىندىشى بولغان بۇنيامىننى يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، باشقا ئوغۇللىرىنى ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن مىسىرغا يولغا سالدى.

قۇرئاندا بۇ ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَجَاء إِخْوَةُ يُوسُفَ فَدَخَلُواْ عَلَيْهِ فَعَرَفَهُمْ وَهُمْ لَهُ مُنكِرُونَ وَلَمَّا جَهَّزَهُم بِجَهَازِهِمْ قَالَ ائْتُونِي بِأَخٍ لَّكُم مِّنْ أَبِيكُمْ أَلاَ تَرَوْنَ أَنِّي أُوفِي الْكَيْلَ وَأَنَاْ خَيْرُ الْمُنزِلِينَ فَإِن لَّمْ تَأْتُونِي بِهِ فَلاَ كَيْلَ لَكُمْ عِندِي وَلاَ تَقْرَبُونِ

**"يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى كېلىپ يۇسۇفنىڭ قېشىغا كىردى. يۇسۇف ئۇلارنى تونۇدى، ئۇلار بولسا يۇسۇفنى تونۇمىدى. يۇسۇف ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى تەييارلاپ بەرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئاتا بىر ئۇكاڭلارنى (يەنى بۇنيامىننى) ئېلىپ كېلىڭلار، مېنىڭ (ئاشلىقنى) تولۇق ئۆلچەپ بېرىۋاتقانلىقىمنى ۋە ناھايىتى مېھماندوست ئىكەنلىكىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئەگەر ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلمىسەڭلار، سىلەرگە بېرىدىغان ئاشلىقىم يوق، مېنىڭ يېنىمغا يېقىن يولىماڭلار». "** (سۈرە يۇسۇف 58 - 60 - ئايەت)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلمىگەن قېرىندىشىنى تەلەپ قىلىشى شۇ سەۋەپتىندۇر. قۇرغاقچىلىق تۇپەيلىدىن ئاشلىق ئېھتىياجغا قاراپ بېرىلەتتى. شۇڭا ياردەم ئالىدىغان كىشى ئۆزى كېلىشى كېرەك ئىدى. يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى، كەلمىگەن ئاتىسى ۋە قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ بىرەر كىشىلىك ھەسسە تەلەپ قىلدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ياشىنىپ قالغان ئاتىسىغا ئېتىبار قىلىپ، بىر قېتىم ئاشلىق بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى نۆۋەتلەردە باشقا قېرىندىشىنىڭمۇ كېلىشىنى شەرت قويىدى. بۇ ۋەسىلە بىلەن قېرىندىشىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشنى ئويلىدى. قېرىنداشلىرى:

قَالُواْ سَنُرَاوِدُ عَنْهُ أَبَاهُ وَإِنَّا لَفَاعِلُونَ وَقَالَ لِفِتْيَانِهِ اجْعَلُواْ بِضَاعَتَهُمْ فِي رِحَالِهِمْ
لَعَلَّهُمْ يَعْرِفُونَهَا إِذَا انقَلَبُواْ إِلَى أَهْلِهِمْ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُون فَلَمَّا رَجِعُوا إِلَى أَبِيهِمْ قَالُواْ
يَا أَبَانَا مُنِعَ مِنَّا الْكَيْلُ فَأَرْسِلْ مَعَنَا أَخَانَا نَكْتَلْ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ قَالَ هَلْ آمَنُكُمْ عَلَيْهِ
إِلاَّ كَمَا أَمِنتُكُمْ عَلَى أَخِيهِ مِن قَبْلُ فَاللّهُ خَيْرٌ حَافِظًا وَهُوَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ

**"ئۇلار: «بىز ئۇنى ئاتىسىدىن سوراپ (سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىشكە) تىرىشىمىز، بىز چوقۇم مۇشۇنداق قىلىمىز» دېدى. يۇسۇف خىزمەتچىلىرىگە: «ئۇلارنىڭ (ئاشلىق سېتىۋالغان) مال ـ مۈلۈكلىرىنى يۈك ـ تاقلىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇڭلار، ئۇلار ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندا، ئۇنى تونۇپ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن» دېدى. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ بارغىنىدا: «ئى ئاتىمىز! (مىسىرنىڭ پادىشاھى) بىزگە قايتا ئاشلىق بەرمەس بولدى، ئۇكىمىزنى (يەنى بۇنيامىننى) بىز بىللە ئەۋەتكىن، (شۇنداق قىلساڭ) ئاشلىق ئالالايمىز، ئۇنى بىز چوقۇم ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىمىز» دېدى. (ياقۇب) ئۇلارغا ئېيتتى: «ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىلگىرى سىلەرگە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يەنى يۇسۇف) توغرىسىدا ئىشەنگەندەك ئىشىنەمدىم؟ (مەن سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئۇنى ساقلىشىڭلارغا ئىشەنمەيمەن) ئاللاھ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىباندۇر» ."** (سۈرە يۇسۇف، 61 - 64 ـ ئايەت)

ياقۇب ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھ ئەڭ ياخشى قوغدىغۇچىدۇر. ھەممىدىن مېھرىباندۇر» دېگىنىدە، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى:

**«ئىززەت ۋە جالالىمنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن، سەن ماڭا بۇ شەكىلدە تەۋەككۇل قىلدىڭ، مەنمۇ ساڭا ئىككى ئەۋلادىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىمەن!»**

بۇ يەردىكى مەزمۇن شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مۆمىن پانىلارغا ئەمەس ئاللاھقا تايىنىپ ئۇنىڭغا ئىشىنىشى ۋە دائىم ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسە ئاۋۋال ئۆزىنى قوغداشقا موھتاجدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ھېچنەرسىگە ئېھتىياجى يوقتۇر. لېكىن ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىش بىلەن بىرگە سەۋەپ قىلىشنى تەرك ئەتمەسلىك كېرەك.

ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى بۇنيامىننى ئېلىپ مىسىرغا بېرىپ ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن ئاتىسىنى تۈرلۈك دەلىللەر بىلەن قايىل قىلىشقا ئۇرۇندى:

وَلَمَّا فَتَحُواْ مَتَاعَهُمْ وَجَدُواْ بِضَاعَتَهُمْ رُدَّتْ إِلَيْهِمْ قَالُواْ يَا أَبَانَا مَا نَبْغِي هَذِهِ بِضَاعَتُنَا رُدَّتْ إِلَيْنَا وَنَمِيرُ أَهْلَنَا وَنَحْفَظُ أَخَانَا وَنَزْدَادُ كَيْلَ بَعِيرٍ ذَلِكَ كَيْلٌ يَسِيرٌ

**"ئۇلار يۈكلىرىنى ئاچقاندا (ئاشلىق سېتىۋالغان) مال مۈلۈكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى كۆردى، ئۇلار: «ئاتىمىز! بىز (بۇنىڭدىن ئارتۇق) يەنە نېمە تەلەپ قىلىمىز؟ بۇ مال ـ مۈلۈكلىرىمىز بىزگە قايتۇرۇپ بېرىلىپتۇ، (ئۇكىمىزنى ئېلىپ يەنە بارساق) ئائىلىمىزگە ئاشلىق ئېلىپ كېلىمىز، ئۇكىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىمىز، بىر تۆگە ئاشلىقنى ئارتۇق ئالىمىز، بۇ (يەنى بىر تۆگە ئاشلىق پادىشاھ ئۈچۈن) ئازغىنا ئاشلىقتۇر» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 65 ـ ئايەت)

ئاخىرى ياقۇب ئەلەيھىسسالام بۇنيامىننى ئەۋەتىشكە رازى بولدى.

قَالَ لَنْ أُرْسِلَهُ مَعَكُمْ حَتَّى تُؤْتُونِ مَوْثِقًا مِّنَ اللّهِ لَتَأْتُنَّنِي بِهِ إِلاَّ أَن يُحَاطَ بِكُمْ فَلَمَّا آتَوْهُ مَوْثِقَهُمْ قَالَ اللّهُ عَلَى مَا نَقُولُ وَكِيلٌ وَقَالَ يَا بَنِيَّ لاَ تَدْخُلُواْ مِن بَابٍ وَاحِدٍ وَادْخُلُواْ مِنْ أَبْوَابٍ مُّتَفَرِّقَةٍ وَمَا أُغْنِي عَنكُم مِّنَ اللّهِ مِن شَيْءٍ إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَعَلَيْهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُتَوَكِّلُونَ

**"ياقۇب ئېيتتى: «بۇنيامىننى قوغداشتا ھەممىڭلار ھالاك بولمىساڭلارلا چوقۇم ماڭا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ چىڭ ۋەدە بەرمىگۈچە ئۇنى سىلەر بىلەن بىللە ئەۋەتمەيمەن». ئۇلار (يەنى ئوغۇللىرى) ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ياقۇب: «بىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمىزگە ئاللاھ گۇۋاھتۇر» دېدى." (ئۇ يەنە) «ئى ئوغۇللىرىم! (مىسىرغا) ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار. ئاللاھنىڭ قازاسى ئالدىدا مەن سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايمەن، ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقىلا خاس، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلدىم، تەۋەككۈل قىلغۇچىلار ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلسۇن!» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 66 - 67 ـ ئايەت)

ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىغا مىسىرغا بارغاندىن كېيىن ئوخشىمىغان دەرۋازىلاردىن كىرىشنى بۇيرۇشىدىكى مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشىنىڭ پوزۇر ئىكەنلىكى شۇنداقلا ئالدىنقى قېتىم كەلگىنىدە پادىشاھتىن ھېچكىم كۆرمىگەن ھۆرمەتنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بولۇپ، بۇ بالىلىرىغا يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تۇزاق قۇرۇشىدىن ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەممە كىشى ھەۋەس بىلەن ئۇلارغا تىكىلدى. شۇڭا ئۇلار بىرلىكتە شەھەرگە كىرىدىغان بولسا بېشىغا بالا - قازا كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«كۆز تېگىش ھەقتۇر.» بۇخارى، «تىب»، 36)

« كۆز تېگىش ئىنساننى قەبرىگە، تۆگىنى بولسا قازانغا ئېلىپ بارىدۇ (ئۆلتۈرىدۇ).» (سۇيۇتى، «ئەل جامىئۇس-سەغىر»، 11، 60)

شۇڭا ھېچكىمگە يامان كۆز بىلەن قارىماسلىق كېرەك. داۋاملىق ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرمىغان كىشىلەر يامان نەزەرلەردىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاللاھقا سىغىنغانلار بولسا قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ھەققىدە ئاللاھقا مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ھەر تۈرلۈك شەيتاندىن، يىلان ۋە چايانغا ئوخشاش زەھەرلىك ھايۋانلاردىن ئاللاھنىڭ مۇكەممەل بولغان كەلىمىلىرىگە (قۇرئان ئايەتلىرىگە، ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىگە) سىغىنىمەن.»

ئۇنىڭ كەينىدىن:

«ئاتام ئىبراھىممۇ، (ئوغۇللىرى) ئىسمائىل بىلەن ئىسھاق ئۈچۈن بۇ دۇئا بىلەن سىغىنغان» دېدى. (بۇخارى، «ئەنبىيا»، 10؛ ئەبۇ داۋۇد، «سۈننەت»، 20)

بىر كىشى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەن بىر نەرسىنى كۆرگىنىدە نەزەر تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن:

«ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، كۈچ ۋە قۇدرەت پەقەت ئاللاغىلا خاستۇر.»

بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن:

بارەكەللاھۇ فىيكە ۋە ئەلەيكە

«ئاللاھ ئۇنىڭغا، ساڭا خەيرلەر ئېھسان قىلسۇن» دېيىشى كېرەك.

ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ نەسىھىتىنى ئاڭلىغان ئوغۇللىرى ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن قايتا يولغا چىقتى.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَلَمَّا دَخَلُواْ مِنْ حَيْثُ أَمَرَهُمْ أَبُوهُم مَّا كَانَ يُغْنِي عَنْهُم مِّنَ اللهِ مِن شَيْءٍ إِلاَّ حَاجَةً فِي نَفْسِ يَعْقُوبَ قَضَاهَا وَإِنَّهُ لَذُو عِلْمٍ لِّمَا عَلَّمْنَاهُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ

**"ئۇلار ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باشقا - باشقا دەرۋازىلاردىن كىرگەندە، (بۇ) ئاللاھنىڭ قازاسى ئالدىدا ئۇلار ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە دال بولالمىدى، بۇ پەقەت ياقۇبنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈمىدىنىلا ئىپادىلىدى، خالاس. بىز ياقۇبقا (ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرگەن ئىدۇق، شۇڭا ئۇ (كەڭ بىلىم ئىگىسىدۇر، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (تەقدىرنىڭ سىرىنى) بىلمەيدۇ."** (سۈرە يۇسۇف، 68 ـ ئايەت)

**مەن سېنىڭ قېرىندىشىڭ يۇسۇف بولىمەن!**

وَلَمَّا دَخَلُواْ عَلَى يُوسُفَ آوَى إِلَيْهِ أَخَاهُ قَالَ إِنِّي أَنَاْ أَخُوكَ فَلاَ تَبْتَئِسْ بِمَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ

**"ئۇلار (يەنى ياقۇبنىڭ بالىلىرى) يۇسۇفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۇسۇف ئۇكىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ قېرىندىشىڭ بولىمەن، ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان ئىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 69 ـ ئايەت)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىنى ياخشى كۈتىۋېلىپ، داستىخانغا ئۇلارنى ئىككى ـ ئىككىدىن ئولتۇرغۇزغان. بۇنيامىن يالغۇز قېلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«قېرىندىشىم يۇسۇف ھاياتتا بولغان بولسا ئىدى، مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان بولاتتى.»

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. تائامدىن كېيىن قېرىنداشلىرىنى يەنە ئىككى ـ ئىككىدىن ھوجرىلارغا تەقسىم قىلدى. بۇنيامىن يەنە يالغۇز قالدى. بۇنىڭ ئۈستىگە يۇسۇف مۇنداق دېدى:

«بۇنىڭ ھەمراھى يوق! ئۇنداقتا بۇ مەن بىلەن بىرگە قالسۇن!»

شۇنىڭ بىلەن بۇنيامىن كېچىنى ئۇنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

«ئۆلگەن بىر تۇغقىنىڭنىڭ ئورنىدا مېنى بىر تۇغقان دەپ قوبۇل قىلامسەن؟»

بۇنيامىن جاۋابەن:

«ساڭا ئوخشاش بىر تۇغقاننى كىم تاپالايدۇ؟ ئەمما سەن ئاتام ياقۇپ بىلەن ئانام راھىلنىڭ ئەۋلادى ئەمەس» دېگەندە، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام يىغلىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ بۇنيامىننىڭ بوينىغا ئېسىلدى. كېيىن ھەقىقەتلەرنى ئېيتتى:

**«مەن سېنىڭ بىر تۇغقىنىڭ يۇسۇف بولىمەن! ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان ئىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن!»**

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنيامىنغا: «**ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتە بىزگە قىلغان ئىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن!»** دېيىشىدە، ئاللاھنىڭ ھەسەتخورلارنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىنى مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىغا دالالەتتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى يۇسۇفكە قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى، ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھەسەتخولۇق قىلىپ، نۇرغۇن ئازاپ چەكتۈردى. لېكىن ئارزۇسىغا يېتەلمىدى. ئاللاھ تائالا ئاۋۋال ئىككى بىر تۇغقاننى، كېيىن ئاتىلىرى بىلەن ئەۋلادلىرىنى بىر-بىرلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشتۈردى.

### ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ بۇنيامىننى ئېلىپ قېلىشى

يۇسۇف ئۆزىنى بىر تۇغقىنى بۇنيامىنغا تونۇتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

«ئي قېرىندىشىم! مەن سېنى يېنىمدا ئېلىپ قالىمەن. ئاتام مەندىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن قاتتىق غەم-قايغۇدا قالدى. بۇنى ئوبدان بىلىسەن؛ ئەگەر سېنى بۇ يەردە ئېلىپ قالسام ، غەم-قايغۇسى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. لېكىن ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىم كېرەك. مەن بۇ ھەقتە ياخشى بىر پىلان تۈزدۈم.»

فَلَمَّا جَهَّزَهُم بِجَهَازِهِمْ جَعَلَ السِّقَايَةَ فِي رَحْلِ أَخِيهِ ثُمَّ أَذَّنَ مُؤَذِّنٌ أَيَّتُهَا الْعِيرُ إِنَّكُمْ لَسَارِقُونَ قَالُواْ وَأَقْبَلُواْ عَلَيْهِم مَّاذَا تَفْقِدُونَ قَالُواْ نَفْقِدُ صُوَاعَ الْمَلِكِ وَلِمَن جَاء بِهِ حِمْلُ بَعِيرٍ وَأَنَاْ بِهِ زَعِيمٌ قَالُواْ تَاللّهِ لَقَدْ عَلِمْتُم مَّا جِئْنَا لِنُفْسِدَ فِي الأَرْضِ وَمَا كُنَّا

سَارِقِينَ قَالُواْ فَمَا جَزَآؤُهُ إِن كُنتُمْ كَاذِبِينَ قَالُواْ جَزَآؤُهُ مَن
وُجِدَ فِي رَحْلِهِ فَهُوَ جَزَاؤُهُ كَذَلِكَ نَجْزِي الظَّالِمِينَ

**"يۇسۇف ئۇلارنى ئېھتىياجلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، قەدەھنى ئۇكىسىنىڭ يۈكى ئىچىگە سېلىپ قويدى. ئاندىن بىر جاكاچى چىقىپ: «ئى كارۋانلار! سىلەر چوقۇم ئوغرى ئىكەنسىلەر» دەپ توۋلىدى." "(كارۋاندىكىلەر) ئۇلارغا قاراپ: «نېمەڭلارنى يوقىتىپ قويدۇڭلار» دېدى. ﴿ئۇلار: «پادىشاھنىڭ (تامغىسى بېسىلغان) قەدەھنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە (مۇكاپات ئۈچۈن) بىر تۆگە ئاشلىق بېرىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا كېپىل» دېدى. ئۇلار: ئالالاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىلىسىلەر، بىز بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلمىدۇق، بىز ئوغرى ئەمەسمىز» دېدى. ئۇلار (يەنى يۇسۇفنىڭ خىزمەتچىلىرى): «سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلاردا ئوغرىنىڭ جازاسى نېمە؟ (ئەگەر قەدەھ يۈكۈڭلاردىن چىقىپ قېلىپ) يالغانچى بولۇپ قالساڭلارچۇ؟) دېدى. ئۇلار: «ئۇنىڭ جازاسى قەدەھ بىلەن تېپىلغان ئادەمنى قۇل قىلىش، زالىملارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 70 - 75 - ئايەت)

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە ئوغرى، تۇتۇلۇپ قالسا مال ئىگىسىگە بىر يىل قۇل بولۇپ ئىشلەيتتى. مىسىر قانۇنلىرىدا بولسا ئوغرى قامچىلىنىپ، ئوغۇرلىغان مېلىنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى تۆلەيتتى. ھەزرىتى يۇسۇفمۇ بىر تۇغقىنىنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاتىلىرىنىڭ شەرىئىتىگە قاراپ جازالاندۇرۇشنى ئويلاپ ئۇلاردىن قانداق جازالاشنى سورىغانىدى.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

فَبَدَأَ بِأَوْعِيَتِهِمْ قَبْلَ وِعَاء أَخِيهِ ثُمَّ اسْتَخْرَجَهَا مِن
وِعَاء أَخِيهِ كَذَلِكَ كِدْنَا لِيُوسُفَ مَا كَانَ لِيَأْخُذَ أَخَاهُ فِي دِينِ الْمَلِكِ إِلاَّ أَن
يَشَاء اللّهُ نَرْفَعُ دَرَجَاتٍ مِّن نَّشَاء وَفَوْقَ كُلِّ ذِي عِلْمٍ عَلِيمٌ

**"ئۇلار يۇسۇفنىڭ ئۇكىسىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئاندىن يۇسۇفنىڭ ئۇكىسىنىڭ يۈكىدىن قەدەھنى تېپىپ چىقتى. بىز يۇسۇفكە مۇشۇ تەدبىرنى كۆرسەتتۇق، (مىسىر**

**پادىشاھنىڭ قانۇنى بويىچە يۈسۈف ئۇكىسىنى ئېلىپ قالالمايتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى خالىدى، بىز خالىغان ئادەمنى (يۈسۈفنى كۆتۈرگەندەك) يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرىمىز، ھەربىر بىلىمدار ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار زات بار."** (سۈرە يۈسۈف، 76-ئايەت)

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قېرىندىشى بۇنيامىننى يېنىدا ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پاراسەتنىڭ ئۈلگىسى بولغىدەك ياخشى پىلان تۈزدى. نەقىل قىلىنىشىچە، پىلاننى قېرىندىشى بۇنيامىنغا ئېيتىپ ئۇنىڭمۇ تەستىقىنى ئالدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق قىلىشىدىكى مەقستى قېرىنداشلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۆزىگە قىلىنغانلارنى ئەپۇ قىلغان ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ ھەققى بار بولۇپ، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىش يۈسۈفنىڭ قولىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت قېرىنداشلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ سەۋەپتىن ئۆزىنى تونۇتۇشتىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ نامىدا مەسخىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن ھالدا «سىلەر ھەقىقەتەن ئوغرى ئىكەنسىلەر!» دەپ ئەيىپلەش ئارقىلىق ئۇلارنى جىددى بىر پۇشايمانلىق تۇيغۇسغا كەلتۈرۈشنى ئويلىدى. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەڭ ئېغىر گۇناھلىرى (ئوغرىلىق) بولۇپ، بىر ھىلە بىلەن ئاتىلىرىدىن يۈسۈفنى ئوغۇرلىغان ئىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى پۈتۈن قىلغان گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىشقا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇنيامىننىڭ بۇ شەكىلدە قېلىشىنى پىلانلىدى. ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن كېيىنكى كېلىشلىرىدە قېرىنداشلىرىنىڭ قانداق بىر قەلب يۇمشاقلىقى بىلەن ۋە قانچىلىك پاك چۈشەنچىلەر بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەقە بىر قىسىم ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىلاھي جازا بىر تەربىيە بولدى.

باشقىچە ئېيتقاندا، تېخى ئۆزىنى تونۇتۇش ۋاقتىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلگەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام، قېرىندىشىنى ئېلىپ قېلىشنىڭ يوللىرىنى ئويلىغان بولسىمۇ، مەنسىپى ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ مۇستەبىت، زالىملىق ۋە زومىگەرلىككە ئوخشاش ئىنسانغا نوقسان يەتكۈزىدىغان مۇنداق ئۇسۇللاردىن ھەزەر ئەيلىدى. مەسلىنى پەقەت ئەدلىي ۋە قانۇنىي يوللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ ئارقىلىق ئاتىسىنىڭ شەرىئىتىنى مىسىردا ئەمەلىلەشتۈرۈشكە باشلىغان بولدى.

ئاللاھ بىر نەرسىنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلغىنىدا ئۇنىڭ سەۋەپلىرىنىمۇ تەييارلايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەرەپتىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا چارىسىنى ئۆگىتىپ قېرىنداشلىرىنىڭ ھۆكمىگە مۇراجىئەت قىلدۇرغىنىدەك، يەنە بىر تەرەپتىن قېرىنداشلىرىغا ئىشنى سەزدۈرمىگەن ھالدا جاۋاب ۋە ھۆكۈم بەرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ھەم دۆلىتىنىڭ قانۇنلىرىنى چەيلىمەستىن، ئۇلارنى ئۆز ئىقرارلىرى بىلەن ئېغىزلىرىنى تۇۋاقلىدى ھەم ئاتىلىرىنىڭ شەرىئىتىدىن بىر ھۆكۈمنى ئەمەلىلەشتۈرۈش بىلەن مىسىر ھوقۇق ئۆرپ ـ ئادىتىگە جانلىق ۋە ئەمەلى بىر مىسال كەلتۈردى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ پىلانى بىلەن قېرىنداشلىرىنى پۈتۈنلەي چارىسىز قالدۇرۇپ، ئاتىلىرىنىڭ **«پەقەت چارىسىز قالمىغىچە»** دېگەن سۆزىگە مۇۋاپىق بىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئاتىلىرىغا قەسەم قىلىپ تۇرۇپ بەرگەن ۋەدىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قۇتۇلدۇردى. (ئەلمالىلى، 4، 2898 - 2894)

قەدەھ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈكىدىن چىققاندا:

قَالُواْ إِن يَسْرِقْ فَقَدْ سَرَقَ أَخٌ لَّهُ مِن قَبْلُ فَأَسَرَّهَا يُوسُفُ فِي نَفْسِهِ
وَلَمْ يُبْدِهَا لَهُمْ قَالَ أَنتُمْ شَرٌّ مَّكَانًا وَاللّهُ أَعْلَمْ بِمَا تَصِفُونَ

**"ئۇلار: «ئەگەر ئۇ، ئوغرىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قېرىندىشىمۇ (يەنى يۇسۇفمۇ) ئىلگىرى ئوغرىلىق قىلغان» دېيىشتى. يۇسۇف (ئۇلارنىڭ) بۇ سۆزىنى ئىچىدە بىلدى، لېكىن ئۇلارغا مەلۇم قىلمىدى، يۇسۇف (ئىچىدە): «سىلەرنىڭ مەۋقەيىڭلار ئەڭ ياماندۇر، سىلەرنىڭ (يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى توغرىسىدا) قىلغان سۆزۈڭلارنىڭ يالغانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 77 ـ ئايەت)

شۇنىڭ بىلەن بىر تۇققانلىرى «ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئىشتا بىر ئۇقۇشماسلىق بار!» دەپ ئۆزىنى ۋە بۇنيامىننى بۆھتاندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن باشقا بىر چارە ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، ئاچچىقلىنىپ يۇسۇفكە ۋە قېرىندىشىغا بولغان خۇسۇمىتىنى يەنە بىر قېتىم ئېغىزىدىن چىقىرىپ تاشلىدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن قىلىنغان ئوغۇرلۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار بار:

1. يۇسۇفنىڭ ئانا تەرەپتىن بولغان چوڭ دادىسى بۇتپەرەس ئىدى. ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ ئانىسى بولسا دادىسىنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈمىدى بىلەن يۇسۇفكە ئۇ بۇتلارنى ئوغرىلىقچە چېقىۋېتىشكە بۇيرىدى، يۇسۇفمۇ بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

2. ئۇ دادىسىنىڭ داستىخىنىدىن يەيدىغان نەرسىلەردىن ئېلىپ مىسكىنلەرگە بېرەتتى. دادىسىنىڭ بىر قوزا ياكى توخۇسىنى ئېلىپ مىسكىنلەرگە بەرگەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

3. ھامىسى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن يۇسۇف چوڭايغانسېرى ئۇنى دادىسى يېنىغا ئېلىشنى خالىدى. ھامىسىمۇ يۇسۇفتىن ئايرىلمايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىگە مىراس قالغان بەلۋېغىنى يۇسۇفنىڭ بېلىگە باغلاپ قويۇپ، كېيىن يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر يەرنى ئاقتۇردى، بەلباغ يۇسۇفنىڭ ئۈستىدىن چىقتى. ئۇ زامانقى قانۇنلارغا ئاساسەن يۇسۇفنى يېنىدا ئېلىپ قالدى.

4. بۇ بىر بۆھتاندۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبى، ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇزۇن زامان ئۆتكەن بولسىمۇ تېخىچە يۇسۇفكە بولغان نەپرىتى تۈگىمىگەن ئىدى. بۇ ۋەقە بىر قېتىم ھەسەتخورلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر قەلبنىڭ ئۇ ھەسەتتىن ئاسان قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. (رازى، «مەفاتىھۇل-غەيب»، 18، 147)

بۇ سۆز ئىشارى مەنىدە، (سىلەر ئوغرى ئىكەنسىكەر!) دەپ ئەيىپلەش نەتىجىسىدە ئەندىشە بىلەن سۆزلەنگەن ۋە ئۇنىڭغا قارىتا خۇددى مەخپى ئازارلاش بولدى.

يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى:

قَالُواْ يَا أَيُّهَا الْعَزِيزُ إِنَّ لَهُ أَبًا شَيْخًا كَبِيرًا فَخُذْ أَحَدَنَا مَكَانَهُ إِنَّا نَرَاكَ مِنَ الْمُحْسِنِينَ

قَالَ مَعَاذَ اللّهِ أَن نَّأْخُذَ إِلاَّ مَن وَجَدْنَا مَتَاعَنَا عِندَهُ إِنَّآ إِذًا لَّظَالِمُونَ

**"ئۇلار: «ئى ئالىيجاناب زات! ئۇنىڭ (ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان) بىر قېرى ئاتىسى بار، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، بىز**

**سىنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن ھېسابلايمىز» دېدى. يۇسۇف: «خۇدا ساقلىسۇن، نەرسىمىزنى كىمنىڭ يۈكىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالىمىز، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى."**

(سۈرە يۇسۇف، 78 - 79 ـ ئايەت)

زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر. ئاللاھنىڭ ھۆكمى قىلغىنىنىڭ زىددىغا ھۆكۈم قىلىش زۇلۇم بولغاندەك، زۇلۇمنى ئارزۇ قىلىش ياكى زۇلۇمغا رازىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئۆزىمۇ زۇلۇمدۇر. ھەددىنى ئاشقان ھالدا ھەققانىيەتنى چەيلەش، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش، ئاخىرەتتە ئازاپقا دۇچار قىلىدىغان گۇناھ ئىشلەش، كىشىنىڭ ئۆز نەپسىگە قىلغان زۇلۇمدۇر.

زۇلۇم ياكى بىر بالاغا قالغان كىشى، تەۋبە قىلىش ۋە ئىستىغپار بىلەن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئاللاھتىن تىلىشى كېرەك.

سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ ئەت ـ تۇستەرى مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ بىر قۇلنى ياخشى كۆرگەندە گۇناھىنى ئۆز كۆزىدە چوڭ كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا تەۋبە ئىشىكىنى ئاچىدۇ. بۇ ئىشىك ئاللاھ بىلەن ئۇلپەت باغچىلىرىغا ئېچىلىدۇ. بىر قۇلغا غەزەپلەنگەن چاغدا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كۆزىگە كىچىك كۆرسىتىپ، ئۇنى ھەرخىل بالالار بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى گۇناھلارنى كىچىك كۆرگەن كىشى نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلماي ئېغىر زىيان تارتىدۇ.

يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى باشلىرىغا كەلگەن ۋەقەلەردىن نېمە قىلىدىغانلىقى ۋە ئاتىلىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئويلاشقا باشلىدى. قۇرئاندا ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَلَمَّا اسْتَيْأَسُواْ مِنْهُ خَلَصُواْ نَجِيًّا قَالَ كَبِيرُهُمْ أَلَمْ تَعْلَمُواْ أَنَّ أَبَاكُمْ قَدْ أَخَذَ عَلَيْكُم مَّوْثِقًا مِّنَ اللهِ وَمِن قَبْلُ مَا فَرَّطتُمْ فِي يُوسُفَ فَلَنْ أَبْرَحَ الأَرْضَ حَتَّىَ يَأْذَنَ لِي أَبِي أَوْ يَحْكُمَ اللهُ لِي وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِين ارْجِعُواْ إِلَى أَبِيكُمْ فَقُولُواْ يَا أَبَانَا إِنَّ ابْنَكَ سَرَقَ وَمَا شَهِدْنَا إِلاَّ بِمَا عَلِمْنَا وَمَا كُنَّا لِلْغَيْبِ حَافِظِينَ وَاسْأَلِ الْقَرْيَةَ الَّتِي كُنَّا فِيهَا وَالْعِيْرَ الَّتِي أَقْبَلْنَا فِيهَا وَإِنَّا لَصَادِقُونَ

**"ئۇلار (بۇنيامىننىڭ ئورنىغا ئۆز ئارىسىدىن بىرسىنى ئېلىپ قېلىشقا يۇسۇفنىڭ ماقۇل بولۇشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، چەترەك يەرگە**

**بىرىپ مەخپىي مەسلىھەتلەشتى، ئۇلارنىڭ چوڭى ئېيتتى: «ئاتاڭلارنىڭ سىلەردىن قەسەم قىلدۇرۇپ ۋەدە ئالغانلىقىنى ۋە ئىلگىرى يۇسۇف توغرىسىدىكى خاتالىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ ئاتام ماڭا رۇخسەت قىلمىغىچە ياكى ئاللاھ مەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارمىغۇچە بۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، ئاللاھ ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. سىلەر قايتىپ كېتىپ ئاتاڭلار بىلەن كۆرۈشۈڭلار، ئاندىن ئېيتىڭلاركى، ئى ئاتىمىز! سېنىڭ ئوغلۇڭ راستلا ئوغرىلىق قىلدى، بىز پەقەت بىلگەن نەرسىمىز ئۈستىدىلا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىمىز، بىز غەيبنى بىلمەيمىز (يەنى ساڭا ۋەدە بەرگەن چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلمىدۇق) بىز تۇرغان شەھەردىن (يەنى مىسىردىن) ۋە بىز بىلەن بىللە ماڭغان كارۋاندىن سوراپ باققىن، بىزنىڭ سۆزىمىز چوقۇم راست».**" (سۈرە يۇسۇف، 80 - 82 ـ ئايەت)

ئۇلار قايتىپ ئاتىلىرىغا ئاكىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز ئەينى دېدى.

**مۇكاپات ئىشىكىنى ئاچقان مۇشەققەت**

قَالَ بَلْ سَوَّلَتْ لَكُمْ أَنفُسُكُمْ أَمْرًا فَصَبْرٌ جَمِيلٌ عَسَى اللّٰهُ أَن يَأْتِيَنِي بِهِمْ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ

**"ياقۇب ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ ئىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، ئۇلارنىڭ (يەنى ئۈچ ئوغلۇمنىڭ) ھەممىسىنى ماڭا دەرقەمتە قىلىپ بېرىشنى ئاللاھدىن تىلەيمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن (مېنىڭ ھالىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».**" (سۈرە يۇسۇف، 83 ـ ئايەت)

يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى بۇرۇن ئاتىلىرىغا يالغان سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قېتىم راست سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئاتىلىرىنىڭ ئىشەنگىسى كەلمىدى. ئۇلارغا:

«ئۇنداق ئەمەس، سىلەرنى نەپسىڭلار ئالداپ مۇنداق چوڭ ئىشقا ئۈندەپتۇ، چۈنكى بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە ئوغرىنىڭ ئەسىر قىلىنىدىغانلىقىنى ۋەزىر قانداق بىلىدۇ؟» دېدى.

وَتَوَلَّى عَنْهُمْ وَقَالَ يَا أَسَفَى عَلَى يُوسُفَ وَابْيَضَّتْ عَيْنَاهُ مِنَ الْحُزْنِ فَهُوَ كَظِيمٌ

**"ياقۇب ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئىست يۇسۇف!» دېدى. قايغۇدىن (كۆپ يىغلاپ) ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتتى (يەنى ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى)، ئۇ تولۇپ تاشقان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقان ئىدى."** (سۈرە يۇسۇف، 84 ـ ئايەت)

يۇسۇف يۇقاپ كەتكەندىن باشلاپ ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمىدى. چۈنكى يەر يۈزىدىكى پۈتۈن جانلىقلار ئىچىدە ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ شەرەپلىكى ئىدى. تولا يىغلىغانلىقتىن ياقۇبنىڭ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىر ھېكمىتى باشقا ئوغۇللىرىنى كۆرۈپ غەم ـ قايغۇسىنىڭ تېخىمۇ ئېشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دەپمۇ قارىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«ئاللاھ تائالا:

«مەن كىمنىڭ قىممەتلىك ئىككى ئەزاسىنى (كۆزلىرىنى) ئالغان بولسام ۋە ئۇمۇ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ بۇ ئەھۋالغا سەۋر قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەتتىن باشقا بىر مۇكاپات بېرىشكە رازى بولمايمەن. دېگەن.» (تىرمىزى، «زۇھد»، 58 / 2400)

بۇخارىنىڭ رىۋايىتى مۇنداق:

«ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن قۇلۇمنى ئىككى ياخشى كۆرگەن ئەزاسى بىلەن سىنىسام، ئۇمۇ بۇ ئەھۋالغا سەۋر قىلىپ ساۋابىنى ئۈمىد قىلسا بۇنىڭ بەدىلىگە جەننەتنى بېرىمەن.» (بۇخارى، «مەردا»، 7)

ياقۇب ئەلەيھىسسالام قىرىق يىل يىغلىدى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئەما بولۇپ قېلىشى ھەققىدە بەزى زاتلار مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ تائالا بۇ ئەمالىقنى ياقۇبقا يۇسۇفنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىن تەجەللى بولغان «جامالى مۇتلەق» يەنى مۇتلەق گۈزەللىكنى دائىم تاماشا قىلىش ئۈچۈن بەردى. چۈنكى جانابى ئاللاھنىڭ جامالى يۇسۇفتە تەجەللى بولدى. ياقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ سەۋەپتىن يۇسۇفنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆردى. لېكىن «ھۆسنى مۇتلەق» بولغان ئىگىسى (ئاللاھ)گە نىسبەتەن ئىرادىسىز ھالدا قىلغان بىر خاتالىقى تۈپەيلىدىن جانابى ئاللاھ يۇسۇفنى ئۇنىڭدىن ئايرىدى ۋە يۇسۇفنىڭ كۆرۈنىشىگە نەزەر تاشلىغان كۆزلىرىنى ئالدى.

بۇ شۇنىڭغا ئىشارەتكى، بەندە ئالەمنىڭ كۆرۈنىشىگە قارىغان تاشقى كۆزدىن ۋە كۆرگەنلىرىدىن پانى بولمىغىچە «ھۆسنى مۇتلەقنى» يەنى جامالى ئىلاھىيەنى كۆرۈشكە ئېرىشەلمەيدۇ!

**ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك كېرەك**

قَالُواْ تَالله تَفْتَأُ تَذْكُرُ يُوسُفَ حَتَّى تَكُونَ حَرَضًا أَوْ تَكُونَ مِنَ الْهَالِكِينَ قَالَ إِنَّمَا أَشْكُو بَثِّي وَحُزْنِي إِلَى اللّهِ وَأَعْلَمُ مِنَ اللّهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ

**"ئۇلار: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يۇسۇفنى ياد ئېتىۋېرىپ (ھەسرەتتىن) ھالاك بولۇشقا تاس قالدىغان ياكى ھالاك بولىدىغان بولدۇڭ» دېدى. ياقۇب ئېيتتى: «مەن قايغۇ - ھەسرىتىمنى پەقەت ئاللاھقىلا ئېيتىمەن، ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن."** (سۈرە يۇسۇف، 85 - 86 - ئايەت)

ئۇنىڭدىن كېيىن ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىغا مۇنداق دېدى:

يَا بَنِيَّ اذْهَبُواْ فَتَحَسَّسُواْ مِن يُوسُفَ وَأَخِيهِ وَلاَ تَيْأَسُواْ مِن رَّوْحِ اللّهِ إِنَّهُ لاَ يَيْأَسُ مِن رَّوْحِ اللّهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ

**"ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۇسۇفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ"** (سۈرە يۇسۇف، 87 - ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ بىزگە بېرىدىغان يوليۇرۇقى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن بەندە قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن دائىما ئۈمىدۋار بولىشى لازىم. چۈنكى ئايەتتە دېيىلگەندەك پەقەت كاپىرلارلا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدنى ئۈزىدۇ.

ھەدىس شەرىپتىمۇ مۇنداق دېيىلىدۇ:

«جانابى ئاللاھدىن ئۈمىد ئۈزمىگەن گۇناھكار ئاللاھدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئابىددىن (ئىبادەت قىلغۇچىدىن) بەكرەك رەببىگە يېقىندۇر!» (سۈيۈتى، «ئەل جامىئۇس - سەغىر»، 22، 68)

چۈنكى ئاللاھتىن ئۈمىد ئۈزۈش، جانابى ئاللاھنىڭ «رەھمان ۋە رەھىم» سۈپەتلىرىنى ئىدراك قىلالماسلىق، ئىلاھى مەرھەمەتنى تونۇماسلىقتۇر. ھالبۇكى پىرئەۋنمۇ ئاخىرقى نەپەسدە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلدى.

ئاللاھ تائالا باشقا ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

لَا تَقْنَطُوا مِن رَّحْمَةِ اللَّهِ

**"... ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار."** (سۈرە زۇمەر، 53-ئايەت)

مانا بۇ ئۇسۇلغا ئاساسەن ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئۈمىدىنى يوقۇتۇپ قويماي مىسىر ھۆكۈمدارىغا، يەنى يۇسۇفكە ئوغۇللىرىدىن بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى. ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغلاردا ئوغلى يۇسۇفنىڭ مىسىر ھۆكۈمدارى ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. مەكتۇپتا مۇنداق دېدى:

«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم!

خەلىلۇللاھ ئىبراھىم ئوغلى ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئىسرائىل ياقۇبدىن مىسىر ھۆكۈمدارىغا:

بىز بېشىغا نۇرغۇن بالا-قازا كەلگەن بىر خانىدانمىز. بوۋام ئىبراھىم، نەمرۇتنىڭ ئوتىغا مۇبتىلا قىلىندى، سەۋر قىلدى. ئاللاھ ئۇنى سالامەت قىلدى. ئاتاممۇ باشقا مۇسىبەتلەر بىلەن سىنالدى، سەۋر قىلدى. ئاللاھ ئۇنىمۇ مۇكاپاتلىدى. ماڭا كەلگەندە، مەن ئوغلۇم يۇسۇفنى يوقۇتۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ ھىجرانىدىن تولا يىغلاپ كۆزلىرىم ئەما بولۇپ قالدى، بېلىم مۈكچەيدى. يېنىمدا گۆرۈگە ئېلىپ قالغان ئوغلۇم بىلەن ئۆزەمنى تەسەللى قىلىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئېيتىپسەن. بىزنىڭ نەسلىمىزدىن ئوغرى چىقمايدۇ. بىز ئوغرى پەرزەنت كۆرمەيمىز. ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرسەڭ بەردىڭ، ئەگەر قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ، ساڭا شۇنداق دۇئا قىلمەنكى، يەتتە ئەۋلادىڭغا پالاكەت يېتىدۇ»

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ يىغلاپ مۇنداق جاۋاب يازدى:

«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم!

مىسىر ھۆكۈمدارىدىن ئىسرائىل ياقۇبغا!

ئى مويسىپىت! مەكتۇبۇڭ كەلدى. ئوقۇدۇم ۋە مەقسىدىڭنى چۈشەندىم. ئۇنىڭدا سالىھ ئاتىلىرىڭ ھەققىدە توختىلىپ، ھەر بىرىنىڭ بالاغا دۇچار بولغانلىقى ۋە سەۋر قىلغانلىقىنى يېزىپسەن. ئۇلار مۇسىبەتكە قانداق سەۋر قىلغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق سەۋر قىلغىن! ۋەسسالام!»

ياقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ جاۋابنى ئوقۇپ:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ بىر ھۆكۈمدارنىڭ مەكتۇبى ئەمەس، بەلكى بىر پەيغەمبەرنىڭ مەكتۇبىدۇر. بۇنى يازغان كىشى يۇسۇفتىن باشقىسى ئەمەستۇر.» دەپ ئوغۇللىرىنى ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى ئېنىقلاپ كېلىش ئۈچۈن تەكرار مىسىرغا ئەۋەتتى. ئوغۇللىرى دەرھال يولغا چىقتى:

فَلَمَّا دَخَلُواْ عَلَيْهِ قَالُواْ يَا أَيُّهَا الْعَزِيزُ مَسَّنَا وَأَهْلَنَا الضُّرُّ وَجِئْنَا بِبِضَاعَةٍ مُّزْجَاةٍ فَأَوْفِ لَنَا الْكَيْلَ وَتَصَدَّقْ عَلَيْنَآ إِنَّ اللّهَ يَجْزِي الْمُتَصَدِّقِينَ قَالَ هَلْ عَلِمْتُم مَّا فَعَلْتُم بِيُوسُفَ وَأَخِيهِ إِذْ أَنتُمْ جَاهِلُونَ

**"ئۇلار يۇسۇفنىڭ قېشىغا كىرگىنىدە: «ئى ئالىيجاناب زات! بىزگە ۋە ئائىلىمىزگە ئاچارچىلىق يەتتى، (ئالدىڭغا) ناچار ئۆتمەس ماللار بىلەن كېلىپ قالدۇق، بىزگە يېتەرلىك ئاشلىق بەرگىن، بىزگە سەدىقە قىلغىن، ئاللاھ سەدىقە قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن مۇكاپاتلايدۇ» دېدى. يۇسۇف: «سىلەر نادان ۋاقتىڭلاردا يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىغا نېمىلەر قىلغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 88 - 89 ـ ئايەت)

تەپسىرلەردە بايان قىلىنغاندەك، ھەزرىتى يۇسۇفنى قۇدۇققا تاشلىغان ئاكىلىرى ئەڭ كىچىك ئىنىسى بولغان بۇنيامىنغىمۇ دائىم تىل ـ ھاقارەت قىلىدىكەن.

### داستانى كەچۈرۈم

قَالُواْ أَإِنَّكَ لَأَنتَ يُوسُفُ قَالَ أَنَاْ يُوسُفُ وَهَذَا أَخِي قَدْ مَنَّ اللّهُ عَلَيْنَا إِنَّهُ مَن يَتَّقِ وَيِصْبِرْ فَإِنَّ اللّهَ لاَ يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ قَالُواْ تَاللّهِ لَقَدْ آثَرَكَ اللّهُ عَلَيْنَا وَإِن كُنَّا لَخَاطِئِينَ قَالَ لاَ تَثْرَيبَ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ يَغْفِرُ اللّهُ لَكُمْ وَهُوَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ

**"ئۇلار: «سەن راستلا يۇسۇفمۇ؟» دېدى. ئۇ: «مەن يۇسۇف بۇ مېنىڭ ئىنىم. ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلدى. كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، سەۋرى قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ)، چۈنكى ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى. ئۇلار «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق» دېيىشتى. يۇسۇف ئېيتتى: «بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن، ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر."** (سۈرە يۇسۇف، 90 - 92 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت ئەينى زاماندا تەربىيە مېتودلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەللىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش. چۈنكى مۇنداق

ئالىيجاناپلىق ئالدىدا كۆپىنچە ئەھۋاللاردا دۈشمەنلىك دۈشمەنلىكى تۈگەيدۇ. دوستمۇ بولمىغان دۈشمەنمۇ بولمىغان ئوتتۇرىدىكى كىشىلەر دوستلۇققا مايىل بولىدۇ. دوست بولغاننىڭ بولسا مۇھەببىتى ئېشىپ، تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىدۇ.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ

**"ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ."** (سۈرە فۇسسىلەت، 34-ئايەت)

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىبرەتلىك بىر مىسال نەقىل كەلتۈرۈلىدىغان بولساق:

ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشىدىن بۇرۇنقى دوستى ئىدى. پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن دۈشمەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەجۋى خاراكتېرلىق شېئىرلەرنى يازدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرى ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ شېئىرلەرگە جاۋاب بەردى. كېيىن ئەبۇ سۇپيان قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلدى. بىر قېتىم ئەبۇ سۇپيان مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە يولدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يولۇقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئەبۇ سۇفيان ئىنتايىن غورۇرلۇق كىشى بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۆگەتكىنىدەك: «**ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن ئاللاھ سېنى بىزدىن ئۈستۈن قىلدى. ھەقىقەتەن بىز بولساق** (سىزگە قىلغان مۇئامىلىمىزدە) **خاتالىشىپتۇق.**» دېگەن ئايەت بىلەن ئەپۇ سورىدى.

مەرھەمەتلىك ۋە شەپقەت ئابىدىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ يۇسۇف سۈرىسىدىن:

**"بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن، ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر."** (سۈرە يۇسۇف، 92-ئايەت) مەزمۇنىدىكى ئايەتنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بۇرۇنقى خاتالىقىنى كەچۈردى.

ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن نومۇس قىلغىنىدىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىيالمىدى. (ۋاقىدى، «مەغازى»، 2، 810 - 811؛ ئىبنى ھىشام، «سىرەت»، 4، 24 - 20؛ ئىبنى ئابدىلبەر، «ئەل ئىستىئاب»، 4، 1674)

ئاللەمگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مەككىنى پەتھە قىلىپ، كەبىگە كىرگىنىدە قۇرەيشلەر مەسجىدى ھەرەمگە يىغىلىپ، كەبىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقان ئىدى. ھەممە كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى قۇرەيش! ئى مەككىلىلەر! نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىلەر؟ مېنى نېمە قىلىدۇ دەپ قارايسىلەر؟» دەپ سورىدى.

قۇرەيشلىكلەر: «بىز سېنى ياخشىلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز» سېنى ياخشىلىق قىلىدۇ! دەيمىز. سەن ناھايىتى سېخى ۋە ياخشىلىق ئىگىسى بولغان بىر قېرىندىشىمىز ۋە ئېنتايىن كەرەم ۋە ياخشىلىق ئىگىسى بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلىدۇرسەن! كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگە بولدۇڭ، بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلغىن!» دېيىشتى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مېنىڭ ئەھۋالىم بىلەن سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن قېرىنداشلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرىغا دېگىنىدەك، مەنمۇ: **"بۈگۈن سىلەر ئەيىپلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن، ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر."** (سۈرە يۇسۇف، 92 ـ ئايەت) كېتىڭلار، ھەممىڭلار ئازات ۋە ھۆرلىككە ئېرىشتىڭلار!»دەيمەن دېدى.

جانابى ئاللاھ قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى پەيغەمبىرىنىڭ قولىغا چۈشۈرگەن، ئۇنىڭغا بوي ئەگدۈرگەن، يىللار بويى چەككەن زۇلمىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالالايدىغان كۈچ ـ قۇدرەت بېغىشلىغان تۇرۇقلۇق، ئۇ رەھمەت پەيغەمبىرى بولغان زات ئۇلارنى بۇ شەكىلدە كەچۈرۈم قىلىپ قويۇپ بەرگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەككىلىكلەرگە «تۇلەقا، ئازات قىلىنغانلار» ئىسمى بېرىلگەن. (ئىبنى ھىشام، «سىرەت»، 4، 32؛ ۋاقىدى، «مەغازى»، 2، 835؛ ئىبنى سەئد، «تاباقات»، 2، 142 - 143)

بۇ ئەھۋال ئەينى زاماندا جانابى ئاللاھنىڭ **سەتتارۇل ئۇيۇب**، يەنى **ئەيىپلەرنى پەردىلىگۈچى ۋە خاتالىقلارنى كەچۈرگۈچى** سۈپىتىنىڭ بەندىدە ئەكس ئېتىشىدۇر.

**كۆيىنگىمنى ئاتامنىڭ كۆزلىرىگە سۈرتۈڭلار**

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىغا ھەر كۈنى زىياپەت بەردى، قېرىنداشلىرى بۇرۇن ئۇنىڭغا قىلغانلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ بۇ ئىززەت-ئىكرامى ئالدىدا ئىنتايىن ئوڭايسىزلاندى. ئۇلار بىر كۈنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى:

«سەن بىزنى ھەر كۈنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىۋاتىسەن! لېكىن بىز ساڭا قىلغانلىرىمىزدىن نومۇس قىلىۋاتىمىز!»

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام جاۋابەن مۇنداق دېدى:

«مىسىرلىقلار ھازىرغىچە ماڭا تۇنجى قېتىم كۆرگەن كۆز بىلەن قاراۋاتىدۇ ۋە يىگىرمە دەرھەمگە سېتىلغان بىر قۇلنى بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگەن ئاللاھنى پۈتۈن نوقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمىز! دېيىشىدۇ. ھازىر بولسا سىلەرنىڭ سايەڭلەردە تېخىمۇ شەرەپكە ئېرىشتىم. چۈنكى ئۇلار مېنىڭ سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بۈيۈك بىر پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىمنى بىلدى.»

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى پەخىرلىنىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ ئوڭايسىزلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئېيتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن كەچۈرۈمچان ۋە مەرد بىر كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز.

قېرىنداشلىرىنى مۇنداق كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرگەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام، ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆڭلىكىنى ئەۋەتىپ، مۇنداق دېدى:

اذْهَبُواْ بِقَمِيصِي هَذَا فَأَلْقُوهُ عَلَى وَجْهِ أَبِي يَأْتِ بَصِيرًا وَأْتُونِي بِأَهْلِكُمْ أَجْمَعِينَ

**"سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاتامنىڭ يۈزىگە تاشلاڭلار، كۆزى ئېچىلىدۇ، پۈتۈن ئائىلەڭلاردىكىنى ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 93-ئايەت)

وَلَمَّا فَصَلَتِ الْعِيرُ قَالَ أَبُوهُمْ إِنِّي لَأَجِدُ رِيحَ يُوسُفَ
لَوْلاَ أَن تُفَنِّدُونِ قَالُواْ تَاللّهِ إِنَّكَ لَفِي ضَلاَلِكَ الْقَدِيمِ

**"كارۋان (مىسىردىن شانغا قاراپ) قوزغالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاتىسى (يەنى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام): «مەن چوقۇم يۇسۇفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، سىلەر مېنى ئالجىپ قالغان دېمەيدىغان بولساڭلار (يۇسۇفنى ئەلۋەتتە ھايات دەيتتىم)» دېدى. ئۇلار (يەنى ياقۇپنىڭ نەۋرىلىرى ۋە يېنىدىكى كىشىلەر): «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن تېخى يەنىلا بۇرۇنقى قايمۇقۇشۇڭدا ئىكەنسەن» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 94-95-ئايەت)

**ھەزرىتى ياقۇپنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئېچىلىشى**

فَلَمَّا أَن جَاء الْبَشِيرُ أَلْقَاهُ عَلَى وَجْهِهِ فَارْتَدَّ بَصِيرًا
قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ إِنِّي أَعْلَمُ مِنَ اللّهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ

**"خۇش خەۋەرچى كېلىپ كۆڭلەكنى ياقۇپنىڭ يۈزىگە سۈردى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى، ياقۇپ: «مەن سىلەرگە، ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 96-ئايەت)

كۆڭلەكنى ئېلىپ كەلگەن بۇ خوشخەۋەرچى يەھودا ئىدى. ئۇنىڭ: «ئاتامغا يۇسۇفنىڭ قانغا بويالغان كۆڭلىكىنى بېرىپ ئۇنى غەم-قايغۇغا دۇچار قىلغان ئىدىم. ئەمدى يەنە بۇ كۆڭلەكنى بېرىپ ئۇنى سۆيۈندۈرەي!» دەپ مىسىردىن كەنئان دىيارىغىچە قاتتىق ھاياجاندا ۋە يالاڭ-ئاياق يۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بۇ كۆڭلەك ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن ئېلىپ كەلگەن كۆڭلەك ئىدى.

ھەزرىتى مەۋلانا قۇددىسە سىررۇھۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«ياقۇپنىڭ يۇسۇفنىڭ يۈزىدە كۆرگەن ئالاھىدىلىك پەقەتلا ئۇنىڭغا خاس ئىدى. ئۇ نۇرنى كۆرۈش يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرىغا نېسىپ بولمىدى. قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭۈل ئالەمى يۇسۇفنى (ھەقىقى يۈزى بىلەن) كۆرۈشتىن ئۇزاق ئىدى.»

«ياقۇب ئۆز ئالاھىدىلىگىنى يۇسۇفتە كۆرگەندە كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولدى.»

«ياقۇبتا يۇسۇفنىڭ بىر جەلپ قىلىش كۈچى بار ئىدى. بۇ سەۋەپتىن يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن يەردىن بولسىمۇ يېتىپ كەلدى. كۆڭلەكنى ئېلىپ كەلگەن قېرىندىشى ئۇ پۇراقنى پۇراشتىن مەھرۇم ئىدى.»

«چۈنكى يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى قېرىندىشىنىڭ قولىدا بىر ئامانەت ئىدى. قېرىندىشىنىڭ ۋەزىپىسى كۆڭلەكنى ھەزرىتى ياقۇبقا يەتكۈزۈش ئىدى. يەنى ئۇ كۆڭلەك قېرىندىشىنىڭ قولىدا قۇل سودىگىرىنىڭ قولىدىكى بېزەلگەن جارىيەگە ئوخشاش ئىدى. ئۇ قۇل سودىگىرىنىڭ نەپسى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ساتقۇچىدىن باشقىسىغا ئائىت ئىدى.»

«كۆپىلگەن ئالىملار ئىرپاندىن يىراقتۇر. ئىلىم قارىسى (پۈتۈن ئىلىملەرنى يادلىغان) بولغان بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ھەبىبى بولالمىدى.»

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكى بىلەن ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئېچىلىشى، ئەشيا بىلەن بولغان تەبەررۇك ۋە ياردەملىشىشنىڭ بىر مىسالىدۇر.

قۇرئان بۇ ئەھۋالنى مۇنداق بايان قىلىدۇ؛

قَالُواْ يَا أَبَانَا اسْتَغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا إِنَّا كُنَّا خَاطِئِينَ قَالَ سَوْفَ أَسْتَغْفِرُ لَكُمْ رَبِّيَ إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ

**"ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بىزگە مەغپىرەت تىلىگىن، بىز ھەقىقەتەن خاتالاشتۇق» دېيىشتى. ياقۇب: «پەرۋەردىگارىمدىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن. ئاللاھ گۇناھلارنى ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 97-98-ئايەت)

ياقۇب ئەلەيھىسسالام «سىلەر ئۈچۈن مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئىستىغپار ئېيتىمەن!» دېيىش ئارقىلىق، ئاۋۋال مەزلۇم تەرىپىدىن مەغپىرەت قىلىنىشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەشنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكىچە كېچىكتۈردى.

ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى، دۇئا ۋە ئىستىغپارنى قوبۇل بولىدىغان بىر ۋاقىتقا قويۇپ قويغان دەپ ئىزاھلىغانلارمۇ بار.

مۇھارىب بىن دەسسار مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر سەھەر ۋاقتى مەسجىدكە كەلگىنىدە، بىرىنىڭ: «ئى ئاللاھىم چاقىردىڭ، كەلدىم. بۇيرۇدۇڭ ئىتائەت قىلدىم. مانا بۇ سەھەردە مېنى مەغپىرەت قىلغىن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئاۋازغا قۇلاق سالغان ۋە ئاۋازنىڭ ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ ئەھۋالنى ئۇنىڭدىن سورىغاندا، مۇنداق دېگەن:

شۈبھىسىز ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىغا: «**سىلەر ئۈچۈن بىر مۇددەتتىن كېيىن مەغپىرەت تىلەيمەن.**» دەپ ئىستىغپارنى سەھەر ۋاقتىغا كېچىكتۈرگەن. ئاللاھ تائالا "**سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلار.**" (سۈرە ئال ئىمران، 17-ئايەت) ئايىتى بىلەن مۇنداقلارنى مەدھىيىلىگەن. (تەبەرى، «تەپسىر»، 13، 85)

بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«رەببىمىز ھەر كېچە دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ ۋە تەۋبە قىلغان يوقمۇ، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن؛ تەلەپ قىلغان يوقمۇ، ئۇنىڭغا خالىغىنىنى بېرەي؛ ئىستىغپار ئېيتقان يوقمۇ، ئۇنى كەچۈرەي!» دەپ نىدا قىلىدۇ. (مۇسلىم، «مۇساپىرىن»، 168 - 170)

باشقا بىر ھەدىستە:

«ھەزرىتى ياقۇب ئوغۇللىرى ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىشنى جۈمە كېچىسىگە كېچىكتۈرگەن ئىدى." دېيىلگەن. (تىرمىزى، «دەئۋات»، 114)

### ۋۇسلات (مەشۇقىغا ئېرىشىش) ۋە ھەقىقەتكە ئايلانغان چۈش

ھەزرىتى يۇسۇف بىلەن بىللە ھۆكۈمدار ۋە پۈتۈن خەلق سەپ بولۇپ تىزىلىپ، ھەزرىتى ياقۇب ۋە ئائىلىسىنى قارشى ئېلىشقا چىقتى. ھەزرىتى ياقۇب، ھەزرىتى يۇسۇف يۈزمۇ-يۈزگە كەلگىنىدە ۋە ئۇ يەردىكى ھەممەيلەن ئاتلىرىدىن چۈشتى ۋە ئىككى پەيغەمبەر بىر-بىرىنى ھەسرەت بىلەن قۇچاقلىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

فَلَمَّا دَخَلُواْ عَلَى يُوسُفَ آوَى إِلَيْهِ أَبَوَيْهِ وَقَالَ ادْخُلُواْ مِصْرَ إِن شَاء اللّهُ آمِنِينَ

**"ئۇلار يۇسۇفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۇسۇف ئاتا ـ ئانىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «خۇدا خالىسا، مىسىرغا ئاما ـ ئېسەن كىرىڭلار» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 99 ـ ئايەت)

بۈيۈك مۇكاپاتلار دائىم، قاتتىق سەۋرنىڭ، مۇسىبەتلەرنىڭ ۋە بالالارنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بۇ دىدار كۆرۈشۈشتىن كېيىن دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھقا شۈكۈر قىلغان ھالدا مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى ئاللاھىم! يۇسۇف ئۈچۈن قىلغان پەرياتلىرىمنى، ئۇنىڭ ھىجرانىغا سەۋرىمنىڭ ئازلىقىنى ۋە ئوغۇللىرىمنىڭ قېرىندىشىغا قىلغانلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن!»

ھەزرىتى يۇسۇفمۇ ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتتى.

وَرَفَعَ أَبَوَيْهِ عَلَى الْعَرْشِ وَخَرُّواْ لَهُ سُجَّدًا وَقَالَ يَا أَبَتِ
هَذَا تَأْوِيلُ رُؤْيَايَ مِن قَبْلُ قَدْ جَعَلَهَا رَبِّي حَقًّا وَقَدْ أَحْسَنَ بَي إِذْ أَخْرَجَنِي مِنَ
السِّجْنِ وَجَاء بِكُم مِّنَ الْبَدْوِ مِن بَعْدِ أَن نَّزغَ الشَّيْطَانُ بَيْنِي وَبَيْنَ إِخْوَتِي إِنَّ رَبِّي
لَطِيفٌ لِّمَا يَشَاء إِنَّهُ هُوَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ

**"ئاتا ـ ئانىسىنى تەختىدە (يېنىدا) ئولتۇرغۇزدى، ئۇلار (شاھلارغا تازىم قىلىش ئادىتى بويىچە) يۇسۇفكە سەجدە قىلىشتى[2]. ئۇ: «ئى ئاتا! مانا بۇ، بۇرۇن (كىچىك ۋاقتىمدا) كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر، ئۇ چۈشۈمنى پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن راستىغا چىقاردى. پەرۋەردىگارىم مېنى زىنداندىن چىقىرىش بىلەن، قېرىنداشلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارامنى شەيتان بۇزغاندىن كېيىن، سىلەرنى سەھرادىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش بىلەن ماڭا ئېھسان قىلدى، پەرۋەردىگارىم خالىغىنىنى (ئىشقا ئاشۇرۇشقا) ھەقىقەتەن تەدبىرلىكتۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر."** (سۈرە يۇسۇف، 100 ـ ئايەت)

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بېغىشلىغان نېمەتلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈق ماكان ئەمەسلىكىنى، بۇ يەردە بولغان ھەممە نەرسىنىڭ پانى ئىكەنلىكىنى ۋە كامالەتتىن كېيىن يوقۇلۇشنىڭ

---

2 ئۇلارنىڭ ئادىتىدە سەجدە قىلىش ئىبادەت ئەمەس، ھۆرمەت ھېسابلىناتتى.

كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۆزىگە بېغىشلانغان بۈيۈك نېمەتلەرنى زىكىر قىلىپ رەببىگە كۆچىنىڭ يېتىشىچە شۈكۈر ۋە دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇردى:

رَبِّ قَدْ آتَيْتَنِي مِنَ الْمُلْكِ وَعَلَّمْتَنِي مِن تَأْوِيلِ الأَحَادِيثِ فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ أَنتَ وَلِيِّي فِي الدُّنُيَا وَالآخِرَةِ تَوَفَّنِي مُسْلِمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ

**"پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن» دېدى."** (سۈرە يۇسۇف، 101 ئايەت)

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نوقتا شۇكى، بۇ ئايەت كەرىمدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام پۈتۈن مۆمىنلەرگە ئۆرنەك بولغۇدەك گۈزەل ئەخلاقنى نامايەن قىلدى. جېنىغا قەست قىلىپ ئۇنى قۇدۇققا تاشلىغان ئاكىلىرىدىن ئىنتىقام ئالالىغۇدەك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇلارغا كۆرسەتكەن ئالىيجاناپلىق، ئەدەپ، سالماقلىق، كەڭ قورساقلىق، ئەخلاقى كامالىتىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ قۇللۇقتىن سۇلتانلىققا يۈكسىلىشىنى ھەر زامان ئاللاھنىڭ لۇتپىغا باغلىدى ۋە نەپسىگە قىلچە ئورۇن بەرمىدى. قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن شەخسىيتىگە قىلىنغان يامانلىقلارنىمۇ ياخشى تەرەپكە تەھلىل قىلىپ خاتانى شەيتانغا ئارتتى ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى يۈزىگە سالمىدى. ئاخىرىدا جانابى ئاللاھقا قىلغان ئىلتىجاسى، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن قانداق بىر باغلىنىش ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ۋە دائىما «ئەڭ ئاخىرقى نەپەس» ئەندىشىسى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرلىرىدىن بىرى بولغان **«سالىھلەر بىلەن بىللە بولۇش»** تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ يارقىن بىر مىسالىنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسىدا كۆرەلەيمىز.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىردا ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا يىگىرمە تۆت يىل تۇرغاندىن كېيىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋەسىيتى بويىچە، ئۇنىڭ تاۋۇتى شامدا دەپنە قىلىنغان ئاتىسى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كۆمۈلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاتىسىدىن كېيىن يىگىرمە ئۈچ يىل ياشىدى. ئۇنىڭ تاۋۇتىنى مىسىرلىقلار بىر مەرمەر ساندۇقنىڭ

ئىچىگە قويۇپ ئىلغا كۆمدى. مىسىرلىقلار ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە دەپنە قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تاۋۇتىنى تېپىپ ئاتىسى ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى. **ئەلەيھىسسالام!..** (ئۇلارغا سالام بولسۇن)

ھەدىس شەرىپتە:

«ئۆلۈم مۆمىنگە ھەدىيەدۇر.» (دەيلەمى، «مۇسنەد»، 4، 238) دېيىلگەن.

ئىنسان ئۆلۈم ئارقىلىق، ئەڭ باشتا ئۆز نەپسىدىن قۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ ئەڭ بۈيۈك دۈشمىنى ئۆز نەپسىدۇر.

**يۇسۇف سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى**

مۇشرىكلار، يەھۇدىيلاردىن ئالغان ئەقىل بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سىناش ئۈچۈن بەزى سوئاللار سورىدى. بۇ سەۋەپتىن جانابى ئاللاھ بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

ئاللاھ تائالا بۇ قىسسىنى ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ۋەھىيلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارغا بىلدۈرۈپ، پەيغەمبىرىنىڭ ۋە كىتاپلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن كاپىرلار، بۇ دەلىللەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن ئىبرەت ئالماي، يۈرەكنى ئېرىتىدىغان تەبلىغنى داۋاملاشتۇرغان پەيغەمبەرگە يەنىلا ئىمان ئېيتمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ جاھىللىقى ئالدىدا جانابى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە مۇنداق تەسەللى بەردى:

ذَلِكَ مِنْ أَنبَاء الْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيْكَ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ أَجْمَعُواْ
أَمْرَهُمْ وَهُمْ يَمْكُرُونَ وَمَا أَكْثَرُ النَّاسِ وَلَوْ حَرَصْتَ بِمُؤْمِنِينَ
وَمَا تَسْأَلُهُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ هُوَ إِلاَّ ذِكْرٌ لِّلْعَالَمِينَ

**"مانا بولار (يەنى يۇسۇف قىسسىسى) بىر قىسىم غەيب خەۋەرلىرى بولۇپ، بىز ئۇنى ساڭا ۋەھيى قىلدۇق. ئۇلار (يەنى يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى) (ئۇنىڭغا قارشى) چارە تەدبىر تۈزۈپ بىر قارارغا كېلىشكەندە سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ. سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ. قۇرئاننى تەبلىغ قىلغانلىقىڭغا ئۇلاردىن ھېچقانداق ئەجىر تەلەپ قىلمايسەن، قۇرئان پەقەت جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر."** (يۇسۇف، 102 - 104 - ئايەت)

مۇنداقچە ئېيتقاندا، كاپىرلارنىڭ بۇ ئىنكارلىرى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە ئۇنىڭغا ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن ئايەتلەرگە خاس ئەمەستۇر:

وَكَأَيِّن مِّن آيَةٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ يَمُرُّونَ عَلَيْهَا وَهُمْ عَنْهَا مُعْرِضُونَ
وَمَا يُؤْمِنُ أَكْثَرُهُمْ بِاللّهِ إِلاَّ وَهُم مُّشْرِكُونَ

**"ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى ئاللاھنى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ)."** (سۈرە يۇسۇف، 105 - 106 - ئايەت)

يەنى ئۇلار ئاللاھنىڭ بارلىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمىسىمۇ، ئۇچۇق ياكى مەخپىي بىر شېرىك قوشماي تۇرۇپ ئاللاھقا ئىشەنمەيدۇ.

أَفَأَمِنُواْ أَن تَأْتِيَهُمْ غَاشِيَةٌ مِّنْ عَذَابِ اللّهِ أَوْ تَأْتِيَهُمُ السَّاعَةُ بَغْتَةً
وَهُمْ لاَ يَشْعُرُونَ قُلْ هَذِهِ سَبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللّهِ عَلَى بَصِيرَةٍ أَنَاْ
وَمَنِ اتَّبَعَنِي وَسُبْحَانَ اللّهِ وَمَا أَنَاْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ

**"ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن، بىرەر جازانىڭ ئۆزلىرىگە چۈشۈشىدىن ياكى ئۇلار سەزمەستىن قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىشىدىن ئەمىن بولدىمۇ؟ ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»."** (سۈرە يۇسۇف، 107 - 108 - ئايەت)

بۇ ئايىتى كەرىمە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، دىنغا دەۋەت، پەقەت مەلۇم پرىنسىپلار ئىچىدە جائىز ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. يەنى قارىغۇلارچە ۋە بىر قىسىم باتىل مەقسەت ياكى نەپسانىي ھەۋەسلەر ئۈچۈن بولماستىن بەلكى ئەقىل-پاراسەت، ئىخلاس، سەمىمىيەت، ئەدەپ ئەخلاق ۋە ھېكمەت بىلەن پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدەپ تەبلىغ قىلىش كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا دىن ۋە دىندارلىق پەقەت بىر ئىسىم ۋە قۇرۇق شىكايەت بولۇپ قالىدۇ.

وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ إِلاَّ رِجَالاً نُّوحِي إِلَيْهِم مِّنْ أَهْلِ الْقُرَى
أَفَلَمْ يَسِيرُواْ فِي الأَرْضِ فَيَنظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ
وَلَدَارُ الآخِرَةِ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ اتَّقَواْ أَفَلاَ تَعْقِلُونَ

**"بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار(يەنى پەيغەمبەرگە چىنپۈتمىگۈچىلەر) يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر."** (سۈرە يۇسۇف، 109 - ئايەت)

بۇ ئايەت «ئاللاھ پەرىشتىلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بولسا ئىدى!» دېگەن كاپىرلارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن نازىل بولغان.

حَتَّى إِذَا اسْتَيْأَسَ الرُّسُلُ وَظَنُّواْ أَنَّهُمْ قَدْ كُذِبُواْ جَاءهُمْ نَصْرُنَا
فَنُجِّيَ مَن نَّشَاء وَلاَ يُرَدُّ بَأْسُنَا عَنِ الْقَوْمِ الْمُجْرِمِينَ

**"ھەتتا پەيغەمبەرلەر(قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە قەۋمى تەرىپىدىن) يالغانغا چىقىرىلغانلىقىغا جەزم قىلغان چاغدا، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى، بىز خالىغان ئادەملەرنى قۇتقۇزدۇق، بىزنىڭ ئازابىمىز گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ."** (سۈرە يۇسۇف، 110 - ئايەت)

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يۇسۇف سۈرىسىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِّأُوْلِي الأَلْبَابِ مَا كَانَ حَدِيثًا يُفْتَرَى وَلَكِن تَصْدِيقَ
الَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ كُلَّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ

**"ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. (قۇرئان) يالغاندىن توقۇلغان سۆز ئەمەس، لېكىن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل بولغان (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى**

**ئىنچىكە بايان قىلغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر."** (سۈرە يۇسۇف، 111 ئايەت)

شۈبھىسىزكى، ئەزىم بولغان ئاللاھ، ھەر نەرسىنى ئەڭ توغرا شەكىلدە بۇيرۇيدۇ!

N

ياقۇب ئەلەيھىسسالام




يۈسۈف ئەلەيھىسسالام





# شۇئەيب ئەلەيھسسالام

ناتىقلىقى بىلەن خاتىبول ئەنبىيا دەپ ئاتالغان

**شۇئەيب ئەلەيھىسسالام**

شۇئەيىپ ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ياكى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىندۇر. ئانا تەرەپتىن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىغا تۇتۇشىدىغانلىقى ۋە ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر تۇغقانىنىڭ باللىرى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېيىن ئاتىسىدۇر.

تاغلىق ۋە ئورمانلىق ئىككى قوشنا ئۆلكە بولغان مەديەن ۋە ئەيكە خەلقىگە ئەۋەتىلگەن. (ھاكىم، «مۇستەدرەك»، 22، 621 / 4075)

مەديەندە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، ئۇ قەۋمنىڭ ئىسىل بىر ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى. ياشلىقى مەديەن قەۋمىنىڭ ئارىسىدا ئۆتتى. بۇ ئۆلكە خەلقى ئازغۇنلۇققا پېتىپ كەتكەن ئىدى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن يىراق، پاك ۋە ساپ بىر ھايات كەچۈرۈپ، بۇ پاكىز ھاياتى ۋە نەسىھەتلىرى بىلەن ئىنسانلارغا ئۈلگە بولدى.

**مەديەنلىكلەر**

مەديەن، ئەقەبە قولتۇقىدىن خۇمۇس ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ كەتكەن تۇپراقتۇر. مەديەن ئىسمى بۇ يەردە ياشىغان بىر قەبىلىنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان.

مەديەنلىكلەر ئىسيان ۋە ئازغۇنلىققا پېتىپ ئاللاھقا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشنى تەرك ئېتىپ، بۇت ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇندى. مەديەن، كارۋان يوللىرى ئۈستىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن خەلقى تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. خەلق ئارىسىدا ھىلە-مىكىرلىك ئومۇملىشىپ، ئۇلار ئۈچۈن پەخىرلىنەرلىك ئىشقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. خەلق ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر نەرسە سېتىۋالسا، تارازىنى كەم كۆرسىتىپ ئارتۇق ئېلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. لېكىن باشقىلارغا بىر نەرسە ساتقاندا، تارازىدا كەم بېرىپ كۆپ ھەق ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇلاردا ھىلە-مىكىر شۇنداق تەرەققى قىلدىكى، سېتىش ئۈچۈن ئايرىم تارازا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئايرىم تارازا ئىشلەتتى.

يەنە بۇ ئازغۇن قەۋم ئىنسانلارنىڭ يوللىرىنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىرقىسمىنى تارتىۋالدى. بولۇپمۇ يىراقلاردىن كەلگەن يولۇچى ۋە مىسكىنلەرنىڭ

ماللىرىنى ھەر خىل قاقتى-سوقتىلىق بىلەن تارتىۋالاتتى. كىشىلىك مۇناسىۋەت پۈتۈنلەي ھىلە ۋە زومىگەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. ئاللاھ تائالا بەرگەن مول نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلمايتتى. ئاللاھقا ئىسيان قىلىش ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇش ئارقىلىق ناشۈكۈرلۈق قىلاتتى. قىسقىسى، مەدىيەنلىكلەرنىڭ ئېتىقادى بۇتپەرەس، سودا-سېتىقلىرىنىڭ ئاساسى ھىلىگەرلىك، ئەڭ گۈزەل كەسپلىرى پارىخورلۇقتىن ئىبارەت ئىدى.

خۇلاسىلىغاندا مەدىيەن خەلقى ئېتىقادى، سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن چۆككەن ئىدى.

مەدىيەنلىكلەر ئەنە شۇنداق پەسكەشلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان پەيتتە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا گۈزەل نەسىھەتلەر قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى بايان قىلدى. جانابى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، سودا-سېتىقتا تارازا، ئۆلچەملەردە ھەقسىزلىق قىلماسلىققا، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشقا، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىققا بۇيرىدى. ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق، نېمەتلىرىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَإِلَى مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَـهٍ غَيْرُهُ وَلاَ تَنقُصُواْ الْمِكْيَالَ وَالْمِيزَانَ إِنِّيَ أَرَاكُم بِخَيْرٍ وَإِنِّيَ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ مُّحِيطٍ

**"مەديەن (ئەھلى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن باي ھېسابلايمەن، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن."** (سۈرە ھۇد، 84-ئايەت)

وَإِلَى مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَـهٍ غَيْرُهُ قَدْ جَاءتْكُم بَيِّنَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ فَأَوْفُواْ الْكَيْلَ وَالْمِيزَانَ وَلاَ تَبْخَسُواْ النَّاسَ أَشْيَاءهُمْ وَلاَ تُفْسِدُواْ فِي الأَرْضِ بَعْدَ إِصْلاَحِهَا ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ

**"مەديەن (خەلقىگە) ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۇ (ئۆز قەۋمىگە) ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەقىقەتەن (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) مۆجىزە كەلدى، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرىلاڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار. (ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ) زېمىننى تۈزىگەندىن كېيىن، زېمىندا (گۇناھلار قىلىپ) بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئەنە شۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر."** (سۈرە ئەئراف، 85-ئايەت)

فَقَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَارْجُوا الْيَوْمَ الْآخِرَ

**"...«ئى قەۋمىم! بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاخىرەت كۈنىدىن قورقۇڭلار."** (سۈرە ئەنكەبۇت، 36-ئايەت)

شۇئەيب ئەلەيھسسالام مەديەن خەلقىگە ھەقىقەتنى مۇشۇنداق تەبلىغ قىلىپ، ئۇلارنى قىيامەت كۈنى ۋە ئىلاھى ھېسابنى تەستىقلاش ۋە ئۇ يەردە پايدا يەتكۈزىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا تەشۋىق قىلدى.

شۇئەيب ئەلەيھسسالام سودا-سېتىق ۋە ئۆلچەم-تارازىلاردا قىلىنىۋاتقان ھىلە-مىكىرلەر ھەققىدە خەلقنى دائىم ئاگاھلاندۇردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەگەر بۇ قىلىقلىرىدىن ۋاز كېچىپ تەۋبە قىلمىسا، ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئاللاھ تائالا بۇ قەۋمگە نۇرغۇنلىغان نېمەتلەر بەردى. ئۇلار تەۋبە قىلىپ شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا، ھىلە ئىشلىتىپ ھەددىدىن ئېشىشنى داۋاملاشتۇردى.

شۇئەيب ئەلەيھسسالام نەسىھەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

وَيَا قَوْمِ أَوْفُواْ الْمِكْيَالَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ وَلاَ تَبْخَسُواْ النَّاسَ أَشْيَاءهُمْ
وَلاَ تَعْثَوْاْ فِي الأَرْضِ مُفْسِدِينَ

**"ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلەرنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە - پاسات تېرىماڭلار."** (سۈرە ھۇد، 85-ئايەت)

بۇنىڭدىن كېيىن شۇئەيب ئەلەيھىسسالام تىجارەتنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆتتۈرىغا قويدى. بۇ ئۆلچەم ۋە تارازىنى توغرا تارتىش ۋە نورمال پايدىغا رازى بولۇش ئىدى. نورمال پايدىدا، ئىش ۋە تىجارەت ئامانلىقى، ئاللاھ دەرگاھىدىمۇ قۇل ھەققىگە رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت يۈز ئاقلىغى بار ئىدى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام نەسىھەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى:

بَقِيَّةُ اللّهِ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ وَمَا أَنَاْ عَلَيْكُم بِحَفِيظٍ

**"ئاللاھ سىلەرگە قالدۇرغان ھالال رىزىق (سىلەر يىغقان ھارامدىن) ياخشىدۇر، ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار. مەن سىلەرگە مۇھاپىزەتچى ئەمەسمەن»"** (سۈرە ھۇد، 86-ئايەت)

«يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىڭلار سەۋەبىدىن سىلەرگە جازا بېرىش ياكى سىلەرگە بېرىلگەن نېمەتلەرگە نانكورلۇق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن قولۇڭلاردىن چىقىپ كېتىشىنى توسۇپ قېلىش مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئىش ئەمەس مەن پەقەت ماڭا بىلدۈرۈلگەننى تەبلىغ قىلىمەن!»

يۇقىرىدىكى ئايەتتە شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى مۇنۇ بەش نەرسىگە دەۋەت قىلدى:

1. تەۋھىد ۋە يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش.
2. ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەستىقلاش.
3. تارازىنى توغرا تۇتۇش، توغرا ئۆلچەش، ھىلە ئىشلەتمەسلىك.
4. ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش. بۇلاش، ئوغرىلاش، پارىخورلۇق قىلىشقا ئوخشاش ئاشكارا ۋە مەخپى يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىش.
5. دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا پىتنە-پاسات چىقارماسلىق.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان بۇ بەش ئاساس، **«ئاللاھ تائالاغا تەئزىم، مەخلۇقاتقا شەپقەت ۋە مەرھەمەت»** شەكلىدە خۇلاسىلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئۆلچەم، تەۋھىد ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلاش بىلەن قۇل ھەقلىرىنى ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق چىقارماسلىققا ئوخشاش ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئەتراپتا بۈيۈك تەسىر قوزغىدى. ئىنسانلار توپ-توپ بولۇپ زىيارەتكە كېلىپ، ئىمان ئېيتقان ھالدا ئۇنىڭ ئۆگەتكەنلىرى بويىچە ئەمەل قىلدى. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، تىجارەتتە توغرىلىقتىن ئايرىلمىدى. لېكىن ئىمان ئېيتمىغانلارمۇ كۆپ ئىدى.

ئىمان ئېيتمىغانلار بۇ ئەھۋالدىن نارازى بولدى. غەزەپلەنگەن ھالدا نورمال پايدىنى ئاز كۆردى. بىر-بىرلىرىنى: «نورمال پايدا بىلەن باي بولغىلى بولمايدۇ!» دەپ ھەقسىزلىق ۋە باتىللىققا تەشۋىق قىلدى.

ئازغۇن قەۋم پەيغەمبەرلىرىگە:

قَالُواْ يَا شُعَيْبُ أَصَلاَتُكَ تَأْمُرُكَ أَن نَّتْرُكَ مَا يَعْبُدُ آبَاؤُنَا أَوْ أَن نَّفْعَلَ فِي أَمْوَالِنَا مَا نَشَاء إِنَّكَ لَأَنتَ الْحَلِيمُ الرَّشِيدُ

**"ئۇلار: «ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن - دە» دېدى."** (سۈرە ھۇد، 87 - ئايەت)

بۇ يەردە «ناماز»دىن مەقسەت دىندۇر. چۈنكى ناماز دىنىنىڭ تۈگرىكى بولۇپ، دىنىنى تەمسىل قىلىدۇ. بۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا، ناماز ناھايىتى مۇھىم ئىبادەتتۇر.

قَالَ يَا قَوْمِ أَرَأَيْتُمْ إِن كُنتُ عَلَىَ بَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّي وَرَزَقَنِي مِنْهُ رِزْقًا حَسَنًا وَمَا أُرِيدُ أَنْ أُخَالِفَكُمْ إِلَى مَا أَنْهَاكُمْ عَنْهُ إِنْ أُرِيدُ إِلاَّ الإِصْلاَحَ مَا اسْتَطَعْتُ وَمَا تَوْفِيقِي إِلاَّ بِاللّهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ

**"شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، پەرۋەردىگارىم ماڭا روشەن پاكىت (يەنى پەيغەمبەرلىك) ۋە كەڭتاشا ھالال رىزىق ئاتا قىلغان تۇرسا، (مەن شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىم؟) سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلىنغان نەرسىنى ئۆزەممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنى خالايمەن، مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن."**

(سۈرە ھۇد، 88 - ئايەت)

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتتىكى:

**"سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلىنغان نەرسىنى ئۆزەممۇ قىلىشنى خالىمايمەن."** ئىپادىسى بىلەن: «سىلەرنى پەقەت ئۆزەم قىلغان نەرسىلەرگە بۇيرۇيمەن. ئەگەر سىلەرنى بىر نەرسىدىن مەنئى قىلسام، ئۇنى ئالدى بىلەن ئۆزەم تەرك ئېتىمەن» دەيدۇ.

تەبلىغدە بۇ تۈيغۇغا ئىگە بولۇش، جانابى ئاللاھ مەدھىيلىگەن بىر خىسلەتتۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلە قىلىش شىددەت بىلەن مەنئى قىلىنغان بولۇپ، كېيىنكى زامانلاردا ئىسرائىل ئۆلىمالىرى بۇ يامان خۇيغا ئادەتلىنىپ قالغان. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا خىتابەن:

أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ وَأَنتُمْ تَتْلُونَ الْكِتَابَ أَفَلاَ تَعْقِلُونَ

**"كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر دېگەن."**

(سۈرە بەقەرە، 44-ئايەت)

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«قىيامەت كۈنى بىر ئادەم كەلتۈرۈلۈپ جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ. (ئوتنىڭ ھارارىتىدىن) قورسىقىنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسە سىرتىغا چىقىدۇ. بۇ ئادەم خۇددى ئىشەك تۈگمەن ئەتراپىدا چۆگىلىگەندەك چۆگىلەشكە باشلايدۇ. جەھەننەم ئەھلى توپلاشقان ھالدا:

«ئى پالانى! ساڭا نېمە بولدى؟ سەن بىزنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقلاردىن تۇسايتتىڭغۇ؟» دېيىشىدۇ.

ئۇ ئادەم مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

«ھەئە، شۇنداق مەن سىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇيتتىم، لېكىن ئۆزەم قىلمايتتىم. سىلەرنى يامانلىقتىن توساتتىم، لېكىن ئۆزەم ئۇلارنى قىلاتتىم.»

(مۇسلىم، «زۇھد»، 51 / 2989)

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بۇ ئىلاھى پرىنسىپلار ئاستىدا ھارماي-تالماي تەبلىغنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن ئازغۇن قەۋم شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايلا قالماستىن تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام كۈچلۈك قەبىلىگە مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر يامانلىق قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمان ئېيتقانلارغا تەھدىت سالدى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بۇ جەھەتتە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى:

وَلاَ تَقْعُدُواْ بِكُلِّ صِرَاطٍ تُوعِدُونَ وَتَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ اللّهِ مَنْ آمَنَ بِهِ وَتَبْغُونَهَا عِوَجًا وَاذْكُرُواْ إِذْ كُنتُمْ قَلِيلاً فَكَثَّرَكُمْ وَانظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُفْسِدِينَ

**"سىلەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارنى قورقۇتقان، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان ۋە ئۇ يولنىڭ ئەگرىلىكىنى تىلىگەن ھالدا يوللاردا ئولتۇرماڭلار، ئەسلىدە سىلەر ئاز ئىدىڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى ياد ئېتىڭلار، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قاراڭلار."** (سۈرە ئەئراف، 86-ئايەت)

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قەۋمىنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەنىپ دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئاساسەن ئەمەل قىلدى. پەيغەمبەرلىكى شامغىچە تارقالدى. ئاللاھنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن مۆمىن كۆڭۈللەر، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن مەدىيەنگە قاراپ يولغا چىقتى. مەدىيەن ئاھالىسى يوللاردا تۇرۇپ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان مۆمىنلەرگە توسقۇنلۇق قىلىشقا تىرىشتى. بۇ شەيتانغا ئەگىشىشنىڭ ئۇچۇق ئىپادىسىدۇر. چۈنكى شەيتان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قوغلانغاندا، جانابى ئاللاھقا:

"قَالَ فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ ثُمَّ لآتِيَنَّهُم مِّن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَن شَمَآئِلِهِمْ وَلاَ تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ

**"ئىبلىس ئېيتتى: ‹‹سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن."** (سۈرە ئەئراف، 16-17-ئايەت)

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى:

1. يوللار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىنسانلارغا تەھدىت سېلىپ ئۇلارغا زۇلۇم سېلىشتىن،

2. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىققا،

3. مۆمىنلەرنى ۋە يېڭى ئىمان ئېيتىش ئالدىدا تۇرغانلارنى ھەر خىل گۇمانغا سېلىپ ئازغۇنلۇققا قويۇشتىن مەنئى قىلىشقا تىرىشتى.

**ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش**

ئاللاھتائالا مۇنداق ئاگاھلاندۇردى:

وَيَا قَوْمِ لاَ يَجْرِمَنَّكُمْ شِقَاقِي أَن يُصِيبَكُم مِّثْلُ مَا أَصَابَ قَوْمَ نُوحٍ أَوْ قَوْمَ هُودٍ أَوْ قَوْمَ صَالِحٍ وَمَا قَوْمُ لُوطٍ مِّنكُم بِبَعِيدٍ

**":ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ ماڭا قارشى تۇرغانلىقىڭلار سىلەرنى نۇھنىڭ قەۋمى ياكى ھۇدنىڭ قەۋمى ۋە ياكى سالىھنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئازابقا دۇچار قىلمىسۇن. لۇت قەۋمى (نىڭ دىيارى) سىلەر (نىڭ جايىڭلار) دىن يىراق ئەمەس. "** (سۈرە ھۇد، 89-ئايەت)

يەنى ئۇلارمۇ سىلەرنىڭ دەۋرىڭلارغا يېقىن بىر دەۋردە ھالاك بولدى. شۇڭا ئۇلار سىلەرگە ئەڭ يېقىندۇر. ئىنكار قىلىش، يامانلىق قىلىش ۋە ھالاك بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردا سىلەردىن پەرقى يوق ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ھالاك بولدى. ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشىڭلار كېرەك!

وَاسْتَغْفِرُواْ رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُواْ إِلَيْهِ إِنَّ رَبِّي رَحِيمٌ وَدُودٌ

**"پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر."** (سۈرە ھۇد، 90-ئايەت)

قەۋمىنىڭ ئابرويلۇق مۇشرىكلىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەكلىپىگە رازى بولمىدى:

قَالُواْ يَا شُعَيْبُ مَا نَفْقَهُ كَثِيرًا مِّمَّا تَقُولُ وَإِنَّا لَنَرَاكَ فِينَا ضَعِيفًا وَلَوْلاَ رَهْطُكَ لَرَجَمْنَاكَ وَمَا أَنتَ عَلَيْنَا بِعَزِيزٍ قَالَ يَا قَوْمِ أَرَهْطِي أَعَزُّ عَلَيْكُم مِّنَ اللّهِ وَاتَّخَذْتُمُوهُ وَرَاءكُمْ ظِهْرِيًّا إِنَّ رَبِّي بِمَا تَعْمَلُونَ مُحِيطٌ

**"ئۇلار: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز،**

**سېنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىڭ بولمىغاندا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق، سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن» دېدى." "شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم قېرىنداشلىرىم سىلەرگە ئاللاھدىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ سىلەر ئاللاھنى ئارقاڭلارغا چۆرىۋەتتىڭلار (يەنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىدىڭلار ۋە ئاللاھنى ئۇلۇغلىمىدىڭلار)، پەرۋەردىگارىم سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە خەۋەرداردۇر."** (سۈرە ھۇد، 91 - 92 - ئايەت)

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بۇ ئازغۇن قەۋمنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، قەۋمنى ئاللاھقا تاپشۇردى. چۈنكى قولدىن كېلىدىغان بىر ئىش قالمىغان ئىدى. لېكىن يەنىلا بەلكى ئىبرەت ئالار دېگەن ئۈمىدتە ئىلاھى ئاراپنى ئەسلەتتى:

وَإِن كَانَ طَآئِفَةٌ مِّنكُمْ آمَنُواْ بِالَّذِي أُرْسِلْتُ بِهِ وَطَآئِفَةٌ لَّمْ يْؤْمِنُواْ فَاصْبِرُواْ حَتَّى يَحْكُمَ اللّهُ بَيْنَنَا وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِينَ

**"ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئىشەنمىگەن بولسا، ئاللاھ بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغۇچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇ."** (سۈرە ئەئراف، 87 ـ ئايەت)

لېكىن مەدىيەنلىكلەر، يەنىلا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى يالغانچىلىق بىلەن ئەيىپلەپ ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارنى مەدىيەندىن قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىد قىلدى. چۈنكى مۆمىنلەرنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ياشىشىنى خەتەرلىك دەپ قارايتتى:

قَالَ الْمَلأُ الَّذِينَ اسْتَكْبَرُواْ مِن قَوْمِهِ لَنُخْرِجَنَّكَ يَا شُعَيْبُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَكَ مِن قَرْيَتِنَا أَوْ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا قَالَ أَوَلَوْ كُنَّا كَارِهِينَ

**"شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. شۇئەيب: «بىز (بۇنىڭ ھەر**

**ئىككىلىسنى يامان كۆرىدىغان تۇرساق (بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر؟)» دېدى."** (سۈرە ئەئراف، 88-ئايەت)

قَدِ افْتَرَيْنَا عَلَى اللّهِ كَذِبًا إِنْ عُدْنَا فِي مِلَّتِكُم بَعْدَ إِذْ نَجَّانَا اللّهُ مِنْهَا وَمَا يَكُونُ لَنَا أَن نَّعُودَ فِيهَا إِلاَّ أَن يَشَاء اللّهُ رَبُّنَا وَسِعَ رَبُّنَا كُلَّ شَيْءٍ عِلْمًا عَلَى اللّهِ تَوَكَّلْنَا رَبَّنَا افْتَحْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ قَوْمِنَا بِالْحَقِّ وَأَنتَ خَيْرُ الْفَاتِحِينَ

**"(شۇئەيب يەنى ئېيتتى) «ئاللاھ بىزنى سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتساق، ئەلۋەتتە، ئاللاھقا يالغان چاپلىغان بولىمىز. پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ خالىسىلا، بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا قايتمايمىز. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق (يەنى ھەممە ئىشىمىزنى ئاللاھقا تاپشۇردۇق). پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىز ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن"** (سۈرە ئەئراف، 89-ئايەت)

بۇ ئايەتتە شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، قەۋمىنىڭ دىنگە قايتىش تەكلىپىنى رەت قىلىش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ خالىشىنى ئۈستىسنا تۇتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە تەسلىم بولۇشىنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ۋە ۋەلىيلەر داۋاملىق ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

ئاللاھنىڭ دىنىنى قويۇپ، سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا قايتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ئاللاھ بىزنىڭ ھالاك بولۇشىمىزنى خالىغان بولسا بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. چۈنكى پۈتۈن ئىشلىرىمىز ئۇنىڭ قولىدىدۇر. ئۇ خالىغىنىنى ئىتائەت سەۋەبى بىلەن بەخت سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ، خالىغىنىنى گۇناھلىرى سەۋەبى بىلەن جازالايدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەر دائىم مۇنداق دۇئا قىلاتتى:

«ئى قەلبلەرگە ھۆكۈم قىلغان ئاللاھىم! قەلبىمىزنى ساڭا ئىتائەت قىلىشقا تەييارلىغىن» (مۇسلىم، «قەدەر»، 17)

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغان ئاسى قەۋم ھېچ ئويغانماي، ئۆزىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى يەتمىگەندەك، ئىمان ئېيتقانلارنىمۇ

ئىچىگە سىغدۇرەلمىدى. ئۇلارنى ئەيىپلەپ داۋاملىق تەھدىت قىلدى. ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەتلەپ، ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشتىن ۋاز كەچكۈزۈشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَقَالَ الْمَلأُ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوْمِهِ لَئِنِ اتَّبَعْتُمْ شُعَيْباً إِنَّكُمْ إِذاً لَّخَاسِرُونَ

**"ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمانسىز چوڭلىرى: «ئەگەر سىلەر شۇئەيبكە ئەگەشسەڭلار، شۈبھىسىزكى، چوقۇم زىيان تارتىسىلەر» دېدى."** (سۈرە ئەئراف، 90 - ئايەت)

**يۇقىرىدىن كەلگەن قورقۇنچلۇق ئاۋاز**

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا يولدىن چىققان بۇ ئىنسانلار ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىش قالمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

وَيَا قَوْمِ اعْمَلُواْ عَلَى مَكَانَتِكُمْ إِنِّي عَامِلٌ سَوْفَ تَعْلَمُونَ مَن يَأْتِيهِ عَذَابٌ يُخْزِيهِ وَمَنْ هُوَ كَاذِبٌ وَارْتَقِبُواْ إِنِّي مَعَكُمْ رَقِيبٌ

**"ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە ئۆز يولۇم بويىچە ھەرىكەت قىلاي! ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ رەسۋا قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر، (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار! شۈبھىسىزكى. مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە كۈتىمەن"** (سۈرە ھۇد، 93 - ئايەت)

وَلَمَّا جَاء أَمْرُنَا نَجَّيْنَا شُعَيْبًا وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ بِرَحْمَةٍ مَّنَّا وَأَخَذَتِ الَّذِينَ ظَلَمُواْ الصَّيْحَةُ فَأَصْبَحُواْ فِي دِيَارِهِمْ جَاثِمِينَ

**"بىزنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتۇلدۇردۇق، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز (دىن پەيدا بولغان زىلزىلە) يۇزلەندى، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئۆلتۈرغان پېتى قېتىپ قالدى."** (سۈرە ھۇد، 94 - ئايەت)

بۇ ئەھۋال باشقا بىر سۈرىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَأَخَذَتْهُمُ الرَّجْفَةُ فَأَصْبَحُواْ فِي دَارِهِمْ جَاثِمِينَ * الَّذِينَ كَذَّبُواْ شُعَيْبًا كَأَن لَّمْ يَغْنَوْاْ فِيهَا الَّذِينَ كَذَّبُواْ شُعَيْبًا كَانُواْ هُمُ الْخَاسِرِينَ

**"ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى. شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار (ئاللاھنىڭ ھالاك قىلىشى بىلەن) گويا بۇ يەردە تۇرمىغاندەك (يەنى ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى. شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى."** (سۈرە ئەئراف، 91-92-ئايەت)

نەتىجىدە مەديەن خەلقى، ئازغۇنلۇق، ھېلىگەرلىك، ئادالەتسىزلىك، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىسيان قىلىش قاتارلىق ناچار ئىللەتلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى. بۇ جازا زالىملار قۇتۇلالمايدىغان بىر ئاقىۋەتتۇر.

فَتَوَلَّى عَنْهُمْ وَقَالَ يَا قَوْمِ لَقَدْ أَبْلَغْتُكُمْ رِسَالاَتِ رَبِّي وَنَصَحْتُ لَكُمْ فَكَيْفَ آسَى عَلَى قَوْمٍ كَافِرِينَ

**"شۇئەيب ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ: «ئى قەۋمىم! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم ۋە نەسىھەت قىلدىم، مەن قانداقمۇ كاپىر قەۋمگە قايغۇراي!» دېدى."** (ئەئراف، 93-ئايەت)

كَأَن لَّمْ يَغْنَوْاْ فِيهَا أَلاَ بُعْدًا لِّمَدْيَنَ كَمَا بَعِدَتْ ثَمُودُ

**"گويا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۇرمىغاندەك (يەنى ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى. مەديەن ئاھالىسى خۇددى سەمۇد قەۋمى ھالاك بولغاندەك ھالاك بولسۇن!. "** (سۈرە ھۇد، 95-ئايەت)

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ سەمۇد قەۋمىگە ئوخشاش نەسھەتكە قۇلاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن قورقۇنچ بىر ئاۋاز بىلەن ھالاك بولدى. بولارنىڭ جازالىرىنىڭ ئوخشاش بولۇشى، ئەخلاقى ناچارلىقىنىڭ بىر-بىرلىرىگە ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولۇشى ئۈچۈن ھەر ئىككى قەۋمگە ئوخشاش بەددۇئا قىلىنغان ۋە مەديەن قەۋمى بۇ جەھەتتە سەمۇد قەۋمگە ئوخشىتىلغان.

سەمۇد قەۋمىنى يەردىن، مەديەن خەلقىنى كۆكتىن كەلگەن بىر ئاۋاز ھالاك قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلىشىپ، ئىككى ئالەمدە زىيان تارتىپ خارلىققا دۇچار بولدى.

**ئەيكەلىقلەر**

ئەيكە زىچ ئورمانلىق دېگەن مەنىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن قىزىل دېڭىز ساھىلىدىن مەديەنغىچە سوزۇلغان يەرلەرنىڭ ئىسمىدۇر. بۇ يەردە ياشىغان خەلق ئەيكىلىقلار دەپ ئاتالغان.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، مەديەن خەلقىگە ئوخشاش ھەر تۈرلۈك بايلىق، مولچىلىق ۋە نېمەت ئىچىدە ياشاپ تۇرۇۋاتقان پەقەت تەۋھىد ۋە ھىدايەتتىن ئۇزاق بولغان ئەيكىلىقلارغىمۇ توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن ئىدى.

ئەيقىلىقلارمۇ مەديەن خەلقىگە ئوخشاش شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

كَذَّبَ أَصْحَابُ الْأَيْكَةِ الْمُرْسَلِينَ

**"ئەيكىلىقلار پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى."** (سۈرە شۇئەرا، 176-ئايەت)

وَإِن كَانَ أَصْحَابُ الْأَيْكَةِ لَظَالِمِينَ

**"ئەيكەلىكلەر شۈبھىسىزكى زالىم ئىدى (يەنى كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقانلار ئىدى)"** (سۈرە ھىجر، 78-ئايەت)

إِذْ قَالَ لَهُمْ شُعَيْبٌ أَلَا تَتَّقُونَ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ وَمَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى رَبِّ الْعَالَمِينَ

**"ئۆز ۋاقتىدا شۇئەيب ئۇلارغا ئېيتتى: «سىلەر (ئاللاھتىن) قورقمامسىلەر؟ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق پەيغەمبەرمەن. ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن."** (سۈرە شۇئەرا، 177-180-ئايەت)

ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى، ئىنسانلارنىڭ ئالدىغا ئىككى ئالاھىدىلىك بىلەن چىقىدۇ.

1. ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى ئەجىر ۋە پايدا-مەنپەئەت تەلەپ قىلمايدۇ، ئەجىر ۋە ساۋاپنىڭ ئاللاھقا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

2. پۈتۈن ئىنسانلارغا پەزىلەت ئۈلگىسى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ دىلى ۋە تىلى بىردۇر.

بۇ ئىككى سۈپەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ ياسىن سۈرىسىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ھەبىب نەججار «ئەسھابۇ-قەرييە» (ئانتاكىيە ئاھالىسى)نى دەۋەتكە كەلگەنلەر ھەققىدە قەۋمىگە:

«ئى قەرييە ئېگىلىرى (ئانتاكىيە ئاھالىسى) سىلەرگە كەلگەن بۇ كىشىلەر سىلەردىن بىر ئەجىر تەلەپ قىلدىمۇ؟ بۇ ئىنسانلار ھىدايەت ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟

ئۇنداقتا بۇ ئىنسانلار سىلەردىن بىر ئەجىر تەلەپ قىلغىنى يوق. ئۇلار ھىدايەت ئۈستىدىكى ئىنسانلاردۇر. ئۇنداقتا سىلەرمۇ ئۇلارغا ئەگىشىڭلار!» دەپ ئۇلارنى ھىدايەتكە چاقىردى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، ئەيكەلىقلارغا نەسىھەتنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

أَوْفُوا الْكَيْلَ وَلَا تَكُونُوا مِنَ الْمُخْسِرِينَ وَزِنُوا بِالْقِسْطَاسِ
الْمُسْتَقِيمِ وَلَا تَبْخَسُوا النَّاسَ أَشْيَاءهُمْ وَلَا تَعْثَوْا فِي الْأَرْضِ مُفْسِدِينَ
وَاتَّقُوا الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالْجِبِلَّةَ الْأَوَّلِينَ

**"ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار، كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار. (نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار. كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە-پاسات تېرىماڭلار. سىلەرنى ۋە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ياراتقان ئاللاھتىن قورقۇڭلار»."** (سۈرە شۇئەرا، 181-184-ئايەت)

قَالُوا إِنَّمَا أَنتَ مِنَ الْمُسَحَّرِينَ وَمَا أَنتَ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا وَإِن نَّظُنُّكَ لَمِنَ الْكَاذِبِينَ
فَأَسْقِطْ عَلَيْنَا كِسَفًا مِّنَ السَّمَاء إِن كُنتَ مِنَ الصَّادِقِينَ

**"ئۇلار ئېيتتى: «سەن سېھىر قىلىنغۇچىلاردىنسەن. سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش (ئاددى) ئادەمسەن، سېنى بىز ھەقىقەتەن يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمىز. ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن."** (سۈرە شۇئەرا، 185-187-ئايەت)

**ئاسماندىن چۈشكەن ئازاپ: شىددەتلىك يالقۇن**

قەۋمىنىڭ ئاللاھدىن ئازاپ تەلەپ قىلىش جۈرئىتى ئالدىدا:

قَالَ رَبِّي أَعْلَمُ بِمَا تَعْمَلُونَ

**"شۇئەيب ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ» ."** (سۈرە شۇئەرا، 188 - ئايەت)

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلار تەلەپ قىلغان ئازاپنىڭ كېلىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئىسسىق شامال چىقىشقا باشلىدى. كۆك رەڭلىك چىۋىنلەر پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يوپۇرلۇپ كەلدى، كاپىرلار چارىسىز قالدى. ھاۋامۇ بارغانسىرى ئىسسىشقا باشلاپ،، ئىنسانلار ئېقىن سۇ ۋە دەرەخ سايىلىرى بولغان يەرلەرگە قاچتى. لېكىن ھارارەت داۋاملىق ئاشتى. بۇ ئەسنادا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر بۇلۇت كەلتۈرۈپ، شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇتتى. كاپىرلار بۇ بۇلۇتنى كۆرۈپ، سايىسى بار دەپ ھەممىسى بۇلۇتنىڭ سايىسىغا قاراپ قېچىشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلغاندا :

«ئى ئەيكىلىقلار! پەيغەمبىرىڭلارنى ئىنكار قىلىپ، بىزگە ھېچقانداق ئازاپ كەلمەيدۇ دېگەن ئىدىڭلار. ئەمدى ئازاپنى تېتىڭلار! ئالدىدا سەجدە قىلغان بۇتۇڭلارغا ئېيتىڭلار، ئەگەر كۈچى يەتسە سىلەرنى قۇتقۇزسۇن!» دەپ بىر نىدا كەلدى.

كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە بۇلۇتتىن ئوت ۋە ئوت ئۇچقۇنلىرى يېغىشقا باشلىدى. كاپىرلارغا ئائىت ھەممە نەرسە، دەرەخلەر ھەتتا تاشلارمۇ كۆيۈپ كۈل بولدى.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَكَذَّبُوهُ فَأَخَذَهُمْ عَذَابُ يَوْمِ الظُّلَّةِ إِنَّهُ كَانَ عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَةً وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُمْ مُؤْمِنِينَ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ

**"ئۇلار شۇئەيبنى ئىنكار قىلدى، ئۇلارنى سايە كۈنىنىڭ ئازابى ھالاك قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك كۈنىنىڭ ئازابى ئىدى. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچىلاردىن بولمىدى. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر."** (سۈرە شۇئەرا، 189 - 191 ـ ئايەت)

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن مەديەن ئاھالىسى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قاتتىق ئاۋازى ۋە قاتتىق يەر تەۋرەش بىلەن، ئەيكەلىقلار سايە دەپ گۇمان قىلغان بولۇتتىن ياغقان ئوت بىلەن ھالاك بولدى.

**ھالاك بولغاندىن كېيىن**

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، ئاسى قەۋملەر ھالاك بولغاندىن كېيىن مەديەنگە يەرلەشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيلەندى ۋە ئىككى قىزى دۇنياغا كەلدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا «خاتىبول ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر ناتىقى) دەپ ئاتالدى. چۈنكى قەۋمى بىلەن گۈزەل سۆزلەر بىلەن سۆزلىشەتتى ۋە ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا توغرا ۋە قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەتتى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام كۆپ ناماز ئوقۇپ، قۇل (باشقىلار) ھەققىگە ناھايىتى دىققەت قىلاتتى، بولۇپمۇ ئۆلچەم ۋە تارازىلاردا كىشىنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىشتا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. كىشى ھەققىنى تەقسىم قىلىش ۋە رازى قىلىشتا ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، كۆپ ياش تۆكەتتى. ياشانغان چېغىدا كۆزلىرى خىرەلىشىپ بەدىنى ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئىدى. بىر قانچە قېتىم كۆپ يىغلىغانلىقىدىن كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. جانابى ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ:

«ئى شۇئەيب! نېمە ئۈچۈن كۆپ يىغلايسەن؟ جەننەت ئىشتىياقىدىنمۇ ياكى جەھەننەم قورقىسىدىنمۇ؟» دەپ ۋەھيي ئارقىلىق سورىغاندا، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام:

«ئى رەببىم! مېنىڭ بۇ يىغلىشىم جەننەت ئىشتىياقى ۋە جەھەننەم قورقىسىدىن ئەمەسلىكىنى سەن بىلىپ تۇرىسەن. ساڭا بولغان ئىشقى-مۇھەببىتىم قەلبىمگە يەرلەشتى. بىر ئەندىشەم بار، ئۇ بولسىمۇ: «گۈزەل جامالىڭنى كۆرۈشكە نېسىپ بولۇش!» ئەگەر سېنى نەزەر سالغان ھالدا كۆرەلەيدىغان بولسام، ھېچ بىر نەرسىدىن غەم يېمەيمەن.» دېگەن.

جانابى ئاللاھ جاۋابەن:

«سۆزۈڭدە راستچىل ئىكەنلىكىڭگە قارىغاندا جامالىمنى كۆرۈش ساڭا مۇبارەك بولسۇن، ئى شۇئەيب! بۇ سەۋەپتىن كەلىمەم مۇسا بىن ئىمراننى ساڭا خىزمەتچى قىلىپ بېرىمەن!» دېگەن.

مانا بۇ ھەققە يېقىن بولغانلارنىڭ ئەھۋالىدۇر. ئۇلار غەپلەت ئەھلىنىڭ زىددىگە، ھەر شەيئىدىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئويلايدۇ. مەخلۇقنىڭ رازىلىقىنى ئەڭ ئاخىرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى ئاللاھقا بولغان ئىشقى مۇھەببەت بىلەن تولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر ئىككى دۇنياغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانلارنىڭ قەلب كۆزلىرىنى ئېچىپ غەپلەتتىن ئويغۇتۇش، ئۇلارنى گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى قىلىپ تەربىيلەش، ھوشنى يوقاتقان ھالدا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا يېتىش ۋە «دارۇسسالام»غا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.

قەلب كۆزىنىڭ ئېچىلىشىنى خالىغانلار، تەربىيە ۋە ئىرشاد قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىپ ھەق يولىدا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن غەيرەت كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇنى ئارزۇ قىلمىغان، جاھىللىق، تەكەببۇرلۇق قىلىپ پەيغەمبەرلەرنىڭ تەكلىپىگە قۇلاق سالمىغان ۋە يەقىنلىك دەرىجىسىگە ئېرىشىشنى خالىمىغانلار قاراڭغۇ-زۇلمەت ئىچىدە قېلىپ پاسىقلىشىدۇ. قەيەرگە بېرىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان كىشىلەردەك تېڭىرقاپ قايمۇقۇپ يۈرىدۇ.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ناھايىتى مەرھەمەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلارنى ئېچىنىشلىق ئاقىبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ھارماي-تالماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

*

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مەديەن ۋە ئەيكەل قەۋمىنىڭ ھالاك بولىشىدىن كېيىن ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىگە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن بىرلىكتە مەككىگە ھىجرەت قىلىپ، ئۇ يەردە ۋاپات بولۇپ، كەئبىدىكى ئالتۇن ئولۇق (نوسى)نىڭ ئاستىغا، يەنى ھاتىمگە دەپنە قىلىندى.

**ئەلەيھىسسالام! (ئۇنىڭغا سالام بولسۇن)**


ئەرەپ يېرىم ئارىلى
تەيما
دىيارى سەمۇد
كەلبىيە
تەبۇك
مائان
مەديەن
قىزىل دېڭىز
سىنا
مىسىر



# ھەزرىتى مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالام

پىرئەۋننى قىزىل دېڭىزدا يوقاتقان مۆجىزىلىك ھاسىغا ئىگە

## مۇسا ئەلەيھىسسالام

ۋە ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىنغان سالىھ قېرىندىشى

## ھارۇن ئەلەيھىسسالام

مۇسا ئەلەيھىسسالام «ئۇلۇل ـ ئەزىم» (بۈيۈك) پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر. ئۇ ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، بەنى ئىسرائىل پەيغەمبىرىدۇر. قۇرئان كەرىمدە ئىسمى ئەڭ كۆپ زىكىر قىلىنغان پەيغەمبەر بولۇپ، تۈرلۈك ۋەسىلىلەر بىلەن 136 يەردە زىكىر قىلىنىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام قېرىنداشتۇر. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى دۆلىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىگەن مىسىر پىرئەۋنلىرىدىن رەييان بىن مەلىك مۆمىن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قابۇس پىرئەۋن بولدى. بۇ شەخس يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىدى. لېكىن ئۇنى ۋەزىپىسىدىنمۇ ئالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن پىرئەۋنلەر بەنى ئىسرائىلغا ئانچە ئېتىبار قىلمىدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئىسرائىل ئوغۇللىرى (بەنى ئىسرائىل) مىسىردا قالدى. بولار يۇسۇف، ياقۇب، ئىسھاق ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا باغلىق ئىدى. مىسىرنىڭ بۇرۇنقى يەرلىك ئاھالىسى بولغان قىبتىلار بۇتپەرەستتى. يۇلتۇز ۋە بۇتلارغا چوقۇناتتى، بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى خور كۆرەتتى. پىرئەۋنلىرى ئىنتايىن زالىم بولۇپ، بەنى ئىسرائىلنىڭ كۆپىيىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. چۈنكى سىپتى دېيىلگەن بەنى ئىسرائىل قەۋمى كۆپەيسە، ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ ئەھۋالنى قوبۇل قىلمىغان قىبتىلار، پىرئەۋننىڭ باشچىلىقىدا سىپتىلەرنى ئېزىپ زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ زۇلمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن سىپتىلەر بۇ ئەھۋالدىن بىزار بولدى. چۈنكى ئۇلار ئىجتىمائى ۋە سىياسى ھوقۇقنى يۈتۈنلەي قولدىن بېرىپ قويۇپ، ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتى بولغان كەنئان دىيارىغا كېتىشنى ئارزۇ قىلدى، لېكىن كېتەلمىدى. چۈنكى پىرئەۋن ئۇلارنى پىرامىداغا ئوخشاش ئېغىر ئىشلارغا سالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ باشقا

يەرلەرگە كۆچۈپ كېتىشكە يول قويمىدى. ئون ئىككى قەبىلە بولغان ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ھەر بىرى ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىگە باغلىق ئىدى. پىرئەۋن ئۇلارنى ئىنتايىن قىيىن شەرت-شارائىتلاردا ئىشلىتىپ، زورلۇق-زومىگەرلىك بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى. ئىشلەشكە كۈچى يەتمىگەن ئاجىز كىشىلەردىن ئېغىر ئالۋاڭ-سېلىق ئالدى. قۇياش پاتقىچە ئىشلەپ كەلمىگەنلەرنى بولسا، بىر ئاي باغلاپ قويدى. پىرئەۋنىنىڭ بۇ زالىملىقى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

إِنَّ فِرْعَوْنَ عَلَا فِي الْأَرْضِ وَجَعَلَ أَهْلَهَا شِيَعًا يَسْتَضْعِفُ طَائِفَةً مِّنْهُمْ يُذَبِّحُ أَبْنَاءَهُمْ وَيَسْتَحْيِي نِسَاءَهُمْ إِنَّهُ كَانَ مِنَ الْمُفْسِدِينَ

**"شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا (زومىگەرلىكتە) ھەددىدىن ئاشتى، ئاھالىسىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن بىر تائىپە (يەنى بەنى ئىسرائىل)نى بوزەك قىلدى. ئۇلاردىن ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى) خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇردى، پىرئەۋن ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى."** (سۈرە قەسەس، 4-ئايەت)

إِنَّ فِرْعَوْنَ وَهَامَانَ وَجُنُودَهُمَا كَانُوا خَاطِئِينَ

**"شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى خاتالاشقان ئىدى."** (سۈرە قەسەس، 8-ئايەت)

بۇ زومىگەرلىك ۋە زالىملىق دەۋرىدە جانابى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى:

وَنُرِيدُ أَن نَّمُنَّ عَلَى الَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا فِي الْأَرْضِ وَنَجْعَلَهُمْ أَئِمَّةً وَنَجْعَلَهُمُ الْوَارِثِينَ وَنُمَكِّنَ لَهُمْ فِي الْأَرْضِ وَنُرِيَ فِرْعَوْنَ وَهَامَانَ وَجُنُودَهُمَا مِنْهُم مَّا كَانُوا يَحْذَرُونَ

**"بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز. ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدا كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماقچىمىز، بىز پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (يەنى بوزەك قىلىنغانلار)دىن قورقىدىغان نەرسىنى**

**(يەنى بەنى ئىسرائىلنى مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىشنى) كۆرسىتىمىز."** (سۈرە قەسەس، 5-6-ئايەت)

**پىرئەۋننى قورقۇتقان چۈش**

پىرئەۋن بىر كېچە چۈشىدە بەيتۇلمۇقەددەستىن بىر ئوتنىڭ چىقىپ قىبتىلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغانلىقىنى لېكىن ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەنلىكىنى كۆردى. چۈش تەبىرچىلىرى ئۇنىڭغا:

**«بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئوغۇل دۇنياغا كېلىپ، سېنىڭ ھاكىمىيىتىڭنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ!»** دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن، ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن تۇغۇلغان بارلىق ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى.

قۇمۇشتىن ئەسۋاپ ياساپ، تۇغۇتى يېقىنلاشقان ئاياللارنىڭ قورسىقىغا تىقىپ ئىنتايىن قىيناپ، ئۇلارنى ئۆز مۇددىتىدىن بۇرۇن تۇغدۇردى. ئەگەر تۇغۇلغان بوۋاق ئوغۇل بولسا، ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرىۋەتتى.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، پىرئەۋننى مۇنداق يامان ئىشنى قىلىشقا ئۈندىگەن سەۋەب شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى:

ئىسرائىل ئوغۇللىرى بىر-بىرلىرى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقى ۋە مىسىر پادىشاھىنىڭ (پىرئەۋننىڭ) ھالاك بولۇشىنىڭ ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق ئەمەللىشىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارە ئانىمىز بىلەن پىرئەۋن ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە ئىدى. پىرئەۋن ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىشنى خالىغاندا، ئاللاھ ئۇنى قوغداپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا جانابى ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەسلىدىن كەلگەن ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىمۇ پىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇراتتى. بۇ خۇشخەۋەر ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالدى، قىبتىلارمۇ بۇ خەۋەرنى تىلغا ئېلىشقا باشلىدى. بۇ خەۋەر پىرئەۋننىڭ قولىقىغا يېتىپ بارغاندا، مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، تۇغۇلغان ئوغۇل باللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. مەقسىتى ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان كىچىك بالىنىڭ چوڭ بولۇشىنى توسۇپ قېلىش ئىدى. لېكىن بۇ تەدبىر، ئىلاھى تەقدىرنى ئۆزگەرتەلمىدى.

بۇ ئەسنادا ھەزرىتى ياقۇبنىڭ نەسلىدىن بولغان ئىمراننىڭ ئوغلى ھەزرىتى مۇسا دۇنياغا كەلدى. تۇغۇت ئانىلىرىدىن بىرى ھەزرىتى مۇسانىڭ يېقىنى ئىدى. ھەزرىتى مۇسا تۇغۇلغاندا، پېشانىسىدا پاقىراپ تۇرغان بىر نۇرنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەيران قالدى.

تۇغۇت ئانىلىرى چىققاندىن كېيىن، پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ئىچىگە كىردى. ئۇ پەيتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىن بوۋاقنى تونۇرنىڭ ئىچىگە قويدى. لەشكەرلەر چىققاندىن كېيىن، ئىنتايىن ئەندىشە قىلغان ھالدا تونۇرنى ئېچىپ قارىدى، بالىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىنچ ـ ئامان تۇراتتى. ئۇنى دەرھال قۇچىقىغا ئېلىپ ئىنتايىن سۆيۈنگەن ھالدا جانابى ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتتى. كېيىن ئۇنىڭغا ئاللاھدىن بىر ئىلھام كەلدى، بالىسنى ئېمىتىپ، خەتەرلىك پەيتتە نىل دەرياسىغا قويۇپ بېرىلىشى بۇيرۇلۇپ، كېيىن بالىسنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ۋە بۈيۈك بىر پەيغەمبەر بولىدىغانلىقى خەۋەر قىلىندى. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَأَوْحَيْنَا إِلَى أُمِّ مُوسَى أَنْ أَرْضِعِيهِ فَإِذَا خِفْتِ عَلَيْهِ فَأَلْقِيهِ فِي الْيَمِّ
وَلَا تَخَافِي وَلَا تَحْزَنِي إِنَّا رَادُّوهُ إِلَيْكِ وَجَاعِلُوهُ مِنَ الْمُرْسَلِينَ

**"مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى: «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى(ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز."** (سۈرە قەسەس، 7 ـ ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى بىر ياغاچچىنىڭ يېنىغا يۈگرەپ بېرىپ، بىر ساندۇق ياساتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ساندۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ نىل دەرياسىغا قويۇپ بەردى.

ساندۇقنى ياسىغان ياغاچچى بۇنى سېزىپ قېلىپ، پىرئەۋنگە چېقىپ قويماقچى بولدى، لېكىن تىلى تۇتۇلۇپ قېلىپ، بىر نەرسە دېيەلمىدى، ئاخىرى پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ئۇنى سارايدىن قوغلاپ چىقاردى.

ساندۇق نىل دەرياسىدا ئېقىپ، پىرئەۋننىڭ بېغىغا كىردى. جارىيەلەر ئۇنى ئېلىپ، ئاسىيە ئانىمىزنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كەلدى.

**ھەزرىتى مۇسا پىرئەۋننىڭ سارىيىدا**

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان مىسىر ھۆكۈمدارى رەييان بىن ۋەلىدنىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئاسىيە، پىرئەۋننىڭ ئايالى ئىدى. بىر ساندۇق ئىچىدە ئۆزىگە كەلتۈرۈلگەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا قارىتا چوڭقۇر مۇھەببەت پەيدا بولدى. بوۋاق ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. ئۇنى ئېلىپ باغرىغا باستى. ئاندىن ئۇنى پىرئەۋننىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىپ:

«بۇ بىزنىڭ بالىمىز بولسۇن، كەلگۈسىدە بىزگە ياردىمى تېگەر، بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئالار! بۇنى ئۆلتۈرمىگىن! بۇ ئىككىمىزنىڭ گۈزەل ئوغلىمىز ھېسابلىنىدۇ!» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئۇنى قايىل قىلدى.

وَقَالَتِ امْرَأَتُ فِرْعَوْنَ قُرَّتُ عَيْنٍ لِّي وَلَكَ لَا تَقْتُلُوهُ عَسَى أَن يَنفَعَنَا أَوْ نَتَّخِذَهُ وَلَدًا وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ

**"پىرئەۋننىڭ ئايالى: «(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا كۆز نۇرى، (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالارمىز» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار (پىرئەۋننىڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ ھالاكىتىنىڭ مۇسانىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى) ئۇقمايتتى."** (سۈرە قەسەس، 9-ئايەت)

ھەزرىتى مۇساغا بىر ئېنىكئانا ئىزدېدى. لېكىن ئۇ ھېچ بىر ئانىنى ئەممىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى مەريەم ئۆز ئانىسىنىڭ مۇساغا ئېنىكئانا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى:

وَقَالَتْ لِأُخْتِهِ قُصِّيهِ فَبَصُرَتْ بِهِ عَن جُنُبٍ وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ وَحَرَّمْنَا عَلَيْهِ الْمَرَاضِعَ مِن قَبْلُ فَقَالَتْ هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى أَهْلِ بَيْتٍ يَكْفُلُونَهُ لَكُمْ وَهُمْ لَهُ نَاصِحُونَ

**"ئانىسى مۇسانىڭ ھەمشىرىسىگە: «(خەۋەرنى ئۇقۇش ئۈچۈن) مۇساغا ئەگەشكىن» دېدى. ھەمشىرىسى مۇسانى يىراقتىن كۆرۈپ تۇردى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئۇنى) تونۇمايتتى. (ئۆز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى سۈت ئەمگۈزگۈچى ئاياللارنىڭ ئېمىتىشىدىن توستۇق، مۇسانىڭ ھەمشىرىسى: «سىلەرگە مۇسانى باقىدىغان ئوبدان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ» دېدى."** (سۈرە قەسەس، 11-12-ئايەت)

ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى:

فَرَدَدْنَاهُ إِلَى أُمِّهِ كَيْ تَقَرَّ عَيْنُهَا وَلَا تَحْزَنَ وَلِتَعْلَمَ أَنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ وَلَكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ

**"ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ."**

(سۈرە قەسەس، 13-ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى، ئاسىيە ئانىمىزنىڭ مۇسانى ئېمىتىش ھەققىدىكى تەكلىپىنى ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ دەرھال قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى بۇ ئايەتتىكى ۋەدىنىڭ ھەقىقەتەن ھەقىقەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

مېنىڭ ھارۇن ئىسىملىك بىر ئوغلۇم بار! بۇ شەكىلدە قوبۇل قىلساڭلار ئېمىتەي، ئۇنداق بولمىسا ئېمىتمەيمەن!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقمىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەق بېرىپ ئېمىتىشنى بۇيرىدى.

پىرئەۋن بىلەن ئايالى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بېقىۋېلىشنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭمۇ ئۇلاردەك يېتىشىپ چوڭ بولىدىغانلىقىنى خىيال قىلدى. لېكىن ئىنسان ھاياتىنىڭ رىئاللىقىدا ئىككى مۇھىم ئامىل مەۋجۇت. ۋەراسەت ۋە تەربىيە...ئىنسان بەزىدە ۋەراسەتنىڭ، بەزىدە تەربىيەنىڭ بەزىدە ھەر ئىككىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالىدۇ. قۇرئان كەرىم **«ھالبۇكى ئۇلار ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى (پىرئەۋنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ ھالاكىتىنىڭ مۇسانىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى) ئۇقمايتتى.»** شەكىلدە ئىنچىكە بىر ئۇسلۇب بىلەن ئىپادىلىدى.

پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تېپىپ ئۆلتۈرۈش مەقسىتى بىلەن (رىۋايەتلەردە دېيىلىشچە) 980.000 گۇناھسىز بوۋاقنى ئۆلتۈردى. جانابى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى باش دۈشمىنىنىڭ سارىيىدا يېتىشتۈرۈپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن پىرئەۋنى تەختى بىلەن قوشۇپ يەر بىلەن يەكسەن قىلىشنى ئىرادە قىلدى. چۈنكى پەيغەمبەرلەر، ئاللاھنىڭ خاس تەربىيىسى ۋە ھىمايىسى ئاستىدا بولىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«مېنى رەببىم تەربىيىلىدى ۋە تەربىيەمنى گۈزەل قىلدى.» (سۇيۇتى، «ئەل جامىئۇس-سەغىر»، 1، 12)

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۇنى پىرئەۋننىڭ سارىيىدا ئېمىتىشكە باشلىدى. لېكىن ۋەزىر ھامان ئەھۋالدىن گۇمانلىنىپ:

«بۇ بوۋاق سېنىڭمۇ؟! چۈنكى سەندىن باشقا ھېچ ئانىنىڭ سۈتىنى ئەممىدى!» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىمۇ:

«نېمە سەۋەپتىنكى، بوۋاقلارنىڭ ھەممىسى مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مەنمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ھامانىنى قايىل قىلدى.

نەتىجىدە ئۇنىڭغا مائاش بېكىتتى ۋە ئالتۇن بىلەن سۆيۈندۈردى. بۇ ئاللاھنىڭ بۈيۈك بىر لۇتپى ئىدى. بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَأَصْبَحَ فُؤَادُ أُمِّ مُوسَى فَارِغًا إِن كَادَتْ لَتُبْدِي بِهِ
لَوْلَا أَن رَّبَطْنَا عَلَى قَلْبِهَا لِتَكُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ

**"مۇسانىڭ ئانىسى (مۇسانىڭ پىرئەۋننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ) ئەس - ھوشىنى يوقاتتى، (ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بالىنى قايتۇرۇش ۋەدىسىگە) ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولساق، ئۇ بالىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى."** (سۈرە قەسەس، 10-ئايەت)

ئاسىيە ئانىمىز مۇسا ئەلەيھىسسالامنى سېغىنغاندا ئېنىكئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇنى سارايغا كەلتۈرۈپ ھەدىيەلەر بىلەن قارشى ئالاتتى. بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ ھوجرىسىغا ئېلىپ كېلىندى. پىرئەۋن ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى، مۇسا ئۇنىڭ ساقىلىنى يۇلۇپ كاچىتىغا ئۇردى ياكى پىرئەۋننىڭ قولىدىكى قامچىسىنى ئېلىپ ئۇنى ئۇردى. پىرئەۋن دەرغەزەپ بولۇپ:

«مانا بۇ مېنىڭ ئىزدەۋاتقان دۈشمىنىمدۇر» دەپ مۇسانىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە قارار بەردى.

ئاسىيە ئانىمىز دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ:

«ئۇ تېغى كىچىك بالا تۇرسا نېمە بىلىدۇ، خالىساڭ سىناپ باقايلى. بىر تەخسىگە ياقۇت ۋە ئالماس، بىر تەخسىگە ئوت قويايلى. ئەگەر مۇسا، ياقۇتنى ئالسا ئەقىللىقتۇر، ئوتنى ئالسا كىچىك بالىدۇر» دېدى.

پىرئەۋن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ياقۇت، ئالماس بىلەن تولدۇرۇلغان ۋە يېنىغا ئىچى ئوت بىلەن تولدۇرۇلغان ئىككى تەخسە مۇسانىڭ ئالدىغا قويۇلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى ياقۇت بار تەخسىگە ئۇزاتقان ئىدى، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىنى يان تەرەپكە سىلكىۋەتتى، مۇسا ئوت بار تەخسىگە قول ئۇزىتىپ، ئوت پارچىسىنى ئاغزىغا سالدى. نەتىجىدە، بىر ئاز كېكەچ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ كېكەچلىكى تۇر تېغىدا دۇئا قىلغانغىچىلىك داۋاملاشتى:

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پىرئەۋن:

«شۇنداق، كىچىكلىكىدىن مۇشۇنداق قىلىپتۇ!» دەپ، مۇسانى ئەپۇ قىلىپ سارايدا ئېلىپ قالدى.

شەيخ مۇھيىددىن ئىبنۇل ئەرەبى "فۇسۇسۇل ھىكەم" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«پىرئەۋن يېقىندا دۇنياغا كېلىدىغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يوقىتىش ئۈچۈن 980.000 بوۋاقنى ئۆلتۈردى. بۇ بوۋاقلارنىڭ ھەممىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاياتىدا مەدەت بولۇش، ئۇنىڭ روھانىيىتىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى. چۈنكى پىرئەۋن ۋە ئائىلىسى مۇسانى تېخى بىلمىگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا بىلەتتى. ئەلۋەتتە بولارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئېلىنغان ھاياتى، مۇساغا ئائىت بولاتتى. چۈنكى غايە ئۇ ئىدى.»

* * *

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەتراپىدىكى پۈتۈن ئىنسانلارغا سۆيدۈردى:

وَأَلْقَيْتُ عَلَيْكَ مَحَبَّةً مِّنِّي وَلِتُصْنَعَ عَلَى عَيْنِي

**"مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم."** (سۈرە تاھا، 39-ئايەت)

بۇ ئىلاھى ئىلتىپات تۇپەيلىدىن مۇسانى كۆرگەن ھەر شەخسنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا قارىتا مېھرى-مۇھەببەت قوزغىلاتتى. نەتىجىدە، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلدى:

وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُ وَاسْتَوَى آتَيْنَاهُ حُكْمًا وَعِلْمًا وَكَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ

**"مۇسا ئۆسۈپ يېتىلگەندە، ئەقلى توشقاندا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق، بىز ياخشىلارغا مۇشۇنداق مۇكاپات بېرىمىز."** (سۈرە قەسەس، 14-ئايەت)

ئايەتتە دېيىلگەن (ئەشۇددەھۇ) كەلىمىسى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەم جىسمانى ھەم روھى جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن مەنىسىدە دېگەنلىك بولىدۇ. كۆپىنچە كۆز قاراشلارغا قارىغاندا، بۇ قىرىق ياشتۇر. ئۇ بۇ ياشقا كەلگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا «ھۆكۈم» ۋە «ئىلىم» بەردى. «ھېكمەت» دەپ مەنە بېرىلگەن ھۆكۈم كەلىمىسى، تەپسىرلەردە كۆپىنچە «پەيغەمبەرلىك» شەكلىدە ئىزاھلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام، پىرئەۋننىڭ دىنىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى تەبلىغ قىلىشقا باشلىدى.

### قىبتىنىڭ ئۆلۈمى

پىرئەۋننىڭ قىبتىلەردىن بولغان فاتۇن ئىسىملىك زالىم بىر ناۋىيى بار ئىدى. بۇ كىشى، بىر كۈنى سامىرى ئىسىملىك بىر سىبتىنى ئۇردى. سامىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئايرىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا كىردى. فاتۇننى ئىتتىرىپ ئۇنىڭغا بىر مۇشت ئاتتى. فاتۇن ئازغىنا تاياققا تاينالماي يەرگە يىقىلىپ ئۆلدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالدىن ناھايىتى قايغۇردى. چۈنكى ئۇنىڭ فاتۇننى ئۆلتۈرۈش مەقسىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت سامىرىنى قۇتقۇزۇش ئىدى. قاتتىق قايغۇدا ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ مەغپىرەت تىلىدى.

وَدَخَلَ الْمَدِينَةَ عَلَى حِينِ غَفْلَةٍ مِّنْ أَهْلِهَا فَوَجَدَ فِيهَا رَجُلَيْنِ يَقْتَتِلَانِ هَذَا مِن شِيعَتِهِ
وَهَذَا مِنْ عَدُوِّهِ فَاسْتَغَاثَهُ الَّذِي مِن شِيعَتِهِ عَلَى الَّذِي مِنْ عَدُوِّهِ فَوَكَزَهُ مُوسَى
فَقَضَى عَلَيْهِ قَالَ هَذَا مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ عَدُوٌّ مُّضِلٌّ مُّبِينٌ

**"مۇسا شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا (يەنى چۈشلۈك ئۇيقىدىكى چاغدا) شەھەرگە كىردى، ئۇ شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. (ئۇرۇشۇۋاتقانلاردىن) بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى. مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر."** (سۈرە قەسەس، 15 - ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام، ھەر يەردە تەۋھىدكە دەۋەت قىلىپ ئىنسانلارغا ھەقىقەتنى ئاگاھلاندۇرغان ئۈچۈن پىرئەۋننىڭ قىبتىلىرى ئۇنىڭغا قارشى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئاھالىلەر ئىستىراھەت ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشكەن بىر پەيتتە شەھەرگە كىردى.

«بۇ ئىش شەيتاننىڭ ئىشىدۇر» دېگىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشى ئۈچۈن ئەمەس، چۈنكى ئۆلۈم جازاسىغا لايىق بولغان ئۆلۈك كىشىنىڭ جىنايىتىگە ئىشارەت قىلغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنى ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى ئالمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى قەست قىلغانلىقىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ مۇنداق بىر مەقسىتى يوق ئىدى. ئۆيلىمىغان بىر ئىش بىلەن ئۇچراشقانلىقىدىن:

قَالَ رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْ لِي فَغَفَرَ لَهُ إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ قَالَ رَبِّ بِمَا أَنْعَمْتَ عَلَيَّ فَلَنْ أَكُونَ ظَهِيرًا لِّلْمُجْرِمِينَ

**"مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن» . ئاللاھ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! (ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىق) نېمىتىڭ سەۋەبى بىلەن مەن ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن."** (سۈرە قەسەس، 16 - 17 - ئايەت)

بۇ ئەسنادا قىبتىلەر پىرئەۋنگە ئۆلگەن قىبتىنىڭ قاتىلىنى تېپىش ئۈچۈن ئەرز قىلدى. پىرئەۋن، كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھچى تەلەپ قىلدى.

ئۇلار ھېچ بىر گۇۋاھچى كەلتۈرەلمىدى. پىرئەۋن، ئىزدىگەن كىشىنى تېپىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقتى.

ئەتىسى ھەزرىتى مۇسا، ھېلىقى سىپتىنىڭ باشقا بىر قىبتى بىلەن جېدەللىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سىبتى يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بولسا:

«سېنىڭ كاساپىتىڭدىن نەپسىمگە زۇلۇم قىلدىم!» دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئۇ يەردىكى قىبتى دەرھال پىرئەۋنىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پاش قىلىپ:

«سىزنىڭ ناۋىيىڭىز بولغان فاتۇننىڭ قاتىلى مۇسا ئىكەن» دېدى.

پىرئەۋن قىساس قارارى ئالدى، بۇنى پىرئەۋننىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى مەخپى ھالدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىپ قويدى. چۈنكى ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلاردىن ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبتىنى ئۆلتۈرگەن ۋە مەغپىرەت تىلەپ رەببىگە يالۋۇرغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَأَصْبَحَ فِي الْمَدِينَةِ خَائِفًا يَتَرَقَّبُ فَإِذَا الَّذِي اسْتَنصَرَهُ بِالْأَمْسِ يَسْتَصْرِخُهُ قَالَ لَهُ مُوسَى إِنَّكَ لَغَوِيٌّ مُّبِينٌ فَلَمَّا أَنْ أَرَادَ أَن يَبْطِشَ بِالَّذِي هُوَ عَدُوٌّ لَّهُمَا قَالَ يَا مُوسَى أَتُرِيدُ أَن تَقْتُلَنِي كَمَا قَتَلْتَ نَفْسًا بِالْأَمْسِ إِن تُرِيدُ إِلَّا أَن تَكُونَ جَبَّارًا فِي الْأَرْضِ وَمَا تُرِيدُ أَن تَكُونَ مِنَ الْمُصْلِحِينَ

**"مۇسا ئەتىسى ئەتىگەندە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا قاراپ شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتى، ناگاھان تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن ئادەم (بىر قىبتى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرغان ھالدا) مۇسادىن يەنە ياردەم تىلىدى، مۇسا ئۇنىڭغا: «سەن ھەقىقەتەن ئاشكارا گۇمراھ ئىكەنسەن» دېدى. مۇسا ئىككىسىنىڭ (ئورتاق) دۈشمىنى بولغان ئادەم (يەنى قىبتى)گە قول ئۇزاتماقچى بولغاندا، ياردەم تىلىگەن ئادەم: «ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن، سەن زېمىندا تۈزگۈچىلەردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايسەن» دېدى."** (سۈرە قەسەس، 18 - 19 - ئايەت)

بۇ ئەسنادا:

وَجَاء رَجُلٌ مِّنْ أَقْصَى الْمَدِينَةِ يَسْعَى قَالَ يَا مُوسَى إِنَّ الْمَلَأَ
يَأْتَمِرُونَ بِكَ لِيَقْتُلُوكَ فَاخْرُجْ إِنِّي لَكَ مِنَ النَّاصِحِينَ فَخَرَجَ مِنْهَا
خَائِفًا يَتَرَقَّبُ قَالَ رَبِّ نَجِّنِي مِنَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ

**"بىر ئادەم شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن ئالدىراپ كېلىپ: «ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشكە مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ، (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە ساڭا سادىق كىشىلەردىنمەن» دېدى. مۇسا قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا باققان ھالدا شەھەردىن چىقتى، ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېدى."** (سۈرە قەسەس، 20 - 21 ـ ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ھەرىكىتى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقى تەۋەككۇلنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقىنى ئىپادىلەپ بەردى:

ئاۋۋال كېڭىشىش، ئاندىن كېيىن قارار ۋە تەدبىر (ئەمەلىلەشتۈرۈش)، ئۇنىڭدىن كېيىن نەتىجىنى ئاللاھقا ئامانەت قىلىش (دۇئا ۋە رازى بولۇش) مانا بۇ ھەقىقى تەۋەككۇل!

**مىسىردىن مەدىيەنگە**

مۇسا ئەلەيھىسسالام دەرھال مەدىيەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەسلىدە ئۇ شەھەر سىرتىغا ھېچ چىقىپ باقمىغان بولۇپ، نەگە بارىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ھەتتا يېنىغا ئوزۇقمۇ ئېلىۋالمىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا مەدىيەن يولىنى كۆرسىتىپ قويدى. مەدىيەن ئۇ چاغلاردا مىسىردىن سەككىز كۈنلۈك يىراقتا ئىدى.

وَلَمَّا تَوَجَّهَ تِلْقَاء مَدْيَنَ قَالَ عَسَى رَبِّي أَن يَهْدِيَنِي سَوَاء السَّبِيلِ

**"ئۇ مەدىيەن تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدا: «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يېتەكلىشى مۇمكىن» دېدى."** (سۈرە قەسەس، 22 ـ ئايەت)

مەدىيەن خەلقى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئارىسىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار ئىكەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ. چۈنكى مەدىيەنلىكلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ھەتتا مەدىيەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى ئىدى ۋە

بۇ شەھەر پىرئەۋننىڭ باشقۇرىشى ئاستىدا ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام مەدىيەنگە يېتىپ باردى. خەلق مەدىيەن قەلئەسىدىن مال-چارۋىلىرىنى چىقىرىۋاتاتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرغان يېرىدە سۇ قۇدۇقى بار ئىدى. قەلئەدىن چىققان ھايۋانلار ئۇنىڭغا قاراپ كېلىپ، بىر ئازدىن كېيىن ھەممىيلەن قويلىرىنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن قۇدۇقنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. لېكىن ئىككى ئايالنىڭ قويلىرىنى ئېلىپ، بىر چەتتە تۇرۇشى ۋە قىستاڭچىلىقتىن يىراق تۇرىشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇلاردىن:

«سىلەر نېمىشقا ساقلاپ تۇرىسلەر؟ ماللىرىڭلارنى نېمە ئۈچۈن سۇغارمايسىلەر؟»

ئاياللار:

«پادىچىلار كەتمىگىچە ماللىرىمىزنى سۇغارمايمىز» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«سىلەرنىڭ يېقىنلىرىڭلار يوقمۇ؟» دەپ سورىدى.

ئاياللار:

«ئاتىمىز ياشىنىپ قالغان بولۇپ ماغدۇرسىز. بۇ سەۋەپتىن قويلارنى بىز سۇغىرىپ ئۇتلىتىشقا مەجبۇر قالدۇق. ئەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىشنى خالىمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلار سۇغۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، بىز سۇغۇرىمىز. لېكىن بەزىدە ئۇلار ئاۋۋال سۇغۇرغانلىقى ئۈچۈن قۇدۇقتا سۇ تۈگەپ كېتىپ ماللىرىمىزنى سۇغۇرالمايمىز!» دېدى.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَلَمَّا وَرَدَ مَاء مَدْيَنَ وَجَدَ عَلَيْهِ أُمَّةً مِّنَ النَّاسِ يَسْقُونَ وَوَجَدَ مِن دُونِهِمُ امْرَأتَيْنِ تَذُودَانِ قَالَ مَا خَطْبُكُمَا قَالَتَا لَا نَسْقِي حَتَّى يُصْدِرَ الرِّعَاء وَأَبُونَا شَيْخٌ كَبِيرٌ

**"مۇسا مەدىيەندىكى بىر بولاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە (ماللىرىنى) سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى. ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى سۇدىن) توسۇپ تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردى. مۇسا ئۇلارغا: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ (يەنى قويلىرىڭلارنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇپسىلەرغۇ؟)» دېدى، ئۇلار: «پادىچىلار قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز سۇغىرىمىز، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان بوۋايدۇر» دېدى."** (سۈرە قەسەس، 23-ئايەت)

بولار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرى سافۇرا بىلەن سۇفەيرا ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام سەككىز كۈندىن بېرى ئاچ بولسىمۇ، غەيرەت قىلىپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ سافۇرا بىلەن سۇفەيرانىڭ قويلىرىنى سۇغىرىپ بەردى. قىزلار رەھمەت ئېيتىشىپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى.

فَسَقَى لَهُمَا ثُمَّ تَوَلَّى إِلَى الظِّلِّ فَقَالَ رَبِّ إِنِّي لِمَا أَنزَلْتَ إِلَيَّ مِنْ خَيْرٍ فَقِيرٌ

**"مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج» دېدى."**

(سۈرە قەسەس، 24-ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر قانچە كۈندىن بېرى بىر نەرسە يېمىگەن بولۇپ، ئاچ ئىدى. بۇ سۆزلىرى بىلەن رەببىدىن ئۆزىگە رىزىق ئېھسان قىلىشىنى تىلىدى.

ئايەتنىڭ ئىككىنچى جۈملىسىگە: «توغرىسىنى ئېيتقاندا، ماڭا چۈشۈرۈپ بەرگەن ياخشىلىقلار ئۈچۈن ساڭا موھتاج!» مەنىسىمۇ بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە بېرىلگەن ئۇلۇغ ۋەزىپىگە ۋە دۇنيادا پېقىر قالدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. چۈنكى ئۇ پىرئەۋننىڭ يېنىدا مولچىلىق ئىچىدە ئىدى. لېكىن بۇ سۆزلەر شىكايەت ئەمەس، جانابى ئاللاھنىڭ ئۇنى ساق-سالامەت ھالدا ئامانلىققا ئېرىشتۈرگەنلىكىگە شۈكۈر ۋە ئاجىزلىقىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن دۇئا ئورنىدادۇر.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قىزلىرىنىڭ ماللىرىنى سۇغىرىپ بالدۇر قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ھالدا سورىدى. قىزلىرىمۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن شەھىرىدە ھېچ كۆرۈپ باقمىغان سالىھ بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

**شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى مۇسانى يېنىغا چاقىرىشى**

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېنىغا چاقىرىپ ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«مەن ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن ئىمران ئوغلى مۇسا بولىمەن» دەپ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئېيتىپ بەردى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام:

«ئەندىشە قىلما، بۇ يەردە پىرئەۋنىنىڭ سۆزى ئۆتمەيدۇ!» دېدى.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَجَاءَتْهُ إِحْدَاهُمَا تَمْشِي عَلَى اسْتِحْيَاء قَالَتْ إِنَّ أَبِي يَدْعُوكَ لِيَجْزِيَكَ أَجْرَ مَا سَقَيْتَ لَنَا فَلَمَّا جَاءَهُ وَقَصَّ عَلَيْهِ الْقَصَصَ قَالَ لَا تَخَفْ نَجَوْتَ مِنَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ

**"ئۇلارنىڭ (يەنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ: «(قويلىرىمىزنى) سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى راستلا چاقىرىدۇ» دېدى. مۇسا ئۇنىڭ (يەنى شۇئەيبنىڭ) قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ بەردى، شۇئەيب: «قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ» دېدى."** (سۈرە قەسەس، 25-ئايەت)

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تائام بېرىپ مېھمان قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇنداق ئاچ بولسىمۇ، يېيىشكە ئىككىلىنىپ قالدى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام سەۋەبىنى سورىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«بىز شۇنداق بىر ئائىلىكى، پۈتۈن دۇنيا بېرىلسىمۇ، بىر ئاخىرەت ئەمىلىگە تېگىشمەيمىز! مەن بۇ يېمەك ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ياردەم قىلدىم » دېدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بۇ جاۋابتىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ھالدا:

«بىزنىڭ ئېكرامىمىز ياردەم قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەمەس، مېھمىنىمىز بولغانلىقىڭ ئۈچۈندۇر، قېنى تۈزۈت قىلماي يېگىن!» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى ھېرىپ-چارچىغان ۋە ئاچ بولغان مۇسا ئەلەيھىسسالام، يېمەكنى يەپ بولۇپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتتى.

سافۇرا، ئاتىسىغا بۇ كىشىنى ئېلىپ قېلىشقا ئۈندىدى:

قَالَتْ إِحْدَاهُمَا يَا أَبَتِ اسْتَأْجِرْهُ إِنَّ خَيْرَ مَنِ اسْتَأْجَرْتَ الْقَوِيُّ الْأَمِينُ

**"ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى ئېيتتى: «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر»."** (سۈرە قەسەس، 26-ئايەت)

ۋە بۇنى قوشۇپ قويدى:

«بۇ خىسلەتلەر بۇ كىشىدە مەۋجۇت. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ يۈزىمىزگە قاراپمۇ قويمىدى. يولدا يىراقتىن ئارقىمىزدىن كەلدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئىنتايىن ئىشەنچلىك كىشىدۇر!»

بۇ يەردە ۋەزىپە بېرىلىدىغان كىشىدە بولۇشى كېرەك بولغان خۇسۇسىيەتلەر، قىسقىچە بولۇپ نېمە دېگەن گۈزەل گەۋدىلەنگەن:

1. لاياقەت: ئىشنى بىلىش ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش.

2. ئىشەنچ: راستچىل ۋە ئىشەنچلىك بولۇش.

*

ئارائىسى مەجالىس ئاتلىق كىتابتا نەقىل قىلىنغان بىر رىۋايەتتە:

پاراسەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ ئەڭ ئۈستىنى ئىككىدۇر. ھەر ئىككىسىنىڭ ھەزرىتى مۇسا ھەققىدە بەرگەن باھاسى توغرا چىققان.

بىرى، پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيەدۇر. (ئۇ، مۇسا بىر ساندۇق ئىچىدە سارايغا كىرگەندە كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ، ئۇنى پىرئەۋننىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرگەن ھالدا) «بۇ بوۋاق مېنىڭ ۋە سېنىڭ ئۈچۈن كۆز نۇرى، كۆز ئايدىڭلىقى بولسۇن! ئۇنى ئۆلتۈرمىگىن!» دېگەن.

يەنە بىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىدۇر. (ئۇمۇ) ئاتىسىغا «قويلارنى ئوتلىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ قال! ئۇ سەن ئىشلەتكەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىكتۇر!» دېگەن.

**پاراسەت**: سالىھ مۆمىنلەردىن مەيدانغا كەلگەن ھەقىقەتكە ئايلانغان سەزگۈ، كەشىپ ھالىدۇر. يەنى ئەقىللىق، زىرەك ۋە سەزگۈر دەپ ئاتالغان پاراسەت، قەلبتە ۋاقى بولغان مەنىۋى ئىدراك قابىلىيىتىدۇر.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كۆزى ھارامغا قايغان بىر كىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

«كۆزۈڭنى ھارامدىن ساقلا!» دېگەن.

ئۇ كىشى:

«ئى خەلىپە! كۆزۈمنىڭ ھارامغا قايغانلىقىنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟» دېگەندە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«مۆمىننىڭ پاراسىتىدىن ھەزەر قىلىڭلار! چۈنكى ئۇ، ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن قارايدۇ!..» دېگەن ھەدىسنى ئوقۇغان. (تىرمىزى، «تەپسىر»، 15)

يەنە ئەبۇ ھەنىپە ھەزرەتلىرى، تاھارەت ئالغان بىر يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

«شۇ، شۇ خاتالىقلارنى قىلما!» دېگەن.

يىگىت ھەيران قالغان ھالدا ھەزرىتى ئىمامغا:

«ئى ئىمام! بۇ خاتالىقلارنى قىلغانلىقىمنى قانداق بىلىۋالدىڭىز؟» دەپ سورىغان. ئەبۇ ھەنىپە ھەزرەتلىرى:

تاھارەت ئەزالىرىدىن ئاققان سۇدىن! دېگەن. ھەزرىتى خەدىچە، ھەزرىتى ئائىشە ۋە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەممىسى پاراسەت ئىگىلىرى ئىدى.

خەدىچە ئانىمىز مېلى ۋە جېنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پىدا قىلدى ۋە ئۇنى تۇنجى بولۇپ تەستىقلاشتىن ئىبارەت ئالى دەرىجىگە ئېرىشتى. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىنىش كۈچىگە، ئۇنى مۇكەممەل شەكىلدە ئىدراك ئېتىش قابىلىيىتىگە ۋە پەيغەمبەر ئەخلاقىنى تەمسىل قىلغان چوڭقۇر ھېسيات ۋە تۇيغۇغا ئىگە ئىدى. فاتىمە ئانىمىزدىمۇ ئاتىسىدىن ئەكس ئەتكەن مەرھەمەت، شەپقەت ۋە تەقۋا ھالى مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭدەك بىر تەرەپتىن ھەممىسىنىڭ ئورتاق سۈپەتلىرى بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان ئاز ئۇچرايدىغان ھال تەجەللىلىرىگە ئىگە ئىدى.

پاراسەتنىڭ شەرتى، ھالال لوقما يېيىش ۋە قەلبى ھاياتنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ۋاستى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«پاراسەت، قەلبتە پارقىرغان نۇرنىڭ يورۇقىدۇر. قەلبكە ئورنىغان مەرىپەتتۇر، (يەنى جانابى ئاللاھنى قەلبى جەھەتتىن تېپىش، ھەقىقىي ئىدراك ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىششتۇر). بۇ مەرىپەت بىلەن غەيىپنىڭ سىرلىرى ئېچىلىدۇ.»

ھەزرىتى مەۋلانا "مەسنەۋى" ناملىق ئەسىرىدە مەرىپەت سىررى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئەقىل دۇنيالىق ئىشلىرىمىزدا مۇۋاپپىقىيەت قازانغان بولسىمۇ، ماھىيىتى ئىجابى، ھەقىقەتكە، ئىلاھىي سىرلارغا، يەنى مەرىپەتۇللاھقا ۋەسلە بولۇشتا يېتەرسىز قالىدۇ. بۇ ئالى سەپەر ئۈچۈن بىر ۋاستە لازىم. ئۇ بولسىمۇ كۆڭۈلدۇر، ئىشقى-مۇھەببەتتۇر، ھۇشنى يوقۇتۇش، ھاياجانلىنىشتۇر، ئەقىل مۇستاپاغا قۇربان بولسۇن!»

ئابدۇلخالىق گۇجدىۋانى ھەزرەتلىرىنىڭ سۆھبىتىگە كەلگەن بىر غەيرى مۇسلىم بىر ياش:

«مۆمىنىنىڭ پاراسىتىدىن ھەزەر قىلىڭلار! چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن قارايدۇ!» (تىرمىزى، «تەپسىر»، 15) دېگەن بۇ ھەدىسنىڭ سىرى نېمە؟ دەپ سورىغان.

ئابدۇلخالىق گۇجدىۋانى ھەزرەتلىرى جاۋابەن:

«بېلىڭدىكى زۇننار (بەلۋاغنى) چىقار! (خرىستىئانلارنىڭ تاقايدىغان كاپىرلىق ئالامىتىنى يەش!) ۋە مۇسۇلمان بول!» دېگەن.

بۇ پاراسەت بىلەن تولۇپ تاشقان كارامەت ئالدىدا بۇ زاتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مۇسۇلمان بولغان.

گۇجدىۋانى ھەزرەتلىرى ئۇنىڭدىن كېيىن ئىخۋانلىرى (قېرىنداشلىرى)غا قاراپ تۇرۇپ:

«بىز بولساق قەلبىمىزدىكى زۇننارنى چىقىرايلى!» دېگەن.

قەلبتىكى زۇننار، تەكەببۇرلۇق، غۇرۇر، ھەسەت، پىخسىقلىق، قىزغانچۇقلۇققا ئوخشاش كۆڭۈلگە كىرگەن ناچار ئەخلاقتىن ئىبارەت.

**مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سافۇرا بىلەن ئۆيلىنىشى**

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى مۇسانى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنى يېنىدا ئېلىپ قېلىشنى ئويلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر چارە ئويلاپ، ئاخىرى قىزى سافۇراغا ئۆيلىنىشنى تەكلىپ قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام، بۇنىڭ قانداق مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام سەككىز يىل ئۆزىنىڭ قويلىرىنى بېقىپ بېرىش شەرتى بىلەن قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن ئون يىل بېقىپ بەرسە، تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىكى مەقستى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېنىدا تېخىمۇ ئۇزۇن ئېلىپ قېلىش ئىدى. بۇ ۋەقە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

قَالَ إِنِّي أُرِيدُ أَنْ أُنكِحَكَ إِحْدَى ابْنَتَيَّ هَاتَيْنِ عَلَى أَن تَأْجُرَنِي
ثَمَانِيَ حِجَجٍ فَإِنْ أَتْمَمْتَ عَشْرًا فَمِنْ عِندِكَ وَمَا أُرِيدُ أَنْ أَشُقَّ
عَلَيْكَ سَتَجِدُنِي إِن شَاءَ اللَّهُ مِنَ الصَّالِحِينَ

**"ئۇ (يەنى شۇئەيب) ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن، ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ (ئۇمۇ) ئىختىيارىڭ، (ئون يىلنى شەرت قىلىپ) سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، خۇدا خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقايسەن»."** (سۈرە قەسەس، 27-ئايەت)

قَالَ ذَٰلِكَ بَيْنِي وَبَيْنَكَ أَيَّمَا الْأَجَلَيْنِ قَضَيْتُ فَلَا عُدْوَانَ عَلَيَّ وَاللَّهُ عَلَىٰ مَا نَقُولُ وَكِيلٌ

**"مۇسا ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدىكى توختامدۇر، ئىككى مۇددەت (يەنى سەككىز يىل بىلەن ئون يىل) نىڭ قايسىسنى توشقۇزسام توشقۇزاي، ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئاللاھ بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر»"** (سۈرە قەسەس، 28-ئايەت)

بۇ ئايەتتە ئىجتىمائى تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر ئەھۋال دىققەتنى تارتىدۇ. ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ ئىشەنچلىك بولغان ئىككى پەيغەمبەرمۇ بىر ئىش ئۈستىدە كېلىشكەندە، كەلگۈسىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن بولغان ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشنىڭ بېشىدا ھەر نەرسىنى ئوچۇق سۆزلىشىپ قارار بەرگەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئاللاھنى بۇ كېلىشىمگە گۇۋاھچى تۇتقان.

شۇنىڭ بىلەن كېلىشكىنى بويىچە مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قويلىرىنى بېقىشقا باشلىغان.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام قويلارغا قارىغاندا ھېچ بىرىنى ئۇرمىغان بولۇپ ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويمىغان. ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنمۇ پادىچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، قەۋمىنى نۇرغۇن يامانلىقلاردىن ساقلىغان.

ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرىغا شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلماي، ئاللاھنىڭ دوستى بولۇش مۇمكىن ئەمەس. كىم ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىنى ئەزىز تۇتسا، ئۇلارغا شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ھەق ئەھلى يەتكەن دەرىجىگە يېتىدۇ.

پادىچىلىق ئاساسەن ھەممە پەيغەمبەرنىڭ ئاز-كۆپ قىلغان كەسپىدۇر. شۇنىڭدەك ئاللاھ ئۇلارغا تەبلىغ ۋەزىپىسىنى بېرىشتىن بۇرۇن تەشكىللەشتە مۇھىم

بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ۋەزىپىنى ھەققى بىلەن ئۇرۇنداش، شەپقەت ۋە مەرھەمەتكە ئوخشاش بىر قىسىم خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قويلىرىنى سۇغارغاندا ھاسىسىنى يەرگە ئۇرۇپ سۇ چىقىرىشنى ئىلھام قىلغان. بۇ ئىلتىپات سايىسىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام مال-چارۋىلىرىنى سۇغۇرۇشتا قىيىنچىلىق تارتمىغان.

نەتىجىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام سەككىز يىللىق پادىچىلىق مۇددىتىنى تولدۇرغان. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قويلىرىنى كىئوغلى ۋە قىزىغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەن.

لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالام پادىچىلىقنى ئونىنچى يىلىغىچە داۋاملاشتۇرغان. ھەر يىلى مەقبۇل بولغان بوغاز قويلار ئاز تۇغاتتى، ئونىنچى يىلى قويلارنىڭ ھەممىسى قوش كېزەك ۋە بوغاز تۇغقان.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام:

«بۇ مۇسا ئائىلىسگە ئاللاھنىڭ ئىكرامىدۇر!» دېگەن.

**مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى**

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا قويلىرىنى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر ھاسىسى بار ئىدى. ھاسىنىڭ بىر ئۇچى تۇتىدىغان يېرى، يەنە بىر ئۇچى بولسا ئۇچلۇق ئىدى.

بۇ ھاسىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى ھەققىدە ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر بار.

بىر رىۋايەتتە، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغىچە يېتىپ كەلگەن. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامۇ قويلىرىنى ئوتلىتىش ئۈچۈن ئۇنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن.

ئۇلار ياشىغان يەرنىڭ ئوڭ تەرىپى تاغلىق، سول تەرىپى بولسا، ئوتلۇق ئىدى. تاغ تەرەپتىن ياۋايى ھايۋانلار كېلىپ، قويلىرىغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالام، ھاسىسىنى يېنىدىن ھېچ ئايرىمايتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن كۆپلىگەن تەجەللىلەرگە نائىل بولغان. بۇ تەجەللىلەر ھاسىدىن مەيدانغا كېلىدىغان بۈيۈك بىر مۆجىزىگە تەييارلىق ئىدى.

**مەدىيەندىن مىسىرغا قايتىش ۋە تۇۋا ۋادىسى**

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئون يىللىق مۇددەت تولغاندىن كېيىن، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت ئېلىپ ئايالى سافۇرا بىلەن بىللە مىسىرغا قايتىشقا قارار

قىلدى. قويلىرىنى ھەيدەپ قىش پەسلىدە يولغا چىقتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ غايىسى، قېرىندىشى ھارۇننى يېنىغا ئېلىپ، ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقان مىسىردىن ئېلىپ چىقىش ئىدى.

يولدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. قىش ئاخشىمىدا، ھەر يەر قاپ-قاراڭغۇ ئىدى. كېچىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بەرىكەتلىك تۇر تېغىدا بىر ئۆڭكۈردە پاناھلاندى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھامىلە بولۇپ، بىر بالا دۇنياغا كېلىش ئالدىدا ئىدى. بۇ سوغۇق، قاراڭغۇ ۋە يامغۇرلۇق كېچىدە ئوتقا مۇھتاج ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام چاقماق ياقسىمۇ ئوت يېقىلمىدى. مۇنداق بىر قىيىنچىلىق پەيتتە يىراقتىن بىر نۇر كۆرۈندى. ئۇ ئائىلىسىگە ئۇ يەردىن ئوت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلماسلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. ئەسلىدە ئۇ كۆرگەن ئوت، ئۇنى پەيغەمبەرلىككە تەييارلاش ئۈچۈن بىر ئىشارەت ئىدى. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَلَمَّا قَضَى مُوسَى الْأَجَلَ وَسَارَ بِأَهْلِهِ آنَسَ مِن جَانِبِ الطُّورِ نَارًا قَالَ لِأَهْلِهِ امْكُثُوا
إِنِّي آنَسْتُ نَارًا لَّعَلِّي آتِيكُم مِّنْهَا بِخَبَرٍ أَوْ جَذْوَةٍ مِنَ النَّارِ لَعَلَّكُمْ تَصْطَلُونَ

**"مۇسا (ئۆز ئارا كېلىشكەن) مۇددەتنى (يەنى كېلىشكەن مۇددەتنىڭ تولۇقراقى بولغان ئون يىلنى) توشقۇزغاندىن كېيىن ئايالىنى ئېلىپ (مىسىرغا قاراپ) يولغا چىقتى، ئۇ تۇر تېغى تەرىپىدە ئوت كۆردى[3]، ئۇ ئايالىغا: «شۈبھىسىزكى، مەن (يىراقتىن) ئوت كۆردۈم، ئۇ يەردىن مەن سىلەرگە بىر خەۋەر ئېلىپ كېلەي، يا سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلەي» دېدى (مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئوت ئەمەس نۇر ئىكەنلىكىنى بىلدى)."** (سۈرە قەسەس، 29-ئايەت)

وَهَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ مُوسَى إِذْ رَأَى نَارًا فَقَالَ لِأَهْلِهِ امْكُثُوا إِنِّي آنَسْتُ نَارًا لَّعَلِّي
آتِيكُم مِّنْهَا بِقَبَسٍ أَوْ أَجِدُ عَلَى النَّارِ هُدًى

3. بۇ سوغۇق كېچىدە ئۇلار يولدىن ئادىشىپ كەتتى، قاتتىق بوران چىقىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىسىنى تارقىتىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىنىڭ تولغىقى تۇتۇپ قالدى. مۇشۇنداق چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يىراقتىن بىر ئوت كۆرۈندى.

**"مۇسانىڭ قىسسىسىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا (بىر جايدا) ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردى[4]. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە: «تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردۈم، مەن بېرىپ (ئۇنىڭدىن) بىرەر پارچە چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن» دېدى."** (سۈرە تاھا، 9-10-ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام نۇر كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەرگە بارغاندا، يېشىل بىر دەرەخ ئۈستىدە پاقىراپ تۇرغان ئۇزۇن تۈۋرۈك شەكلىدە بىر نۇرنى كۆردى.

فَلَمَّا أَتَاهَا نُودِي مِن شَاطِئِ الْوَادِي الْأَيْمَنِ فِي الْبُقْعَةِ
الْمُبَارَكَةِ مِنَ الشَّجَرَةِ أَن يَا مُوسَى إِنِّي أَنَا اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ

**"مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن (مۇنداق) نىدا ئاڭلاندى: «ئى مۇسا، (ساڭا سۆز قىلىۋاتقان) مەن، ھەقىقەتەن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدۇرمەن."** (سۈرە قەسەس، 30-ئايەت)

فَلَمَّا أَتَاهَا نُودِي يَا مُوسَى إِنِّي أَنَا رَبُّكَ فَاخلَعْ نَعْلَيْكَ إِنَّكَ بِالْوَادِ الْمُقَدَّسِ طُوًى
وَأَنَا اخْتَرْتُكَ فَاسْتَمِعْ لِمَا يُوحَى إِنَّنِي أَنَا اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدْنِي وَأَقِمِ الصَّلَاةَ
لِذِكْرِي إِنَّ السَّاعَةَ ءاَتِيَةٌ أَكَادُ أُخْفِيهَا لِتُجْزَى كُلُّ نَفْسٍ بِمَا تَسْعَى فَلاَ يَصُدَّنَّكَ عَنْهَا
مَنْ لاَ يُؤْمِنُ بِهَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ فَتَرْدَى

**"مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە نىدا قىلىندىكى، ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن، كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادا سەن. مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن. مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) ئاللاھدۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا**

4. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئايالى بىلەن بىرگە مەديەندىن مىسىرغا كېتىۋېتىپ كېچىدە يولدىن ئادىشىپ قالدى، ئوت ياقاي دېسە چاقماقى يانمىدى، شۇنىڭ بىلەن يولنىڭ سول تەرىپىدە يىراقتىن بىر ئوت كۆرۈندى، بۇ ئوت ئەمەس، ئاللاھنىڭ نۇرى ئىدى.

**ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن. قىيامەتنىڭ بولۇشى ھەقىقەتتۇر، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولۇشىنى) مەخپىي تۇتتۇم. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى تەستىق قىلىشتىن) توسمىسۇن، ئۇنداقتا ئۆزۈڭ ھالاك بولىسەن (چۈنكى ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇش، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ."** (سۈرە تاھا، 11-15-ئايەت)

مۇپەسسىرلەر، ئايەتتىكى «كەشىڭنى سالغىن» ئىپادىسىگە خىلمۇ-خىل ئىزاھاتلار بېرىپ، ئىشارى مەنالار بەردى. بولار قۇشەيرىنىڭ «لەتائىفۇل-ئىشارەت» ۋە بۇرسەۋىنىڭ «روھۇل بايان» ناملىق ئەسەرلىرىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

«ئىككى كەش (ئاياق) دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى تەمسىل قىلىدۇ.»

«قەلبىڭنى دۇنيا ۋە ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن خالاس قىل! ھەق ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچ ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پانى بولۇشقا غەيرەت قىل!»

ئىنسان ئىدراكى چەكلىكتۇر. بۇ چەكلىك ئىدراك بىلەن چەكسىز ئىلاھى قۇدرەت ۋە ئىلاھى سىرلارنىڭ تېگىگە يېتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىنىڭ ئاخىرقى ۋەزىپىسى ئاللاھقا تەسلىم بولۇشتۇر.

ھەزرىتى مەۋلانا ئەقلىنىڭ چەك-چېگرىسىنى شۇ مىسال بىلەن ئىزاھلايدۇ:

«كېسەل بولغان كىشى، ئەقلى بىلەن دوختۇرغا بارىدۇ، دوختۇرنىڭ ئىشكىدە ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسى تۈگەيدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دوختۇرنىڭ تەۋسىيەسىگە بويسۇنۇشى لازىم. شۇنىڭدەك مەرىپەتۇللاھقا ئېرىشمەكمۇ تەسلىمىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.»

باشقىچە ئېيتقاندا «**ئىككى كەشىڭنى چىقار**» ئەمرى شۇ مەنىدە:

«سەن تەبىئەت ۋە نەپسىتىن قۇتۇل! نەپسىڭنى ۋە ئۇنىڭغا باغلىق نەرسىلەرنى ئويلاشنى تاشلا!»

«دەلىلىنىڭ تەپەككۇرىدىن ۋاز كەچ! چۈنكى كۆز بىلەن كۆرگەندىن كېيىن بولارنىڭ پايدىسى يوق!»

بۇ سەۋەپلەردىن شەيخ شىبلى ھەزرەتلىرى، ئاللاھقا ۋاسىل بولغاندىن كېيىن (ئۇلاشقاندىن كېيىن) كىتاپلارنىڭ لەپىزلىرىدىن قۇتۇلۇپ، مەرىپەتۇللاھ

ۋە مۇشاھەدە دەرياسىنىڭ كەڭلىكىدە نۇرغۇنلىغان سىرلىق مەنىلەرگە يېتىشىنىڭ لەززىتىنى تارتقان.

*

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇقەددەس تۇۋا ۋادىسىدا «**كەشىڭنى چىقار!**» دېدى. چۈنكى ئۇ يەر ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرى بولۇپ، ئۇ يەرگە ئاياق بىلەن دەسسەش توغرا ئەمەستى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ يەردە يالاڭ ئاياق يۈرۈش كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ جەھەتتىن ئەڭ مۇناسىپ ئىدى.

ھەزرىتى مەۋلانا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەقلىمدىن "ئىمان دېگەن نىمە؟" دەپ سورىدىم. ئەقلىم قەلبىمگە: «ئىمان ئەدەپتىن ئىبارەتتۇر!» دەپ پىچىرلىدى.»

بۇ سەۋەپتىن ئۈممەتى مۇھەممەدنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولغان بىشرى ھەفى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش زاتلار يالاڭ ئاياغ ياشىغان. سەلەفى سالىھىنلەرمۇ كەبىنى تاۋاپ قىلغاندا يالاڭ ئاياغ تاۋاپ قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مۇقەددەس ماكاندا ئاياغ سېلىشقا بۇيرۇلىشى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتىنىڭ ئۇ يەرنىڭ بەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ شەرەپكە ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر.

ئىبرەتلىك يېرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مىراج كېچىسى:

«ئى ھەبىبىم! سەن ئەرشىنىڭ ئۈستىدە ئاياقلىرىڭ بىلەن يۈرگىنىكى، ئەرش سېنىڭ ئاياقلىرىڭنىڭ توزى بىلەن شەرەپلەنسۇن ۋە ئەرشىنىڭ نۇرى ساڭا يېتىش نېمىتىگە ئېرىشسۇن!» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. (ئىسمائىل ھەققى بۇرسەۋى، «روھۇل بايان»، 5، 370)

**ئىككى بۈيۈك مۆجىزە بىلەن بېرىلگەن نەبۇۋۋەت**

«كەشلىرىڭنى سال!» خىتابىدىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاسىسىنى يەرگە تاشلاشقا ئەمر قىلىندى. ھاسا چوڭ بىر يىلانغا ئايلاندى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا قورقماسلىق ۋە خاتىرجەم بولۇش ئېيتىلدى.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَأَنْ أَلْقِ عَصَاكَ فَلَمَّا رَآهَا تَهْتَزُّ كَأَنَّهَا جَانٌّ وَلَّى مُدْبِرًا
وَلَمْ يُعَقِّبْ يَا مُوسَى أَقْبِلْ وَلَا تَخَفْ إِنَّكَ مِنَ الْآمِنِينَ

**"سەن ھاساڭنى تاشلىغىن». مۇسا ھاسىسىنىڭ گويا ئەجدىھادەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى، كەينىگە قارىمىدى، (نىدا قىلىندىكى) «ئى مۇسا! ئالدىڭغا ماڭغىن، قورقمىغىن، سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن."** (سۈرە قەسەس، 31-ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى بۇرۇن بىر ھېكمەت ئىدى، كېيىن بىر قۇدرەت بولدى يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆتۈرەلمىگەندە ئۇنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى كۆتۈردى. بىر قۇدرەت! يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالام يۈرۈشتىن ھېرىپ چارچىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا مىنەتتى. ئۇ ئولتۇرغان، ئۇخلىغان ۋاقىتلىرىدا ئۇنى ھەر تۈرلۈك خەتەرلەردىن قوغدايتتى. ئۇنىڭغا ھەر خىل مېۋىلەر بېرەتتى. ئىسسىقتا ئۇنىڭغا سايا تاشلاپ تۇراتتى. جانابى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قۇدرىتىنى ئۇ ھاسىدا كۆرسەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇ ھاسىنىڭ ۋاستىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنسىيەتتە بولدى. (ئابدۇل قادىر جەيلانى، «ئەل فەتھۇررابىبانى»، 192)

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا بەزى تەۋسىيەلەرنى قىلىپ، مۇنداق دېدى:

وَمَا تِلْكَ بِيَمِينِكَ يَا مُوسَى

**"ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟."** (سۈرە تاھا، 17-ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ:

قَالَ هِيَ عَصَايَ أَتَوَكَّأُ عَلَيْهَا وَأَهُشُّ بِهَا عَلَى غَنَمِي وَلِيَ فِيهَا مَآرِبُ أُخْرَى

**"مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار».** (سۈرە تاھا، 18-ئايەت)

ئاللاھ تائالا:

قَالَ أَلْقِهَا يَا مُوسَى

**«ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى.** (سۈرە تاھا، 19-ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئەمرنى دەرھال ئىجرا قىلدى:

فَأَلْقَاهَا فَإِذَا هِيَ حَيَّةٌ تَسْعَى

**"مۇسا ئۇنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان مىدىرلاپ ماڭىدىغان بىر يىلانغا ئايلاندى."** (سۈرە تاھا، 20-ئايەت)

بۇنى كۆرگەن مۇسا ئەلەيھىسسالام قېچىشقا باشلىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا:

قَالَ خُذْهَا وَلَا تَخَفْ سَنُعِيدُهَا سِيرَتَهَا الْأُولَى

**"ئۇنى تۇتۇۋالغىن، قورقمىغىن، ئۇنى دەسلەپكى (يەنى ھاسىلىق) ھالىتىگە قايتۇرىمىز. دېگەن."** (سۈرە تاھا، 21-ئايەت)

ئابدۇل قادىر جەيلانى بۇ ئايەتنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

«ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ۋەقەلەردىن مەقسەت مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋننىڭ سەلتەنىتىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك كۆرمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن خەۋەردار قىلىشتىن ئىبارەت.

باشقا بىر ئىلاھى غايە بولسا، پىرئەۋن ۋە قەۋمى بىلەن جەڭ قىلىشنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىش ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالا ئۇنى پىرئەۋن ۋە قەۋمى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاپ، ئۇنى ئاجايىپ نەرسىلەر بىلەن خەۋەردار قىلدى. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالام باشتا تارتىنغان ئىدى. كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى كېڭەيتتى. ئۇنىڭغا ھېكمەت، پەيغەمبەرلىك ۋە ئىلىم بەردى.»

بەزى مۇپەسسىرلەرمۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنى يەرگە تاشلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، بۇ ۋەقەنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچ دۇنياسىغا ئائىت بىر ئىرشاد ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام، «ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟» سوئالىغا جاۋابەن پانى ئالاقىلارنى زىكىر قىلغاندا، ئاللاھ تائالا بولارنىڭ تاشلىنىشىنى ئەمر قىلدى. نەپس ۋە نەپسكە باغلىق بولغان نەرسىلەر چوڭ بىر يىلانغا سىمۋول قىلىنىدى. بۇ ئارقىلىق مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نەپسىنىڭ ھەقىقىتى كۆرسىتىلدى. ئۇ بولسا قورقۇپ قاچتى. ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلدى:

«ئى مۇسا! مانا بۇ يىلان، ئاللاھدىن باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنۇشنىڭ تا ئۆزىدۇر. بۇ نەپسانى سۈپەت، كونكېرىت بىر شەكىلدە ئىگىسىگە كۆرسىتىلگەندە ئۇنىڭدىن قاچىدۇ.»

ئايەتتە «ھاساڭنى تاشلا» دەپ ئەمر قىلىشنىڭ باشقا بىر مەنىسى:

«سەن تەۋھىد سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەندىڭ. سېنىڭ بىر ھاسىغا ئىشىنىشىڭ، ساڭا نىسبەتەن ئۇنىڭغا تايىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم

تىلەيدىغان پانى بىر بارلىقنىڭ بولۇشى توغرا بولامدۇ؟ سىنىڭ ئۇ ھاسا بىلەن شۇنداق قىلىمەن، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىمەن ۋە ئۇنىڭدا مەن ئۈچۈن باشقا پايدىلارمۇ بار دەپ قارىشىڭ توغرىمۇ؟ تەۋھىد يولىدا تۇنجى قەدەم، سەۋەپلەرنى تەرك ئېتىشتۇر. يەنى مۇتلەق تەۋەككۈل ۋە تەسلىمىيەت كېرەك. ھەر تۈرلۈك تەلەپ ۋە ئارزۇدىن ۋاز كەچ!» ماھىيىتىدە.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن پانىلەرنىڭ ياردىمىدىن مۇستەسنا ھالدا ئىزاپەتلەردىن قۇتۇلدى. بۇ شەكىلدە يالغۇز ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل ۋە تەسلىمىيەت دېگىنىغا چۆككەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوت سەرىن ۋە سالامەت بولدى.

«تەئۋىلات ـ نەجمىيە» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«جانابى ئاللاھنىڭ نىداسىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ جامالىنىڭ نۇرىنى كۆرگەن كىشى، ئاللاھتىن باشقا تايانغان ھەر قانداق نەرسىنى تاشلايدۇ. ئاللاھنىڭ پەزلى كەرىمىدىن باشقا ھېچبىر نەرسىگە تايانمايدۇ. نەپسىنىڭ ئارزۇلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئۈممىتىمنىڭ ئالىملىرى، بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىگە ئوخشاشتۇر!»

(ئاجلۇنى، «كەشفۇل ـ خافا»، 2، 64 / 1744)

بۇ ھەدىس شەرىپتىكى «بەنى ئىسرائىل پەيغەمبىرىگە ئوخشاش» ئىپادىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئالىملىرىنى ھۆرمەتلەش ۋە خوش قىلىش ئۈچۈندۇر.

بۈيۈك زاتلاردىن شەيخ ئەبول ھەسەن شازىلى بۇ ھەقتە كۆرگەن سادىق چۈشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«بىر تەختىنىڭ ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرۇپتۇ، باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا تىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا سالىھ ئۆلىمالار بار ئىدى. مەنمۇ ئۇلارغا قاراپ سۆزلىرىنى تىڭشاشقا باشلىدىم. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر سوئال سورىدى:

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! «ئۈممىتىمنىڭ ئالىملىرى، بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىگە ئوخشاشتۇر!» دەپسىز. ماڭا ئۇلاردىن بىرىنى كۆرسىتىپ بەرسىڭىز؟»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

«مانا بۇ!» دەپ ئىمام غەززالىنى كۆرسەتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىمام غەززالىدىن بىر سوئال سورىدى. ئىمام غەززالى بۇ سوئالغا ئۇن جاۋاب بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام، جاۋابنىڭ سوئالغا مۇۋاپىق بولمىغانلىقى، بىر سوئالغا ئۇن جاۋاب بېرىلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئېتىراز قىلدى. ئىمام غەززالى بولسا مۇنداق دېدى:

«بۇ ئېتىراز سىزنىڭ ئۈچۈنمۇ بار. چۈنكى ئاللاھ تائالا سىزدىن **«ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ!»** دەپ سورىغان ئىدى. بۇ سوئالنىڭ جاۋابى پەقەت «ئۇ مېنىڭ ھاسامدۇر!» بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن سىزمۇ بىرقانچە سۈپەتنى قوشۇپ سانىغان ئىدىڭىز!»

شازەلى ھەزرەتلىرى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن بۇ ئەسنادا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدرىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، ئۇنىڭ تەختىنىڭ ئۈستىدە، باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ بولسا يەردە ئولتۇرغانلىقىنى ئويلاۋاتقاندا، بىرسى پۇتى بىلەن شۇنداق بىر تەپتىكى دەرھال ھوشۇمغا كەلدىم. قارىسام مەسجىدۇل ئەقسانىڭ چىراقلىرىنى يېقىۋاتقان كىشى ئىكەن. ماڭا:

«ھەيران قالما! ھەممە نەرسە مۇھەممەد مۇستاپانىڭ نۇرىدىن يارىتىلدى» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. تاكى جامائەت نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھوشۇمغا كەلدىم. دەرھال ئۇ كىشىنى ئىزدىگەن بولساممۇ لېكىن ھازىرغىچە تاپالمىدىم.» (راغىپ ئەل ئىسپەھانى، «ئەل مۇھادىرات»)

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىككىنچى مۆجىزە شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قولىنى قوينىغا سېلىشقا ئەمىر قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئىلاھى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغاندا قولى ئەيىپ-نوقسانسىز ھالدا قۇياش نۇرىغا ئوخشاش ئاپئاق بىر شەكىلگە ئۆزگەردى. ئۇ ناھايىتى ھەيران قالدى. كېيىن ئۇنىڭغا:

«قولۇڭنىڭ مۇنداق پارلاق بولۇشىدىن سەن ۋە باشقىلار قورقسا، قولۇڭنى قايتا قوينۇڭغا سال! ئۇ ۋاقىتتا يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ!» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن «ئاپپاق قول» مۆجىزىسى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَاضْمُمْ يَدَكَ إِلَى جَنَاحِكَ تَخْرُجْ بَيْضَاء مِنْ غَيْرِ سُوءٍ

آيَةً أُخْرَى لِنُرِيَكَ مِنْ آيَاتِنَا الْكُبْرَى

**"قولۇڭنى قولتۇقۇڭنىڭ ئاستىغا سالغىن (ئاندىن چىقارغىن)، ئۇ ھېچقانداق ئەيىب - نۇقسانسىز ھالدا ئاپئاق (نۇرلۇق بولۇپ چىقىدۇ، (بۇ) ئىككىنچى مۆجىزىدۇر. ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزدىن بەزىسىنى كۆرسىتىمىز."** (سۈرە تاھا، 22 - 23 - ئايەت)

اسْلُكْ يَدَكَ فِي جَيْبِكَ تَخْرُجْ بَيْضَاء مِنْ غَيْرِ سُوءٍ وَاضْمُمْ إِلَيْكَ جَنَاحَكَ مِنَ الرَّهْبِ فَذَانِكَ بُرْهَانَانِ مِن رَّبِّكَ إِلَى فِرْعَوْنَ وَمَلَئِهِ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمًا فَاسِقِينَ

**"قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز (بىر پارچە ئايدەك پارلاپ) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، قورقۇنچنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭنى يىغىۋالغىن (يەنى قوينۇڭغا سېلىۋالغىن)، بۇ ئىككىسى پىرئەۋنگە (ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ) چوڭلىرىغا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن پاكىتتۇر، ئۇلار ھەقىقەتەن (بىزنىڭ ئىتائىتىمىزدىن چىققۇچى) پاسىق قەۋم ئىدى».** (سۈرە قەسەس، 32 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىككى چوڭ مۆجىزىسى بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى بەرگەن بولۇپ، دىننى تەبلىغ قىلىشنى ئېيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىشنى بۇيرىدى.

اذْهَبْ إِلَى فِرْعَوْنَ إِنَّهُ طَغَى

**"پىرئەۋنگە بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى».** (سۈرە تاھا، 24 - ئايەت)

بۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام:

قَالَ رَبِّ إِنِّي قَتَلْتُ مِنْهُمْ نَفْسًا فَأَخَافُ أَن يَقْتُلُونِ

**"مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۇلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىدىن قورقىمەن"** (سۈرە قەسەس، 33 - ئايەت)

ئۇنىڭدىن كېيىن قېرىندىشى ھارۇندىن ئۆزىگە ياردەمچى بولۇشنى ئۆتۈندى:

وَأَخِي هَارُونُ هُوَ أَفْصَحُ مِنِّي لِسَانًا فَأَرْسِلْهُ مَعِيَ رِدْءًا يُصَدِّقُنِي إِنِّي أَخَافُ أَن يُكَذِّبُونِ

**"قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭدىن راۋاندۇر، ئۇنى مەن بىلەن (پەيغەمبەرلىكىمنى) تەستىقلايدىغان ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن»** (سۈرە قەسەس، 34-ئايەت)

قَالَ سَنَشُدُّ عَضُدَكَ بِأَخِيكَ وَنَجْعَلُ لَكُمَا سُلْطَانًا فَلَا يَصِلُونَ

إِلَيْكُمَا بِآيَاتِنَا أَنْتُمَا وَمَنِ اتَّبَعَكُمَا الْغَالِبُونَ

**"ئاللاھ ئېيتتى: «قېرىندىشىڭ ئارقىلىق سېنى كۈچەيتىمىز، ئىككىڭلارنى غالىب قىلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىككىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، سىلەر ئىككىڭلار ۋە ئىككىڭلارغا ئەگەشكەنلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئارقىلىق غەلىبە قىلىسىلەر».** (سۈرە قەسەس، 35-ئايەت)

جانابى ئاللاھ:

**"پىرئەۋنگە بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى"** (سۈرە تاھا، 24-ئايەت) دېگەندە مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئائىلىسىنى ۋە مال-چارۋىلىرىنى ئامانەت قويىدىغان ھېچكىمى بولمىغانلىقى ئۈچۈن:

«ئى رەببىم! ئائىلەم ۋە مال-چارۋىلىرىم قانداق قىلىدۇ؟» دەپ سورىدى.

بۇنىڭ بىلەن جانابى ئاللاھ «مۇھاپىزەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى» ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى:

«ئى مۇسا! مەن بولغاندىن كېيىن بولمىدىمۇ؟ سەن مېنىڭ ئەمرىمنى ئادا قىل! ماڭا ئەگەش ۋە ساداقەت كۆرسەت! خالىسام بۆرىنى قويلىرىڭغا پادىچى قىلىمەن ۋە پەرىشتىلەرنى ئائىلەڭ ئۈچۈن قوغدىغۇچى قىلىمەن.

ئى مۇسا سەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ؟ ئاناڭ سېنى دېڭىزغا قويۇپ بەرگەندە سېنى كىم قۇتۇلدۇردى؟ ئۇنىڭدىن كېيىن كىم ئاناڭ بىلەن سېنى كۆرۈشتۈردى؟ سەن ئۇقۇشماي بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدىڭ، پىرئەۋن سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىزدەۋاتقاندا كىم مۇھاپىزەت قىلدى؟»

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى ھەم تىڭشىدى ھەمدە ھەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا:

«سەن، سەن، سەن ئى رەببىم!» دېدى. (ئەخمەت ئەر-رۇفائى، «ھالەتۇ ئەھلىل ھەقىقەتى مەئەللاھ»، ب، 337)

مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىرغا كەلدى. پىرئەۋىننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلىگىنى ئويلىدى. ئاللاھ تائالا قېرىندىشى بىلەن ئۇنىڭغا:

«سىلەر ئىككىڭلار مېنىڭ ئەسكىرىم! ھەرگىز ئاجىز ۋە بىچارە ئەمەس!» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇلۇغ ۋە مۇشكۇل ۋەزىپە ئالدىدا، جانابى ئاللاھقا مۇنداق دۇئا قىلدى:

قَالَ رَبِّ اشْرَحْ لِي صَدْرِي وَيَسِّرْ لِي أَمْرِي وَاحْلُلْ عُقْدَةً مِّن لِّسَانِي يَفْقَهُوا قَوْلِي
وَاجْعَل لِّي وَزِيرًا مِّنْ أَهْلِي هَارُونَ أَخِي اشْدُدْ بِهِ أَزْرِي وَأَشْرِكْهُ فِي أَمْرِي كَيْ
نُسَبِّحَكَ كَثِيرًا وَنَذْكُرَكَ كَثِيرًا إِنَّكَ كُنتَ بِنَا بَصِيرًا قَالَ قَدْ أُوتِيتَ سُؤْلَكَ يَا مُوسَى

**"مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن) مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن. ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن. ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن. مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن. بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز. ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز. سەن ھەقىقەتەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن» ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى."** (سۈرە تاھا، 25 - 36 - ئايەت)

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا، ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ۋە ئىلاھى مۇھاپىزىتىنى مۇنداق بايان قىلدى:

وَلَقَدْ مَنَنَّا عَلَيْكَ مَرَّةً أُخْرَى إِذْ أَوْحَيْنَا إِلَى أُمِّكَ مَا يُوحَى أَنِ
اقْذِفِيهِ فِي التَّابُوتِ فَاقْذِفِيهِ فِي الْيَمِّ فَلْيُلْقِهِ الْيَمُّ بِالسَّاحِلِ يَأْخُذْهُ عَدُوٌّ لِّي وَعَدُوٌّ لَّهُ
وَأَلْقَيْتُ عَلَيْكَ مَحَبَّةً مِّنِّي وَلِتُصْنَعَ عَلَى عَيْنِي

**"(بۇنىڭدىن باشقا) ساڭا يەنە بىر قېتىم ئىنئام قىلغان ئىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسىلەرنى سالدۇق» (ئېيتتۇقكى) «ئۇنى (يەنى بالىنى)ساندۇققا سالغىن، ئاندىن**

**ئۇنى (ساندۇق بىلەن) دەرياغا تاشلىغىن، دەريا ئۇنى قىرغاققا تاشلىسۇن، ئۇنى مېنىڭ دۈشمىنىم ۋە ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان (پىرئەۋن) ئېلىپ (باقسۇن)». مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم."** (سۈرە تاھا، 37 - 39 - ئايەت)

إِذْ تَمْشِي أُخْتُكَ فَتَقُولُ هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى مَن يَكْفُلُهُ فَرَجَعْنَاكَ إِلَى
أُمِّكَ كَيْ تَقَرَّ عَيْنُهَا وَلَا تَحْزَنَ وَقَتَلْتَ نَفْسًا فَنَجَّيْنَاكَ مِنَ الْغَمِّ وَفَتَنَّاكَ فُتُونًا
فَلَبِثْتَ سِنِينَ فِي أَهْلِ مَدْيَنَ ثُمَّ جِئْتَ عَلَى قَدَرٍ يَا مُوسَى

**"ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ ھەمشىرەڭ (پىرئەۋنىنىڭ ئائىلىسىگە) بېرىپ: «سىلەرگە ئۇنى باقىدىغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. بىز سېنىڭ ئاناڭنى خوش بولسۇن، قايغۇرمىسۇن دەپ سېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق، سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۈرلۈك بالالار بىلەن سىنىدۇق، سەن مەديەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللار تۇردۇڭ، ئاندىن، ئى مۇسا! تەقدىر بىلەن (بۇ يەرگە) كەلدىڭ."** (سۈرە تاھا، 40 - ئايەت)

وَاصْطَنَعْتُكَ لِنَفْسِي اذْهَبْ أَنتَ وَأَخُوكَ بِآيَاتِي
وَلَا تَنِيَا فِي ذِكْرِي اذْهَبَا إِلَى فِرْعَوْنَ إِنَّهُ طَغَى

**"سېنى مەن مېنىڭ مۇھەببىتىمگە (يەنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەھيى نازىل قىلىشىمغا) تاللىدىم. (ئى مۇسا!) سەن ۋە سېنىڭ قېرىندىشىڭ (ھارۇن) مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنىڭ زىكرىمگە سۇسلۇق قىلىپ قالماڭلار. پىرئەۋنىنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى."**

(سۈرە تاھا، 41 - 42 - 43 - ئايەت)

جانابى ئاللاھ، مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنمۇ زىكىر قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقى، ئىلاھى ئەمرنىڭ بىز ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قەلبى تەلىم-تەربىيە، ھەر-بىر مۆمىن ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئىمان جەۋھىرىنىڭ مەركىزى قەلب بولغىنىدەك، زىكىر جەۋھىرىنىڭ مەركىزىمۇ قەلبتۇر. زىكىر قەلبدىن ئورۇن ئالغاندا ھەقىقى ھوزۇرغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

الَّذِينَ آمَنُواْ وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُم بِذِكْرِ اللّهِ أَلاَ بِذِكْرِ اللّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ

**"(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ."** (سۈرە رەئد، 28-ئايەت)

نىسا سۈرىسىنىڭ 28-ئايىتىدە بايان قىلىنغىنىدەك، ئىنسان ئاجىز يارىتىلدى. دىنى تۇيغۇلار قەلبتە يۈكسەلگەنسىرى نەپسانى ئارزۇلار يىراقلىشىدۇ. دىن شەكىلۋازلىقنى خالىمايدۇ. ئىنسان ئۇلۇغ بىر جانلىقتۇر. شەرەپ ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى كېرەك. قەلبى ھاياتقا ئۆتمەي تۇرۇپ، نازاكەتلىك، سەزگۈر بىر مۇسۇلمان بولۇش مۇمكىن ئەمەس. جانابى ئاللاھ ئىبادەتلەرنىڭ شەكلى بولۇشنى خالىمايدۇ. مەسىلەن، نامازنىڭ ئىخلاس بىلەن ئوقۇلىشنى خالايدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ  الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ

**"مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر."** (سۈرە مۆئمىنۇن، 1-2-ئايەت)

جانابى ئاللاھ ئىخلاس بىلەن ئوقۇلمىغان نامازنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ

**"شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى. ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ."** (سۈرە مائۇن، 4-5-ئايەت)

جانابى ئاللاھ روھىنى زىكىر بىلەن بېزىمىگەن كىشى ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ:

فَوَيْلٌ لِّلْقَاسِيَةِ قُلُوبُهُم مِّن ذِكْرِ اللَّهِ أُوْلَئِكَ فِي ضَلَالٍ مُبِينٍ

**"ئاللاھنىڭ زىكرىنى تەرك ئەتكەنلىكتىن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرگە ۋاي! ئەنە شۇلار روشەن گۇمراھلىقتىدۇر."** (سۈرە زۇمەر، 22-ئايەت)

دۇنيا ھەۋەسلىرى بىلەن تولغان بىر قەلب بىلەن جانابى ئاللاھقا يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ. قەلبنى نەپسانى ئاپەتلەرنى قوغداش ئۈچۈن زىكىر قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

ھەزرىتى مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالام، نىل دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇچرىشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قېرىندىشى ھارۇنغا:

«يۈر، پىرئەۋننىڭ يېنىغا بارايلى! چۈنكى ئاللاھ ئىككىمىزگە بۇ ۋەزىپىنى بەردى» دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى بىرلىكتە:

قَالَا رَبَّنَا إِنَّنَا نَخَافُ أَن يَفْرُطَ عَلَيْنَا أَوْ أَن يَطْغَى

قَالَ لَا تَخَافَا إِنَّنِي مَعَكُمَا أَسْمَعُ وَأَرَى

**"ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىزنى ئالدىراپ جازالىشىدىن ياكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشىدىن قورقىمىز» دېيىشتى. ئاللاھ ئېيتتى: «سىلەر قورقماڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگەن جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن، (ئۇنىڭ سىلەرگە قىلىدىغانلىرىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن."** (سۈرە تاھا، 45 - 46 - ئايەت)

فَأْتِيَا فِرْعَوْنَ فَقُولَا إِنَّا رَسُولُ رَبِّ الْعَالَمِينَ أَنْ أَرْسِلْ مَعَنَا بَنِي إِسْرَائِيلَ

**"سىلەر پىرئەۋنگە بېرىپ: بىز ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىسىمىز. ئىسرائىل ئەۋلادىنى (قۇللۇقۇڭدىن) بوشاتقىن، ئۇلار بىز بىلەن (شامغا) كەتسۇن دەڭلار»."** (سۈرە شۇئەرا، 16 - 17 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا، بۇ تەبلىغنى قىلىش جەريانىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئۇسۇللارنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

فَقُولَا لَهُ قَوْلًا لَّيِّنًا لَّعَلَّهُ يَتَذَكَّرُ أَوْ يَخْشَى

**"ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى، ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن."** (سۈرە تاھا، 44 - ئايەت)

مۇتەەقى زاتلاردىن يەزىد ئەرراققاشى بۇ ئايەتنى ئوقۇپ، مۇنداق دېگەن:

«ئى ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلغان كىشىگىمۇ مەرھەممەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىغان ئاللاھىم! دوست بولۇپ ئىنسانلارنى ساڭا چاقىرغان كىشىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭنى كىم بىلەلىسۇن!»

جانابى ئاللاھ، پىرئەۋننىڭ تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئېتىقاد قىلمايدىغانلىقىنى، ئەزەلى ئىلمىدە بىلگەن بولسىمۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭغا سىپلىق سۆز بىلەن تەبلىغ قىلىشنى بۇيرىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ پەزىلىتى پۈتۈن ئەمىر-مەرۇپ قىلغان مۆمىنلەرگە ئۈلگىدۇر.

بۇ ئالاھىدىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك جانابى ئاللاھ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەپقەتلىك، مېھرىبان، مەرھەمەتلىكىنى قۇرئاندا مۇنداق مەدھىيىلەيدۇ:

فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللّهِ لِنتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لاَنفَضُّواْ مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي الأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللّهِ إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ

**"ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ."** (سۈرە ئال ئىمران، 159-ئايەت)

**ئەخمەق پىرئەۋن**

ھەزرىتى مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالام، ئىلاھى بۇيرۇققا ئاساسەن پىرئەۋننىڭ يېنىغا باردى.

پىرئەۋن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:

«سەن كىم؟» دەپ سورىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«مەن ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى بولىمەن!» دەپ جاۋاب بەردى.

پىرئەۋن باشتا ھەيران قالدى. كېيىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىنى يۈزىگە سېلىپ غەزەپلەنگەن ھالدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەيىبلەپ:

«سەن مېنىڭ سارىيىمدا چوڭ بولدۇڭ. ناۋىيىمنى ئۆلتۈردۈڭ. ئەمدىلىكتە بۇ ئىشقا قانداق جۈرئەت قىلىۋاتىسەن!؟» دېدى.

بۇ دىئالوگ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

قَالَ أَلَمْ نُرَبِّكَ فِينَا وَلِيدًا وَلَبِثْتَ فِينَا مِنْ عُمُرِكَ سِنِينَ

وَفَعَلْتَ فَعْلَتَكَ الَّتِي فَعَلْتَ وَأَنتَ مِنَ الْكَافِرِينَ

**"(ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ ئەلچىلىكنى يەتكۈزدى) پىرئەۋن (مۇساغا) ئېيتتى: «سېنى بىز ئۆيىمىزدە كىچىكىڭدىن تەربىيلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟ ئارىمىزدا كۆپ يىللار تۇرمىدىڭمۇ؟ سەن ھېلىقى قىلغان ئىشىڭنى قىلمىدىڭمۇ؟ (يەنى قىبتىنى ئۆلتۈرمىدىڭمۇ؟) سەن تۇزكورلاردىنسەن»** (سۈرە شۇئەرا، 18 - 19 - ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

قَالَ فَعَلْتُهَا إِذًا وَأَنَا مِنَ الضَّالِّينَ فَفَرَرْتُ مِنكُمْ لَمَّا خِفْتُكُمْ فَوَهَبَ لِي رَبِّي حُكْمًا

وَجَعَلَنِي مِنَ الْمُرْسَلِينَ وَتِلْكَ نِعْمَةٌ تَمُنُّهَا عَلَيَّ أَنْ عَبَّدتَّ بَنِي إِسْرَائِيلَ

**"مۇسا ئېيتتى: «مەن ئۇ ئىشنى قىلغان چېغىمدا نادانلاردىن ئىدىم. سىلەردىن قورقۇپ، سىلەردىن قاچتىم، پەرۋەردىگارىم ماڭا ھېكمەت ئاتا قىلدى، مېنى پەيغەمبەر قىلدى. سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلدىڭ، سېنىڭ ماڭا مىننەت قىلغان نېمىتىڭ ئەنە شۇدۇر»** (سۈرە شۇئەرا، 20 - 22 - ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام داۋاملاشتۇرۇپ:

«سەن ئىنسانلارغا زۇلۇمدىن باشقا بىر ئىش قىلمىدىڭ، مېنى ئائىلەمدىن ئايرىدىڭ! ئەمما رەببىم ماڭا ھېكمەت ئاتا قىلدى، مېنى پەيغەمبەر قىلدى.» دېدى.

قَالَ فَمَن رَّبُّكُمَا يَا مُوسَى

"(ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن) پىرئەۋن: «ئى مۇسا، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار كىم؟» دېدى." (سۈرە تاھا، 49-ئايەت)

قَالَ فِرْعَوْنُ وَمَا رَبُّ الْعَالَمِينَ

"پىرئەۋن ئېيتتى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمە؟»" (سۈرە شۇئەرا، 23-ئايەت)

قَالَ رَبُّنَا الَّذِي أَعْطَى كُلَّ شَيْءٍ خَلْقَهُ ثُمَّ هَدَى

"مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى) كۆرسەتتى»" (سۈرە تاھا، 50-ئايەت)
مۇسا ئەلەيھىسسالام:

قَالَ رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا إن كُنتُم مُّوقِنِينَ

"مۇسا ئېيتتى: «ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار»." (سۈرە شۇئەرا، 24-ئايەت)

قَالَ فَمَا بَالُ الْقُرُونِ الْأُولَى قَالَ عِلْمُهَا عِندَ رَبِّي فِي كِتَابٍ لَّا يَضِلُّ رَبِّي وَلَا يَنسَى الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ مَهْدًا وَسَلَكَ لَكُمْ فِيهَا سُبُلًا وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِّن نَّبَاتٍ شَتَّى

"پىرئەۋن ئېيتتى: «ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالى قانداق؟ (يەنى قانداق بولغان؟)» مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا لەۋھۇلمەھپۇزدا (خاتىرىلەكلىكتۇر)، پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەردى، سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى ئېچىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى»" (سۈرە تاھا، 51-53-ئايەت)

قَالَ لِمَنْ حَوْلَهُ أَلَا تَسْتَمِعُونَ قَالَ رَبُّكُمْ وَرَبُّ آبَائِكُمُ الْأَوَّلِينَ قَالَ إِنَّ رَسُولَكُمُ الَّذِي أُرْسِلَ إِلَيْكُمْ لَمَجْنُونٌ قَالَ رَبُّ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَمَا بَيْنَهُمَا إِن كُنتُمْ تَعْقِلُونَ

**"پىرئەۋن چۆرىسىدىكىلەرگە: «(ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاۋاتامسىلەر؟» دېدى. مۇسا ئېيتتى: «(ئۇ) سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەرگە ئەۋەتىلگەن(بۇ) ئەلچى ئەلۋەتتە مەجنۇندۇر». مۇسا ئېيتتى: «(ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار»"** (سۈرە شۇئەرا، 25-28-ئايەت)

پىرئەۋن بۇنى ئاڭلاپ ھەزرىتى مۇسا ۋە ھەزرىتى ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈم بىلەن تەھدىت قىلدى:

قَالَ لَئِنِ اتَّخَذْتَ إِلَهًا غَيْرِي لَأَجْعَلَنَّكَ مِنَ الْمَسْجُونِينَ قَالَ أَوَلَوْ جِئْتُكَ بِشَيْءٍ مُّبِينٍ قَالَ فَأْتِ بِهِ إِن كُنتَ مِنَ الصَّادِقِينَ فَأَلْقَى عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ ثُعْبَانٌ مُّبِينٌ

**"پىرئەۋن ئېيتتى: «ئەگەر مەندىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلايمەن» مۇسا ئېيتتى: «(مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىل كەلتۈرسەممۇ (زىندانغا تاشلامسەن؟)» پىرئەۋن ئېيتتى: «ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا روشەن دەلىلىڭنى كەلتۈرگىن» مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ناگاھان ئوپئوچۇق ئەجدىھاغا ئايلاندى."** (سۈرە شۇئەرا، 29-32-ئايەت)

ئۆزىنى تەڭرى دەپ داۋراڭ سالغان پىرئەۋن بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كېتىپ:

«پۇتۇن بەنى ئىسرائىلنى قويۇپ بېرىمەن، ئۇنى تۇتۇۋال» دەپ يالۋۇردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

پىرئەۋن:

«باشقىسىمۇ بارمۇ؟» دەپ سورىغىنىدا،

مۇسا ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

وَنَزَعَ يَدَهُ فَإِذَا هِيَ بَيْضَاء لِلنَّاظِرِينَ

**"مۇسا (قويىنىدىن) قولىنى چىقىرىۋىدى، ناگاھان ئۇ قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقناپ تۇرىدىغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى.»"** (سۈرە شۇئەرا، 33-ئايەت)

پىرئەۋن يەنە قورقتى. بۇ مۆجىزىلەردىن كېيىن پىرئەۋن ئىمان ئېيتماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىرى ئۇنى توسۇپ قويىدى ھەمدە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

«سەن بىلىسەن، باشقىسىغا قۇللۇق قىلىش ساڭا ياراشمايدۇ! ھەممەيلەن سېنى تەڭرى دەپ بىلىدۇ، سەن تەڭرىلىكتىن قۇللۇققا چۈشمە، بىز بۇنىڭغا بىر چارە تاپىمىز!» دېدى.

دەرھال 500 كىشىلىك بىر ھەيئەت قۇرۇپ يىغىن ئاچتى:

قَالَ لِلْمَلَإِ حَوْلَهُ إِنَّ هَذَا لَسَاحِرٌ عَلِيمٌ يُرِيدُ أَن يُخْرِجَكُم مِّنْ أَرْضِكُم بِسِحْرِهِ فَمَاذَا تَأْمُرُونَ

**"پىرئەۋن چۆرىسىدىكى (قەۋمىنىڭ) چوڭلىرىغا ئېيتتى: «بۇ ھەقىقەتەن ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن، ئۇ سېھىر ئارقىلىق سىلەرنى زېمىنىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماقچى، (بۇ ھەقتە) نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟» ئۇلار ئېيتتى: «(ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تەخىر قىلغىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىققۇچى كىشىلەرنى ئەۋەتكىن."** (سۈرە شۇئەرا، 34-35)

**مۆجىزە بىلەن سېھىرنىڭ مۇسابىقىسى**

ھەزرىتى مۇسانىڭ كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى، پىرئەۋنىنىڭ تەكەببۇرلۇق تۇيغۇلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەڭرىلىك داۋاسىنى قايرىپ قويۇپ، ئەتراپىدىكى دانىشمەنلىرىدىن پىكىر ئېلىشقا مەجبۇر قالدى.

قَالُوا أَرْجِهِ وَأَخَاهُ وَابْعَثْ فِي الْمَدَائِنِ حَاشِرِينَ يَأْتُوكَ بِكُلِّ سَحَّارٍ عَلِيمٍ

**"ئۇلار ئېيتتى: «(ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تەخىر قىلغىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىققۇچى كىشىلەرنى ئەۋەتكىن. ئۇلار سېنىڭ ھوزۇرۇڭغا ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلسۇن» ."** (سۈرە شۇئەرا، 36-37-ئايەت)

ئۇ زامانلاردا سېھىرگەرلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، پىرئەۋن بۇ تەكلىپنى دەرھال قوبۇل قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلَقَدْ أَرَيْنَاهُ آيَاتِنَا كُلَّهَا فَكَذَّبَ وَأَبَى قَالَ أَجِئْتَنَا لِتُخْرِجَنَا مِنْ أَرْضِنَا بِسِحْرِكَ يَا مُوسَى فَلَنَأْتِيَنَّكَ بِسِحْرٍ مِّثْلِهِ فَاجْعَلْ بَيْنَنَا وَبَيْنَكَ مَوْعِدًا لَّا نُخْلِفُهُ نَحْنُ وَلَا أَنتَ مَكَانًا سُوًى

**"شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ ھەممە مۆجىزىلىرىمىزنى كۆرسەتتۇق. ئۇ ئىنكار قىلدى ۋە (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى. پىرئەۋن ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېھرىڭ بىلەن بىزنى زېمىنىمىز (مىسىر) دىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ ساڭا بىز شۇنىڭغا ئوخشاش سېھىر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز، سەن بىزگە ئۆز ئارا يىغىلىدىغان ۋاقىتنى مۇئەييەن جاينى بەلگىلەپ بەرگىن، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى»."** (سۈرە تاھا، 56 - 58 ـ ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

قَالَ مَوْعِدُكُمْ يَوْمُ الزِّينَةِ وَأَن يُحْشَرَ النَّاسُ ضُحًى فَتَوَلَّى فِرْعَوْنُ فَجَمَعَ كَيْدَهُ ثُمَّ أَتَى

**"مۇسا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغ بايرام كۈنى بولۇپ، كىشىلەر چاشكا ۋاقتىدا يىغىلسۇن» پىرئەۋن قايتىپ كېتىپ ھىيلە ـ مىكرىنى (يەنى سېھىرگەرلەرنى) توپلىدى. ئاندىن ئۇ (سېھىرگەرلەرنى ۋە سېھىردە ئىشلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتا) كەلدى."**
(سۈرە تاھا، 59 - 60 ـ ئايەت)

فَجُمِعَ السَّحَرَةُ لِمِيقَاتِ يَوْمٍ مَّعْلُومٍ وَقِيلَ لِلنَّاسِ هَلْ أَنتُم مُّجْتَمِعُونَ

**"مۇئەييەن كۈندىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا سېھىرگەرلەر توپلاندى. كىشىلەرگە: «سىلەر يىغىلىپ بولدۇڭلارمۇ؟ ئەگەر سېھىرگەرلەر غالىب چىقسا ئۇلارغا بويسۇنۇشىمىز مۇمكىن» دېيىلدى."** (سۈرە شۇئەرا، 38 - 39 ـ ئايەت)

مۇسابىقە كۈنى پۈتۈن خەلق توپلاندى، بولغۇسى ئىشلارنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى.

لَعَلَّنَا نَتَّبِعُ السَّحَرَةَ إِن كَانُوا هُمُ الْغَالِبِينَ فَلَمَّا جَاء السَّحَرَةُ قَالُوا لِفِرْعَوْنَ أَئِنَّ لَنَا
لَأَجْرًا إِن كُنَّا نَحْنُ الْغَالِبِينَ * قَالَ نَعَمْ وَإِنَّكُمْ إِذًا لَّمِنَ الْمُقَرَّبِينَ

**"كىشىلەرگە: «سىلەر يىغىلىپ بولدۇڭلارمۇ؟ ئەگەر سېھرگەرلەر غالىب چىقسا ئۇلارغا بويسۇنۇشىمىز مۇمكىن» دېيىلدى. سېھرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار پىرئەۋنگە: «ئەگەر غەلىبە قىلساق بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى. پىرئەۋن: «ھەئە، ئۇ چاغدا (سىلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن ئادەملىرىمدىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدى."** (شۇئەرا، 40 - 42 - ئايەت)

پىرئەۋن سورىدى:

«مۇسانى يېڭەلەمسىلەر؟»

سېھرگەرلەرنىڭ باشلىقى:

«بىز سېھرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتتۇق! بۇ ئىشنى يەريۈزىدە بىزدىن ياخشى بىلىدىغان ھېچكىم يوق! يەنى بىز ئەڭ يوقىرى پەللىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىمىز. ئاسماندىن بىر كۆچ چۈشمىگۈچە، ئۇنى چوقۇم يېڭىمىز. ئەلۋەتتە بىز كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە!»

مۇسا ئەلەيھىسسالام سېھرگەرلەرنى ئاگاھلاندۇردى:

قَالَ لَهُم مُّوسَى وَيْلَكُمْ لَا تَفْتَرُوا عَلَى اللَّهِ كَذِبًا فَيُسْحِتَكُمْ بِعَذَابٍ وَقَدْ خَابَ مَنِ
افْتَرَى

**"مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋاي! ئاللاھقا يالغاننى چاپلىماڭلار (يەنى سېھرىڭلار ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنى دەۋا قىلماڭلار)، ئاللاھ سىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھقا بوھتان چاپلىغان ئادەم مەغلۇپ بولىدۇ»."** (تاھا، 61 - ئايەت)

بۇ ئاگاھلاندۇرۇش سېھرگەرلەرنى ئويغا سېلىپ قويدى:

فَتَنَازَعُوا أَمْرَهُم بَيْنَهُمْ وَأَسَرُّوا النَّجْوَى قَالُوا إِنْ هَذَانِ لَسَاحِرَانِ يُرِيدَانِ أَن
يُخْرِجَاكُم مِّنْ أَرْضِكُم بِسِحْرِهِمَا وَيَذْهَبَا بِطَرِيقَتِكُمُ الْمُثْلَى

"ئۇلار ئۆز ئىشى (يەنى مۇسا ۋە ھارۇننىڭ ئىشى) ئۈستىدە دەتالاش قىلىشتى، قىلغان دەتالاشنى يوشۇرۇشتى. ئۇلار ئېيتتى: «بۇ ئىككىسى راستلا سېھرىگەر بولۇپ، سېھرى بىلەن سىلەرنى زېمىنىڭلاردىن چىقىرىۋەتمەكچى ۋە توغرا دىنىڭلارنى يوقاتماقچى بولىدۇ." (سۈرە تاھا، 62 - 63 - ئايەت)

بۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

فَأَجْمِعُوا كَيْدَكُمْ ثُمَّ ائْتُوا صَفًّا وَقَدْ أَفْلَحَ الْيَوْمَ مَنِ اسْتَعْلَى

"ھىيلەڭلارنىڭ ھەممىسىنى جەملەڭلار (يەنى پۈتۈن چارە-تەدبىرلىرىڭلارنى بىر نوقتىغا يىغىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىڭلار)، ئاندىن (قارىغۇچىلارغا ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن مەيدانغا) سەپ تارتىپ كېلىڭلار، بۈگۈن ئۈستۈنلۈك قازانغان ئادەم راستلا مەقسىتىگە ئېرىشىدۇ»." (سۈرە تاھا، 64 - ئايەت)

قانداقلا بولمىسۇن سېھرىگەرلەر يەنىلا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت قىلغان ھالدا:

قَالُوا يَا مُوسَى إِمَّا أَن تُلْقِيَ وَإِمَّا أَن نَّكُونَ أَوَّلَ مَنْ أَلْقَى قَالَ بَلْ
أَلْقُوا فَإِذَا حِبَالُهُمْ وَعِصِيُّهُمْ يُخَيَّلُ إِلَيْهِ مِن سِحْرِهِمْ أَنَّهَا تَسْعَى

"ئۇلار ئېيتتى: «ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن؟ ياكى (ئارغامچا ھاسىلىرىمىزنى) بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» مۇسا: «بەلكى سىلەر ئاۋۋال تاشلاڭلار!» دېدى. (ئۇلار تاشلىغان ئىدى) ناگاھان ئۇلارنىڭ ئاغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىدىن (يەنى سېھرىنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى." (سۈرە تاھا، 65 - 66 - ئايەت)

قَالَ لَهُم مُّوسَى أَلْقُوا مَا أَنتُم مُّلْقُونَ فَأَلْقَوْا حِبَالَهُمْ وَعِصِيَّهُمْ
وَقَالُوا بِعِزَّةِ فِرْعَوْنَ إِنَّا لَنَحْنُ الْغَالِبُونَ

"مۇسا ئۇلارغا: «تاشلايدىغان نەرسەڭلارنى تاشلاڭلار!» دېدى. ئۇلار ئارغامچىلىرىنى، ھاسىلىرىنى تاشلىدى. ئۇلار: «پىرئەۋننىڭ كاتتىلىقى بىلەن قەسەمكى، بىز شەك شۈبھىسىز غەلىبە قىلىمىز» دېدى." (سۈرە شۇئەرا، 43 - 44 - ئايەت)

فَإِذَا حِبَالُهُمْ وَعِصِيُّهُمْ يُخَيَّلُ إِلَيْهِ مِن سِحْرِهِمْ أَنَّهَا تَسْعَى فَأَوْجَسَ فِي
نَفْسِهِ خِيفَةً مُّوسَى قُلْنَا لَا تَخَفْ إِنَّكَ أَنتَ الْأَعْلَى وَأَلْقِ مَا فِي يَمِينِكَ تَلْقَفْ
مَا صَنَعُوا إِنَّمَا صَنَعُوا كَيْدُ سَاحِرٍ وَلَا يُفْلِحُ السَّاحِرُ حَيْثُ أَتَى

**"(ئۇلار تاشلىغان ئىدى) ناگاھان ئۇلارنىڭ ئاغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىدىن (يەنى سېھرىنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. "(بۇنىڭدىن) مۇسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى. بىز (ئۇنىڭغا) ئېيتتۇقكى، «قورقمىغىن سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن. قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر، سېھرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ»."** (سۈرە تاھا، 66 - 69 ـ ئايەت)

شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالامدىكى قورقۇنچ يوقالدى:

فَلَمَّا أَلْقَواْ قَالَ مُوسَى مَا جِئْتُم بِهِ السِّحْرُ إِنَّ اللّهَ سَيُبْطِلُهُ
إِنَّ اللّهَ لاَ يُصْلِحُ عَمَلَ الْمُفْسِدِينَ

**"ئۇلار تاشلىغاندا، مۇسا: «سىلەرنىڭ كۆرسەتكىنىڭلار سېھردۇر، ئاللاھ چوقۇم ئۇنى بەربات قىلىدۇ، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنىڭ ئىشىنى ئەلۋەتتە تۈزىمەيدۇ» دېدى."** (سۈرە يۇنۇس، 81 ـ ئايەت)

ئايەتتە دېيىلگەندەك، سېھرگەرلىك، پەقەت بىر ئالدامچىلىق، كۆز بۇيامچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقتىن ئىبارەتتۇر.

فَأَلْقَى مُوسَى عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ تَلْقَفُ مَا يَأْفِكُونَ

**"مۇسا ھاسىسىنى تاشلىدى، (ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى يۇتۇۋەتتى."** (سۈرە شۇئەرا، 45 ـ ئايەت)

وَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى أَنْ أَلْقِ عَصَاكَ فَإِذَا هِيَ تَلْقَفُ مَا يَأْفِكُونَ

**"مۇساغا: «ھاساڭنى تاشلىغىن» دەپ ۋەھيي قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى"** (سۈرە ئەئراف، 117-ئايەت)

**سېھىرگەرلەرنىڭ سەجدە قىلىشى**

سېھىرگەرلەر، پىرئەۋن ۋە مىسىر خەلقىنىڭ ئالدىدا يەرگە بىر قانچە قوزۇق قېقىپ يىپ تارتقان ئىدى. ئۇ يىپلار يىلانغا ئوخشاش تولغۇنۇشقا باشلىدى. ئىلاھى ئەمىر بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى ئېتىشىغا، ئۇ چوڭ بىر ئەجدىھا بولۇپ مەيداندىكى پۈتۈن سېھىر جىسىملىرىنى يۇتتى. سېھىرگەرلەر بۇ ئەھۋالنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىقتىدارى ئەمەس، بەلكى ئىلاھى بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. چۈنكى سېھىر بولسا، قېقىلغان قوزۇق ۋە يىپلار، سېھىر بۇزۇلغاندا جايىدا قېلىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرلىرى بوزۇلۇپلا قالماي بەلكى قوزۇق ۋە يىپلىرىمۇ جايىدىن يوقاپ كەتتى:

فَوَقَعَ الْحَقُّ وَبَطَلَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ

**"ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەربات بولدى."** (سۈرە ئەئراف، 118-ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىر قوراللىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي يۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ھاسىدا ھېچ ئۆزگىرىش بولمىدى. ئاللاھ تائالا بۇنىڭ بىر ئىنسانىي كۈچ ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئىلاھى قۇدرەت ئىكەنلىكىنى سېھىرگەرلەرگە كۆرسىتىپ قويۇشنى ئىرادە قىلدى. چۈنكى ئۇ ئەسنادا سېھىرگەرلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئىنسانى بىر ھۈنەر ۋە قابىلىيەتكە تايانغان كۆز بويامچىلىق ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىدىن پەيدا بولغان بۇ ھەيران قالارلىق ھادىسىلەر بولسا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ تەجەللىسىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سېھىرگەرلەرنىڭ ئاساسى بولمىغان ھۈنەرلىرىنى يوقاتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانى بىر ھۈنەر ئىگىسىمۇ ياكى ساماۋى بىر قۇدرەتنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇقۇشنى خالىغان سېھىرگەرلەرنىڭ رەئىسى، دوستلىرىدىن بىرىگە مۇنداق دېدى:

«بۇ ئىشلار يۈز بىرىۋاتقاندا مۇسانى دىققەت بىلەن كۆزەت، ئۇ ئەسنادا قانداق بىر ئەھۋالدا بولىدۇ؟»

دوستى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ئەھۋالنى رەئىسكە مۇنداق دوكلات قىلدى:

«ھادىسە مەيدانغا كەلگەندە مۇسانىڭ رەڭگى باشقا بىر تۈسكە كىردى. ئۆزى بىر تەرەپتە قورقۇنچ ئىچىدە ۋە ئىلاھى بىر تەجەللىگە يولۇققان ئەھۋالدا ئىدى. ھاسا بولسا بىر تەرەپتە ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.»

بۇنى ئاڭلىغان سېھىرگەرلەرنىڭ باشلىقى مۇنداق دېدى:

«ئۇنداقتا بۇ تەجەللى ئاللاھدىندۇر، مۇسانىڭ ئىشى ئەمەستۇر. چۈنكى بىر سېھىرگەر ئۆز سېھرىدىن قورقمايدۇ. ھېچ بىر سەنئەتكار ئۆز سەنئىتىدىن قورقمايدۇ ئەكسىچە ئاسان ۋە راھەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىدۇ.»

بولارنى سۆزلىگەن سېھىرگەرلەرنىڭ باشلىقى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتتى. باشقا سېھىرگەر دوستلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدى. (ئابدۇل قادىر جەيلانى، «ئەل پەتھۇر-راببانى»، 38)

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

فَأُلْقِيَ السَّحَرَةُ سَاجِدِينَ قَالُوا آمَنَّا بِرَبِّ الْعَالَمِينَ رَبِّ مُوسَى وَهَارُونَ قَالَ آمَنتُمْ لَهُ قَبْلَ أَنْ آذَنَ لَكُمْ إِنَّهُ لَكَبِيرُكُمُ الَّذِي عَلَّمَكُمُ السِّحْرَ فَلَسَوْفَ تَعْلَمُونَ لَأُقَطِّعَنَّ أَيْدِيَكُمْ وَأَرْجُلَكُم مِّنْ خِلَافٍ وَلَأُصَلِّبَنَّكُمْ أَجْمَعِينَ

**"سېھىرگەرلەر سەجدىگە باردى. ئۇلار: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا - مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا - ئىمان ئېيتتۇق» دېدى. پىرئەۋن: «مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ سىلەر مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلار، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن باشلىقىڭلار ئىكەن، (سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزۇنغا قالماي بىلىسىلەر، قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ - چەپ قىلىپ (يەنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى سول قولۇڭلار بىلەن ئوڭ پۇتۇڭلارنى) كېسىمەن، ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئاسىمەن» دېدى."** (سۈرە شۇئەرا، 46 - 49 - ئايەت)

بىر باشقا ئايەتتە بۇ ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

قَالَ آمَنتُمْ لَهُ قَبْلَ أَنْ آذَنَ لَكُمْ إِنَّهُ لَكَبِيرُكُمُ الَّذِي عَلَّمَكُمُ السِّحْرَ فَلَأُقَطِّعَنَّ أَيْدِيَكُمْ وَأَرْجُلَكُم مِّنْ خِلَافٍ وَلَأُصَلِّبَنَّكُمْ فِي جُذُوعِ النَّخْلِ وَلَتَعْلَمُنَّ أَيُّنَا أَشَدُّ عَذَابًا وَأَبْقَى

**"پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەر مەن رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن، مەن چوقۇم سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى، پۇتلىرىڭلارنى ئوڭ - چەپ قىلىپ (يەنى ئوڭ قول بىلەن سول پۇتنى، ئوڭ پۇت بىلەن سول قولنى) كېسىپ تاشلايمەن، سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن، سىلەر قايسىمىزنىڭ (يەنى مېنىڭ ياكى مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ) ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىسىلەر».** (سۈرە تاھا، 71-ئايەت)

مەنپەئەتكە تايانغان بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنىڭ ئۆمرىمۇ مەنپەئەت بىلەن چەكلىك بولىدۇ. سېھىرگەرلەر ئىمان ئېيتماي پىرئەۋننى قوللاشنى داۋاملاشتۇرغان بولسا ئىدى، پىرئەۋننىڭ ئالدىدا ئابرويلۇق كىشىلەردىن بولۇپ نېمەت ئىچىدە باياشات ياشىغان بولاتتى، لېكىن قەلبى ئىمانغا ئېچىلىپ ئۆزلىرىگە ھىدايەت بېرىلگەندە، باقى بولغان ئەبەدى نېمەتنى، پانى يەنى ئۆتكۈنچى بولغان راھەتلىكنىڭ ئورنىغا تاللىدى ۋە پىرئەۋننىڭ تەھدىتلىرىگە قارشى:

قَالُوا لَن نُّؤْثِرَكَ عَلَى مَا جَاءَنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالَّذِي فَطَرَنَا فَاقْضِ مَا أَنتَ قَاضٍ إِنَّمَا تَقْضِي هَذِهِ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا

**"ئۇلار ئېيتتى: «سېنى (يەنى ساڭا ئەگىشىشنى) ئىختىيار قىلىپ، بىزگە كەلگەن (مۇسانىڭ راستلىقىنى كۆرستىدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە بىزنى خەلق ئەتكەن ئاللاھنى ھەرگىز تاشلىمايمىز. (بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى ھۆكۈم قىلساڭ، شۇنى ھۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ."** (سۈرە تاھا، 72-ئايەت)

كېيىن:

قَالُوا لَا ضَيْرَ إِنَّا إِلَى رَبِّنَا مُنقَلِبُونَ

**"سېھىرگەرلەر: «(بۇنىڭدىمۇ بىزگە) ھېچ زىيان يوق، بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز، بىز مۇساغا ھەممىدىن**

**بۇرۇن ئىمان ئېيتقۇچىلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئەلۋەتتە ئۈمىد قىلىمىز» دېدى."** (سۈرە شۇئەرا، 50-ئايەت)

چۈنكى قول-پۇتلارنىڭ ئوڭ چەپ قىلىپ كېسىلىشى، پەقەت بۇ دۇنياغا ئائىت بىر ئازاپ ئىدى. نەتىجىدە بەدەن تۇپراققا قىلىنىدىغان بىر قۇربانلىقتۇر. بەدەندە پانىلىق، روھتا بولسا ئەبەدىيلىك بار. پانى بىلەن باقىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېھىرگەرلەر ئوپ-ئوچۇق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندە، ئايەتتە بۇيرۇلغاندەك پىرئەۋننىڭ كۈتكىنىدەك بىر پوزىتسىيەدە بولمىدى:

«سېنىڭ زۇلمىڭ بىزگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ! سېنىڭ زېمىنىڭ دۇنياغا ئائىتتۇر، ئاخىرەت سائادىتى بولسا ئەبەدىيدۇر!» دېدى.

سۆزلىرىنىڭ داۋامىدا مۇنداق دېيىشتى:

إِنَّا آمَنَّا بِرَبِّنَا لِيَغْفِرَ لَنَا خَطَايَانَا وَمَا أَكْرَهْتَنَا عَلَيْهِ مِنَ السِّحْرِ وَاللَّهُ خَيْرٌ وَأَبْقَى

**"بىزنىڭ خاتالىقىمىزنى، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا بىزنىڭ سېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن دەپ بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزغا ئىمان ئېيتتۇق، ئاللاھنىڭ (ساۋابىنى سېنىڭ مۇكاپاتىڭدىن) ئارتۇقتۇر؛ ئاللاھنىڭ (ئازابى سېنىڭ جازايىڭدىن) دائىمىيدۇر» ."** (سۈرە تاھا، 73-ئايەت)

إِنَّا نَطْمَعُ أَن يَغْفِرَ لَنَا رَبُّنَا خَطَايَانَا أَن كُنَّا أَوَّلَ الْمُؤْمِنِينَ

**"سېھىرگەرلەر: «(بۇنىڭدىمۇ بىزگە) ھېچ زىيان يوق، بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز، بىز مۇساغا ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقۇچىلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئەلۋەتتە ئۈمىد قىلىمىز» دېدى."** (سۈرە شۇئەرا، 51-ئايەت)

ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن جانابى ئاللاھقا مۇنداق يالۋۇردى:

رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَتَوَفَّنَا مُسْلِمِينَ

**"...پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن."** (سۈرە ئەئراق، 126-ئايەت)

خۇلاسىلىغاندا، سەھەردە كاپىر پېتى مۇسابىقىگە چۈشكەن سېھىرگەرلەر، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قول-پۇتلىرى ئوڭ-چەپ كېسىلگەن ھالدا بىردىن مۆمىن، شەھىد ۋە ۋەلى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن ھالدا جانابى ئاللاھقا قايتتى.

سېھىرگەرلەر بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئارىسىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە، قۇرئان كەرىمدە سىياق سىباققا ئاساسەن تۆت سۈرىدە ئايرىم زىكىر قىلىنىدۇ.

بىر قېتىم يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ قۇرئان كەرىمدە تۆت قېتىم ئايرىم يەردە بايان قىلىنىشى، شەك شۈبھىسىز ئۇنىڭ نۇرغۇن ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىبرەتلىككى، سېھىرگەرلەر كۆز ئالدىدىكى قاتتىق زۇلۇم ئالدىدا:

«ئى رەببىم! بىزنى بۇ زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزغىن!» دەپ دۇئا قىلماستىن، پانى دۇنيانىڭ ئازاپ ۋە جاپالىرىغا سەۋر قىلىپ، مۇسۇلمان بولغان ھالدا جان بېرىش ئۈچۈن دۇئا قىلدى. چۈنكى ئۇلار ئىمانلىرىنىڭ ئاجىزلىققا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاخىرقى نەپەسنى ئىمانسىز ھالدا بېرىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلدى.

قۇرئان كەرىمدە ئاخىرقى نەپەس بىلەن مۇناسىۋەتلىك:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلاَ تَمُوتُنَّ إِلاَّ وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ

**"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتى بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار."** (سۈرە ئال ئىمران، 102-ئايەت) دېيىلگەن.

بۇ ئىلاھى ئاگاھلاندۇرۇشقا رىئايە قىلىشنىڭ يەككە-يىگانە يولى، ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە ياشاپ، ئاخىرقى نەپەس ھەققىدە ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە سېغىنىشتۇر. توغرا يول ئۈستىدە ياشاپ بۇ ھال بىلەن جانابى ئاللاھقا يېتىشىنىڭ يولى، بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن تَنصُرُوا اللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ

**"ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ."** (سۈرە مۇھەممەد، 7-ئايەت)

مەۋلانا جالالىددىن رۇمى بۇ قىسسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ئىشارى ئىزاھات بېرىدۇ:

«سېھىرگەرلەر بىر بۇيۇك پەيغەمبەرگە، ئاللاھقا يېقىن ئۇلۇغ بىر قۇلغا، مۇسابىقىنىڭ بېشىدا مۇسابىقىنى بىرىنچى بولۇپ كىمنىڭ باشلىشى ھەققىدە ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ھۆرمەتنىڭ بەرىكىتى بىلەن تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈش تۈپەيلىدىن جازاغا ئۇچرىغان.»

ھەقىقەتەن سېھىرگەرلەرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىرئاز بولسىمۇ ھۆرمەت بىلدۈرۈشى، كۆڭۈللىرىدە ئىمانغا ئېچىلغان بىر ئىشىك ۋە ھىدايەت ۋەسىلىسى بولدى.

ھەزرىتى مەۋلانا بۇ ھادىسىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى مۇنداق تەھلىل قىلىدۇ:

«مەلئۇن ۋە زالىم پىرئەۋن سېھىرگەرلەرنى ئىمان ئېيتقانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆلۈم بىلەن تەھدىت قىلغان ھالدا؛

«پۇت-قولۇڭلارنى ئوڭ-چەپ قىلىپ كېسىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى كەچۈرۈم قىلماستىن ئاسىمەن!» دېگەن.

پىرئەۋن ئۇ ئەسنادا سېھىرگەرلەرنىڭ قورقىدىغانلىقى، قورقىدىن تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭغا بويۇن ئېگىدىغانلىقىنى ئويلىغان.

لېكىن پىرئەۋن ئۇ سېھىرگەرلەرنىڭ قورقۇ ۋە ئەندىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلاھى سىر ۋە ھەقىقەتلەرگە ئىگە بولغانلىقىنى بىلمىگەن ئىدى.

ئۇلار ھاۋانچىدا يۇز قېتىم سوقۇلۇپ، ئۇن ھالىگە كەلگەن تەقدىردىمۇ سايىسىنى ئۆزلىرىدىن ئايرىيالايدىغان ئىرپان ۋە بەسىرىتىنى كۆرسەتكەنىدى.

«ئى ئىنسان! بۇ دۇنيا ئۇيقۇ ۋە چۈشتىن ئىبارەت. سەن ئۇ يەردىكى نەغمە-ناۋاغا ئالدىنىپ كەتمە! ئەگەر چۈشۈڭدە قولۇڭ كېسىلسە ياكى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ توغرالسىمۇ قورقما! چۈنكى: "بۇ دۇنيا بىر چۈشتىن ئىبارەتتۇر!"»

**ماشتا خاتۇن**

ئۇ پىرئەۋننىڭ قىزىنىڭ خىزمەتكارى ئىدى.

ئۇ بىر كۈنى پىرئەۋننىڭ قىزىنىڭ چېچىنى تاراش ئۇچۇن تاغاقنى ئېلىۋېتىپ «بىسمىللاھ» دېدى. قىز بۇنى ئاڭلاپ دەرھال دادىسىغا خەۋەر بەردى.

پىرئەۋن دەرھال ماشتانى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن ھېساب سورىدى. ئۇ قەلبىدىكى ئىمانىنىڭ كۈچى بىلەن جەسۇر ھالدا:

«سەنمۇ بىزگە ئوخشاش بىر پانى بىر مەخلۇق! قانداق تەڭرى بولالايسەن؟» دېدى.

پىرئەۋن غەزەپلەنگەن ھالدا:

«سەنمۇ مۇساغا ئىمان ئېيتىپ،ئۇنىڭغا ئەگەشتىڭ، شۇنداقمۇ؟!» دەپ سورىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا-ئاستا ماشتانى قىيىن قىستاققا ئالدى. لېكىن ماشتا قانداقلا بولمىسۇن تەۋھىد ئەقىدىسىدىن قايتمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بەش ياشتىكى قىزىنى ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ:

«ئەگەر پىرئەۋننىڭ تەڭرىلىكىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولساڭ، قىزىڭنى بوغۇزلايمىز!» دەپ تەھدىد قىلدى.

ماشتا يەنىلا ئىماندىن قايتمىدى. نەتىجىدە قىزنى بوغۇزلاپ قېنىنى ماشتانىڭ يۈزىگە چاچتى. ئۇ بۇيۈك بىر سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن:

«ئاللاھ يەككە يېگانەدۇر! ئاللاھ يەككە-يېگانەدۇر! مۇسا ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدۇر!» دېدى. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرى ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئۈچ ئايلىق بالىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئاتتى. بوۋاق ئانىسىنى ئېمىش ئۈچۈن كۆكسىنى ئىزدەۋاتقاندا ئۇنى دەرھال قولىدىن تارتىپ ئېلىۋېلىپ:

«ئەگەر يەنە ۋاز كەچمەيدىغان بولساڭ، بۇ بالاڭنىمۇ تونۇرغا تاشلايمىز!» دېدى.

ماشتا بۇ قىيىنچىلىقنىمۇ بەرداشلىق بېرىپ ئىماندىن ۋاز كەچمىدى. نەتىجىدە ئۈچ ئايلىق بوۋاقنىمۇ تونۇرغا تاشلىدى. رىۋايەتلەردە دېيىلىشچە، بوۋاق ئوتنىڭ ئىچىدە زۇۋانغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

«جېنىم ئانا! ئىماندىن ۋازكېچىشتىن ئېھتىيات قىلغىن، بەرداشلىق بەرگىن! جەننەت بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا بىر قەدەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆردۈم!»

بۇ سۆزنى ئاڭلىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىمان ئېيتتى. نەتىجىدە ماشتا شەھىد قىلىنىپ، جەننەتتە بالىلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى.

بىر ھەدىس شەرىپ ماشتا خانىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق دەيدۇ:

ئۇبەي بىن كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېراج كېچىسى ئىنتايىن مېزىلىك بىر خۇش پۇراق پۇرىدى ۋە:
«ئى جىبرىئىل! بۇ گۈزەل پۇراق نېمە؟» دەپ سورىدى.
جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:
«بۇ ماشىتا خانىمنىڭ ئىككى بالىسى ۋە يولدىشىنىڭ قەبرىسىنىڭ پۇرىقىدۇر.» (ئىبنى ماجە، «فىتەن»، 23 / 4030)

**ئاسىيە ئانىمىزنىڭ شەھىد قىلىنىشى**

ماشىتاغا قىلغان زۇلمىدىن كېيىن ئاسىيە ئانىمىز، پىرئەۋنگە غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ ئۇنى ھاقارەتلىدى. بۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن، ئاسىيە ئانىمىزنىڭمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى سەزدى. ئاسىيە ئانىمىزمۇ بۇ ھەقىقەتنى يوشۇرماستىن ئىقرار قىلدى:
«شۇنداق، مەنمۇ مۇسانىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتىم!» دېدى.
رىۋايەت قىلىنىشىچە، پىرئەۋن ئاسىيەنى تۆت تۈۋرۈككە باغلىتىپ، ئاسمانغا قارىتىپ ياتقۇزدى ۋە ئۈستىگە تۈگمەن تېشى قويۇپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ شەھىد قىلدى.
بىر قېتىم مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىنسانلارنى قىينايدىغان جازا مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاسىيە ئانىمىزنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئازاپلارنى چېكىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئاسىيە ئانىمىز بۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىشارەت قىلدى. ئۇ دۇئا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاسىيە ئانىمىز ئاغرىق ئازابى تارتمىدى.
باشقا بىر رىۋايەتتە، ئاسىيە ئانىمىزنى قىززىق بىر چۆلگە تاشلاپ قويىدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا سايا بولۇپ بەردى. نەتىجىدە ئاسىيە ئانىمىز بۇ شەكىلدە شەھىد بولدى. قۇرئان كەرىم ئۇنى مەدھىيلەپ مۇنداق دەيدۇ:

وَضَرَبَ اللّٰهُ مَثَلًا لِلَّذِينَ آمَنُوا امْرَأَةَ فِرْعَوْنَ إِذْ قَالَتْ رَبِّ ابْنِ لِي عِندَكَ بَيْتًا فِي الْجَنَّةِ وَنَجِّنِي مِن فِرْعَوْنَ وَعَمَلِهِ وَنَجِّنِي مِنَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ

**"ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن» دېدى."** (سۈرە تەھرىم، 11- ئايەت)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشچە ئاسىيە ئانىمىز بۇ دۇئانى ئازاپ چېكىۋاتقاندا قىلدى. بۇ ئەسنادا ئۇنىڭغا:

«بېشىڭنى كۆتەرگىن!» دېيىلدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىغاندا، كۆزىدىن پەردىلەر كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا جەننەتتە سېلىنىۋاتقان داچىسى كۆرسىتىلدى، ئۇ تەبەسسۇم قىلغان ھالدا داچىسغا قاراپ ئۇ ئازاپلارنى سەزمىدى.

ئاسىيە ئانىمىزنىڭ پەزىلىتىنى سۇلەيمان چەلەبى ئىپادىلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندا ئۇ يەردىكى پەرىشتىلەر ۋە ھۆر پەرىلەر بىلەن بىرلىكتە ئاسىيە ئانىمىزنىڭمۇ ھەزرىتى ئامىنىنى تەبرىكلىگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئاسىيە بىرى ئىدى ئۇ گۈزەل پەرىنىڭ،
ئېيتتىلار ئوغلۇڭغا ئوخشاش قەدرىئى جەمىل،
بەرمىگەن ئىدى باشقا بىر ئانىغا ئۇ جەلىل.

**مۇنار**

مۇسا ئەلەيھىسسالام تەۋھىد ئەقىدىسىنى تەبلىغ قىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان مۆمىنلەرنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى. پىرئەۋننىڭمۇ زۇلمىمۇ بارغانسىرى ئاشتى. ئۇ بىر ئىگىز مۇنار سالدۇرۇپ، بۇ مۇنارغا ئۇلاق بىلەن چىقاتتى. بۇ مۇنار يەتتە يىلدا پۈتتى.

ئەخمەق پىرئەۋن بۇ مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، مۇسانىڭ رەببىنى كۆرمەكچى ئىدى! ئۇ تەۋھىد ئەقىدىسىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى ئاللاھ تەسەۋۋۇرى، ئىنسانى ئالەمدىكى شەكىللەرگە يەنى ئادەم شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەقىدىگە تاييناتتى. بۇ ئاللاھنى جىسىملاشتۇرىدىغان بىر ئەقىدە ئىدى. يۇنان دىنلىرىغا ئوخشاش كۆپ تەڭرىلىك دىن تەسەۋۋۇرىغا ئىگە ئىدى. يەر تەڭرىسى، ئاسمان تەڭرىسى ۋە مۇھەببەت تەڭرىسى دېگەنگە ئوخشاش.

پىرئەۋن بۇ مۇناردىن ئاسمانغا قاراپ، مۇسانىڭ رەببىنى كۆرمىگەنلىكىنى خەلققە ئىلان قىلماقچى ياكى:

«بىز شۇنچىلىك كۈچ-قۇدرىتىمىز، ئىمكانىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز بىلەن ئاسمانغا چىقىشقا يول تاپالمىدۇق، مۇسا قايسى كۈچى بىلەن چىقىپ بىزگە خەۋەر كەلتۈرۈپتۇ!» دەپ چولتا ئەقلى بىلەن پىتنە-پاسات چىقارماقچى ئىدى.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَقَالَ فِرْعَوْنُ يَا هَامَانُ ابْنِ لِي صَرْحًا لَّعَلِّي أَبْلُغُ الْأَسْبَابَ أَسْبَابَ
السَّمَاوَاتِ فَأَطَّلِعَ إِلَى إِلَهِ مُوسَى وَإِنِّي لَأَظُنُّهُ كَاذِبًا وَكَذَلِكَ زُيِّنَ لِفِرْعَوْنَ
سُوءُ عَمَلِهِ وَصُدَّ عَنِ السَّبِيلِ وَمَا كَيْدُ فِرْعَوْنَ إِلَّا فِي تَبَابٍ

**"پىرئەۋن (ۋەزىرى ھامانغا): «ئى ھامان! ماڭا بىر ئېگىز بىنا سالغىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن دەرۋازىلارغا، ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىغا يېتىشىم مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرەي، مەن ھەقىقەتەن مۇسانى يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمەن» دېدى. پىرئەۋنگە ئۇنىڭ يامان ئەمەلى شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى، پىرئەۋن (گۇمراھلىقى تۈپەيلىدىن ھىدايەت) يولىدىن مەنئى قىلىندى، پىرئەۋننىڭ ھىيلە ـ مىكرى پەقەت بىكاردۇر."** (36 - 37 - ئايەت)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا بۇيرىدى. ئۇ قانىتى بىلەن مۇنارغا بىر ئۇردى. مۇنار ئۈچ پارچە بولۇپ كەتتى. مىڭلارچە ئەسكەر ئۆلدى. كېيىنكى پىشۇرغان خۇمدانچىلار ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى.

پىرئەۋن بۇنىڭ بىلەنمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەي، تېخىمۇ غەزەپلەندى ۋە قىبتىلارنىڭ سىپتىلەرگە بولغان زۇلمى چېكىگە يەتتى:

وَقَالَ الْمَلأُ مِن قَوْمِ فِرْعَونَ أَتَذَرُ مُوسَى وَقَوْمَهُ لِيُفْسِدُواْ فِي الأَرْضِ وَيَذَرَكَ
وَآلِهَتَكَ قَالَ سَنُقَتِّلُ أَبْنَاءهُمْ وَنَسْتَحْيِي نِسَاءهُمْ وَإِنَّا فَوْقَهُمْ قَاهِرُونَ

**"پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى (پىرئەۋنگە): «مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى زېمىندا پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇشقا، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلاشقا قويۇۋېتەمسەن؟» دېدى. پىرئەۋن: «ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆلتۈرىمىز، ئاياللىرىنى بولسا (خىزمەتكە سېلىشقا) قالدۇرۇپ قويىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز» دېدى."** (سۈرە ئەئراف، 127 - ئايەت)

بەنى ئىسرائىل بۇ ئەھۋالنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلدى. ئۇ سەۋر قىلىشقا ئۈندىدى:

قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ اسْتَعِينُوا بِاللّهِ وَاصْبِرُواْ إِنَّ الأَرْضَ لِلّهِ يُورِثُهَا
مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ

**"مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھتىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، (ئاللاھ) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ» دېدى."** (سۈرە ئەئراف، 128 - ئايەت)

لېكىن مۇسانىڭ قەۋمى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نادانلارچە مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار پەيغەمبەرلىرىگە داۋاملىق قىينىچىلىق تۇغدۇرۇپ، سەۋرسىزلىك بىلەن ئالدىراڭغۇلۇق قىلدى. چۈنكى ئۇلار ماتېرىيالىست چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى:

قَالُواْ أُوذِينَا مِن قَبْلِ أَن تَأْتِينَا وَمِن بَعْدِ مَا جِئْتَنَا قَالَ عَسَى رَبُّكُمْ أَن يُهْلِكَ عَدُوَّكُمْ
وَيَسْتَخْلِفَكُمْ فِي الأَرْضِ فَيَنظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُونَ

**"ئۇلار: «سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق» دېدى. مۇسا: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىشى، (مىسىر) زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىشىمۇ ھەقىقەتتۇر» دېدى."**

(سۈرە ئەئراف، 129 - ئايەت)

شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا كەلگۈسىدە ئىمان ئېيتىدىغانلارنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

قىبتىلەر زۇلمىنى داۋاملاشتۇردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ زۇلۇمنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارقا-ئارقىدىن ئالامەتلەر كېلىپ، قىبتى قەۋمى ئۈستىگە بالايى-ئاپەتلەر يېغىشقا باشلىدى:

وَلَقَدْ أَخَذْنَا آلَ فِرْعَونَ بِالسِّنِينَ وَنَقْصٍ مِّن الثَّمَرَاتِ لَعَلَّهُمْ يَذَّكَّرُونَ
فَإِذَا جَاءتْهُمُ الْحَسَنَةُ قَالُواْ لَنَا هَذِهِ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ يَطَّيَّرُواْ بِمُوسَى
وَمَن مَّعَهُ أَلا إِنَّمَا طَائِرُهُمْ عِندَ اللّهُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لاَ يَعْلَمُونَ

**"ئاللاھقا قەسەمكى، بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ**

**ھوسۇلنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق. ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق ـ مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز، دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى، دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق (مۇسانىڭ شۇملۇقىدىن ئەمەس) ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى (يەنى ئۇلارغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى ئۇقمايدۇ."** (سۈرە ئەئراف، 130 - 131 - ئايەت)

### مۆجىزىلەر

وَقَالُواْ مَهْمَا تَأْتِنَا بِهِ مِن آيَةٍ لِّتَسْحَرَنَا بِهَا فَمَا نَحْنُ لَكَ بِمُؤْمِنِينَ
فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمُ الطُّوفَانَ وَالْجَرَادَ وَالْقُمَّلَ وَالضَّفَادِعَ وَالدَّمَ آيَاتٍ
مُّفَصَّلاَتٍ فَاسْتَكْبَرُواْ وَكَانُواْ قَوْمًا مُّجْرِمِينَ

**"ئۇلار (يەنى پىرئەۋن قەۋمى): «كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ھەرقانداق مۆجىزە كەلتۈرسەڭمۇ بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى. ئۇلارغا سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (بالالىرىنى) روشەن مۆجىزىلەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا) ئۇلارنىڭ گەدەنكەشلىكى يول قويمىدى، ئۇلار گۇناھكار قەۋم بولدى."** (سۈرە ئەئراف، 132 - 133 - ئايەت)

قىبتىلەر ئازاپنى كۆرگەن چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «يېتىشكەن ئالىم!» دەپ خىتاب قىلدى. ئازاپ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە ئىسيانكارلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ «بۇ ئۆتكۈنچىدۇر» دېدى.

بالايى ـ ئاپەتلەر، زۇلۇم چېكىگە يەتكەندە كېلىشكە باشلايدۇ. قۇرئاندا بايان قىلىنغاندەك قىبتىلەرنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ چېكىگە يەتكەندە مۇسىبەت كەلدى.

### 1. توپان

ئاللاھ تائالا قاتتىق يامغۇر ياغدۇردى. قىبتىلەرنىڭ ئۆيلىرى سۇ بىلەن تولۇپ بويۇنلىرىغىچە سۇغا غەرق بولدى ۋە ئولتۇرغانلار بوغۇلۇپ ھالاك بولۇشقا ئاز قالدى. لېكىن سىبتىلەرگە ھېچنىمە بولمىدى.

ئۇلار دەرھال مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«ئى مۇسا! رەببىڭگە دۇئا قىل، ئەگەر بۇ بالا ئۈستىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ئىمان ئېيتىپ، ساڭا ۋە قەۋمىڭگە كەڭچىلىك قىلىمىز» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. سۇ توختىدى ۋە ئارقىدىن مولچىلىق باشلاندى. قىبتىلەر يەنە ئىسيان قىلىپ:

«بۇ سۇ بىزگە ئازاپ ئەمەس، بەلكى بىر نېمەت بولغان ئىكەن، ئەسلىدە ئۆتۈپ كېتىدىكەن! بولار مۇسانىڭ دۇئاسى بىلەن بولماپتۇ!» دېيىشتى.

## 2. چېكەتكە

بىر مۇددەتتىن كېيىن ئاللاھ تائالا بىر توپ چېكەتكە ئەۋەتتى. بولار ئالدىغا ئۇچۇرىغاننى يەپ-سۈپۈرۈپ، ئاللاھ بېغىشلىغان بۇ مولچىلىقنى يەپ تۈگىتىپ، ھەر يەرنى قاقاسلىقا ئايلاندۇرۇپ قويدى. لېكىن ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا زىيان سالمىدى.

قىبتىلەر يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«ئى ئالىم! دۇئا قىلغىن، بۇ ئاپەتلەردىن قۇتۇلساق ساڭا ئىمان ئېيتىمىز، سېنى قوبۇل قىلىمىز!» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. ئازاپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

ئازاپ كۆتۈرۈلۈپ راھەتكە چىققان قىبتىلەر، يەنە سۆزىدە تۇرماي زۇلمىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىسيان قىلدى.

## 3. پىت ۋە بۈرگە

شۇنىڭ بىلەن جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پىت ۋە بۈرگە تاشلىدى. تاماق يېگەندە قاچىلىرى پىت ۋە بۈرگىگە تولۇپ كەتتى. بۇ چوڭ بىر ئاپەت ئىدى. ئۇلار يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. بۇنىڭدىنمۇ قۇتۇلدى.

لېكىن يەنىلا ئىسيان قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

## 4. قومچاق

بۇ قېتىم مۇسا ئەلەيھىسسالام نىل دەرياسىغا باردى. ھاسىسى بىلەن ئۇرۇشىغا پۈتۈن قومچاقلار مىسىرنى ئىشغال قىلدى. ئاش تاۋاقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ھەر يەر قومچاقلار بىلەن تولدى. قىبتىلار يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى:

«ئى ئالىم! بىز ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلدۇق، سىلەرنى قۇددۇسقا قويۇپ بېرىمىز!» دېدى.
لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاپەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە ئىسيانىنى داۋاملاشتۇردى.

## 5. قان

قىبتىلەر ھوشىنى تاپمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا نىل دەرياسىنى قانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. خەلق ئىچىدىغان سۇ تاپالمىدى. نىل دەرياسى سىپتىلەر ئىچكەن ۋە ئىشلەتكەندە ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىپ، قىبتىلەر ئىچكەندە قانغا ئايلاندى. ئۇلار يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ يېلىندى. بۇ مۇسىبەتمۇ ئۇستىدىن كۆتۈرۈلدى.
يالغانچى ۋە نانكور قىبتىلەر، يەنە ئىسيانغا قايتتى.
مەۋلانا جەلالىددىن رۇمى، نىل دەرياسىنىڭ قانغا ئايلىنىشى ئۇستىدە توختۇلۇپ، مەسنىۋىسىدە كۆڭۈل تىلى بىلەن مۇنداق ئىزاھات بېرىدۇ:
«قاتتىق ئىسسىقتا چاڭقاپ كەتكەن بىر قىبتى بىر سىپتىنىڭ ئۆيىگە كەلدى: "مەن سېنىڭ دوستۇڭ ھەم تۇققىنىڭ بولىمەن، بۈگۈن ساڭا ھاجىتىم چۈشتى. ئۆزۈڭ ئۈچۈن نىل دەرياسىدىن بىر قاچا سۇ تولدۇرغىن، بۇ كونا دوستۇڭ سېنىڭ قولۇڭدىن سۇ ئىچسۇن! ئۆزەڭ ئۈچۈن تولدۇرساڭ قان بولمايدۇ. ساپ ۋە سېھىردىن خالى بولىدۇ» دەپ يېلىنىپ تۇرۇۋالدى.
سىپتى بولسا قىبتىنىڭ مۆجىزىنى ئىدراك قىلىشى ئۈچۈن، نىل دەرياسىدىن بىر قاچا سۇ تولدۇرۇپ ئۆزى ئالدى بىلەن يېرىمىنى ئىچتى. قالغان يېرىمىنى سۇنۇپ:
«قېنى ئىچكىن!» دېدى.
قىبتى سۆيۈنۈپ، سۇنى ئاغزىغا ئېلىپ باردى، لېكىن سۇ قىپ-قىزىل قان بولدى. بۇنىڭ بىلەن سىپتى، قاچىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ ئىچكەن ئىدى، قان قايتىدىن ساپ سۇ ھالىتىگە كەلدى.
قىبتى غەزەپلەندى، ئاچچىقى يانغاندىن كېيىن سىپتىگە قاراپ:
«ئى بۇرادەر! بۇنىڭ سىرى نېمە؟» دەپ سورىدى.
سىپتى:
«نىل دەرياسىنىڭ بۇ ساپ سۈيىنى پەقەت مۇسانىڭ دىنىگە ئىمان ئېيتقانلارلا ئىچەلەيدۇ. سەنمۇ پىرئەۋننىڭ يولىدىن قايتىپ مۇسانىڭ دىنىغا

كىرگەندىلا ئاندىن بۇ ساپ سۇنىڭ لەززىتىگە ئېرىشەلەيسەن!» دېدى. سىپتى قىبتىگە نەسىھەتنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

«ئاي بىلەن سۈلھى ھالىتىدە بولغىنىڭ، مەھتابنى كۆرگىن!»

(بۇ يەردىكى ئاي مۇسا ئەلەيھىسسالام؛ مەھتاپ بولسا، پەيغەمبەر مۆجىزىسىدۇر.)

«ئاللاھنىڭ قۇللىرىغا بولغان نەپرىتىڭ، سېنى كۆر ۋە گاس قىلىپ ئارىغا مىڭلارچە پەردە تارتىلىپتۇ! ئازغۇنلۇق ۋە كۇفرى ۋادىسىدا قايمۇقۇپ، ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇۋاتىسەن! تاغدەك كۇفرىڭنى ئىستىغپار بىلەن ئېرىتكى، ھىدايەتكە ئېرىشىسەن! ئۇ چاغدىلا مەرىپەتنى تاپقانلارنىڭ قەدەھلىرىدىن سەنمۇ نېسىۋەڭنى ئالىسەن!

ئاللاھ تائالا نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان تۇرۇقلۇق سەن بىر ھىلە بىلەن، يەنى مېنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى قانداق ئىچەلەيسەن؟ ئى قىبتى! نىل دەرياسىنىڭ ھەددىمۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تەرك ئېتىپ كاپىرلارغا سۇ بولسۇن!»

* * *

پىرئەۋن بۇ تەجەللىلەر ئالدىدا:

وَقَالَ فِرْعَوْنُ ذَرُونِي أَقْتُلْ مُوسَى وَلْيَدْعُ رَبَّهُ إِنِّي أَخَافُ أَن
يُبَدِّلَ دِينَكُمْ أَوْ أَن يُظْهِرَ فِي الْأَرْضِ الْفَسَادَ

**"پىرئەۋن ئېيتتى: «مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، مۇسا (ئۆزىنى مەندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) پەرۋەردىگارىنى چاقىرسۇن، مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى زېمىندا (يەنى دۆلەتتە) قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قورقىمەن»**. (سۈرە مۆئمىن، 26 - ئايەت)

پىرئەۋنىنىڭ مۇنداق دېيىشى، ئۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلغانلىقى، لېكىن يېنىدىكىلەرنىڭ بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

چۈنكى يېنىدىكىلەر پىرئەۋنگە:

«ئۇ سەن قورققۇدەك كىشى ئەمەس. سەن بولساڭ تەڭرى! ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ خەلقنىڭ كۆڭلىگە بىر شەك سېلىپ قويغان بولىسەن! ھەممەيلەن سېنىڭ، مۇسانىڭ مۆجىزىسى ئالدىدا ئاجىز قالغانلىقىڭنى ئويلايدۇ.» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پىرئەۋننىڭ سۆزلىرى، ئۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قانچىلىك قورققانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەسلىدە پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋىجدانىدا قوبۇل قىلاتتى، لېكىن غۇرۇ، كىبىر ۋە جاھىللىقى ئىمان ئېيتىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

پىرئەۋننىڭ بۇ پوزىتسىيىسى ئالدىدا:

وَقَالَ مُوسَى إِنِّي عُذْتُ بِرَبِّي وَرَبِّكُم مِّن كُلِّ مُتَكَبِّرٍ لَّا يُؤْمِنُ بِيَوْمِ الْحِسَابِ

**"مۇسا ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار (بولغان ئاللاھ) غا سېغىنىپ، ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)گە ئىشەنمەيدىغان ھەر بىر مۇتەكەببىر (نىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى) دىن پاناھ تىلەيمەن»** (سۈرە مۆئمىن، 27 - ئايەت)

بۇ سەۋەپتىن بەزى تەپسىر ئالىملىرى، بۇ مۆجىزىلەردىن كېيىن پىرئەۋننىڭ تېخىچە ئىمان ئېيتمىغانلىقىنىڭ ھېكمىتىنى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسىدىكى قارارلار بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

بۇ قارارلار:

1. ئاخىرەتكە ئىشەنمەسلىك،

2. تەكەببۇر بولۇش.

چۈنكى تەكەببۇر ھەممە كىشىنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرۈشنى خالايدۇ. بۇ سەۋەپتىن تەكەببۇرلۇق ھەدىس شەرىپتە چوڭ گۇناھ دەپ زىكىر قىلىنىدۇ:

«قەلبىدە تېرىقنىڭ ئۇرۇقىدەك ئىمان بولغان كىشى جەھەننەمگە كىرمەيدۇ. قەلبىدە تېرىقچىلىك كىبىر بولغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ.» (مۇسلىم، «ئىمان» ، 147)

كۆرگىنىمىزدەك، ئىماننىڭ قىممىتى شۇ قەدەر ئۇلۇغدۇركى، ئۇ ئىمان سايىسىدە ئىنسان ئىلاھى مەغپىرەتكە ئېرىشىپ گۇناھلىرىنىڭ كاپپارىتىنى تۆلىگەندىن كېيىن جەننەت نېمەتلىرىگە ئېرىشىدۇ. ئىبلىسنىڭ سۈپىتى بولغان كىبىرلىكمۇ ئۇ قەدەر ناچار سۈپەتتۇركى، جەننەتكە كىرىشكە توسقۇنلۇق قىلالىغۇدەك دەرىجىدە ئىماننى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

باشقا بىر ھەدىس شەرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كىشىنىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن، مۇسۇلمان قېرىندىشىنى پەس كۆرۈش كۇپايىدۇر!» (مۇسلىم، «بىرر»، 32؛ ئەبۇ داۋۇت، «ئەدەپ»، 35؛ تىرمىزى، «بىرر»، 18)

لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا كىبىر توغرىسىدىكى نەسىھىتى نېمىدېگەن گۈزەل:

وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ

**"...زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ."** (وقمان، 18)

ئىسرا سۈرىسىنىڭ 37 - ئايىتىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَلاَ تَمْشِ فِي الأَرْضِ مَرَحًا إِنَّكَ لَن تَخْرِقَ الأَرْضَ وَلَن تَبْلُغَ الْجِبَالَ طُولاً

**"سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن."** (سۈرە بەنى ئىسرائىل، 37 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا كىبىر ۋە غۇرۇر پاتقاقلىقىغا پېتىپ كەتكەن پىرئەۋن ۋە يېقىنلىرىنىڭ جازالىنىشىنىڭ ھېكمىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَمَا نُرِيهِم مِّنْ آيَةٍ إِلَّا هِيَ أَكْبَرُ مِنْ أُخْتِهَا وَأَخَذْنَاهُم بِالْعَذَابِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ

**"ئۇلارغا بىر - بىرىدىن كاتتا مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) قايتسۇن دەپ (تۈرلۈك) ئازابلار بىلەن جازالىدۇق."** (سۈرە زۇخرۇف، 48 - ئايەت)

ئايەت بىلەن تەربىيەلەنگەن بۇ مىللەت قىينچىلىق كەلگەندە قوزىدەك بولۇپ كەتتى. قىينچىلىقلار ئۆتۈپ كەتكەندە ئاسى بىر مەخلۇققا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى يۈزلىمچىلىكىنى ئاللاھ تائالا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

"وَلَمَّا وَقَعَ عَلَيْهِمُ الرِّجْزُ قَالُواْ يَا مُوسَى ادْعُ لَنَا رَبَّكَ بِمَا عَهِدَ عِندَكَ لَئِن كَشَفْتَ
عَنَّا الرِّجْزَ لَنُؤْمِنَنَّ لَكَ وَلَنُرْسِلَنَّ مَعَكَ بَنِي إِسْرَآئِيلَ

**"ئۇلارغا بالا نازىل بولغاندا، ئۇلار: «ئى مۇسا! پەرۋەردىگارىڭغا ئۆزىنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئەھدى بىلەن (يەنى ساڭا بەرگەن پەيغەمبەرلىكىنىڭ**

**ھەققى ھۆرمىتى بىلەن بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشكە) دۇئا قىلساڭ، ئاللاھقا قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن بىللە قويۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدى."** (سۈرە ئەئراف، 134 - ئايەت)

وَقَالُوا يَا أَيُّهَا السَّاحِرُ ادْعُ لَنَا رَبَّكَ بِمَا عَهِدَ عِندَكَ إِنَّنَا
لَمُهْتَدُونَ فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُمُ الْعَذَابَ إِذَا هُمْ يَنكُثُونَ

**"(ئۇلار ئازابنى كۆرگەندە) «ئى سېھىرگەر! پەرەۋەردىگارىڭغا ئۇنىڭ ساڭا بەرگەن (دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىشتىن ئىبارەت) ئەھدى بويىچە بىز ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ (ئەگەر ئۇ دۇئايىڭ بىلەن بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتسە)، بىز چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز» دېدى. (مۇسانىڭ دۇئاسى بىلەن) ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىنىمىزدە، ناگاھان ئۇلار (ئەھدىنى) بۇزۇپ (كۇفرىدا) چىڭ تۇردى."** (سۈرە زۇخرۇف، 49 - 50 - ئايەت)

فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُمُ الرِّجْزَ إِلَى أَجَلٍ هُم بَالِغُوهُ إِذَا هُمْ يَنكُثُونَ

**"ئۇلاردىن بالانى ۋاقىتلىق كۆتۈرۈۋەتكەن چېغىمىزدا، ئۇلار توساتتىن ئەھدىلىرىنى بۇزدى."** (سۈرە ئەئراف، 135 - ئايەت)

### پىرئەۋنىنىڭ سەپسەتىسى

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئالدىدا ئاجىز قالغان ۋە خەلقىنىڭ تەۋھىد دىنىغا كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن پىرئەۋن، نىل دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا ئېگىز بىر چېدىر قۇرۇپ، ئىككى يىل ئۇ يەردىن كېلىپ كەتكەنلەرگە:

«مۇساغا ئىشەنمەڭلار!» دېدى ۋە:

«سىلەر چۇقۇنغان ئىلاھلار بىلەن بىللە مەنمۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار!» دېدى.

وَنَادَى فِرْعَوْنُ فِي قَوْمِهِ قَالَ يَا قَوْمِ أَلَيْسَ لِي مُلْكُ مِصْرَ وَهَذِهِ الْأَنْهَارُ تَجْرِي مِن
تَحْتِي أَفَلَا تُبْصِرُونَ أَمْ أَنَا خَيْرٌ مِّنْ هَذَا الَّذِي هُوَ مَهِينٌ وَلَا يَكَادُ يُبِينُ

**"پىرئەۋن ئۆز قەۋمى ئىچىدە (پەخىرلەنگەن ھالدا) نىدا قىلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى، ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ (مېنىڭ بۇ بۈيۈكلۈكۈمنى) كۆرمەمسىلەر؟ بەلكى مەن ئۇچۇق**

**گەپ قىلالمايدىغان بۇ ئەرزىمەس ئادەمدىن (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن) ياخشىمەن»** (سۈرە زۇخرۇف، 51 - 52 - ئايەت)

پىرئەۋن ئۆزىنىڭ سەلتەنىتى، كۈچ - قۇدرىتى، بايلىقىغا ئىشىنىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىنىڭ كېكەچلىكىنى، مىسكىن ۋە ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ:

فَلَوْلَا أُلْقِيَ عَلَيْهِ أَسْوِرَةٌ مِّن ذَهَبٍ أَوْ جَاء مَعَهُ الْمَلَائِكَةُ مُقْتَرِنِينَ

**"نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا (ئاسماندىن) ئالتۇن بىلەيزۈكلەر تاشلانمىدى؟ ياكى نېمىشقا (ئۇنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلمىدى؟»** (سۈرە زۇخرۇف، 53 - ئايەت) دېدى.

مۇنداق بىركىشىنىڭ پەيغەمبەر بولالمايدىغانلىقىنى داۋراڭ قىلدى. مانا شۇنىڭدەك:

فَاسْتَخَفَّ قَوْمَهُ فَأَطَاعُوهُ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمًا فَاسِقِينَ

**"پىرئەۋن قەۋمىنى ئالدىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى."** (سۈرە زۇخرۇف، 54 - ئايەت)

**مىسىردىن چىقىش**

پىرئەۋن ۋە ئادەملىرى دۇنياۋى ئۈستۈنلىكىگە تايىنىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارنى ئەزدى. نۇرغۇن مۆجىزى كۆرستىلدى ۋە بېشىغا نۇرغۇن ئازاپ كەلگەن بولسىمۇ يەنىلا ئەقلىنى ئىشلەتمەي، ئىمان ئېيتىشنى خالىمىدى. نەتىجىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلار ھەققىدە دۇئا قىلىشقا مەجبۇر بولدى:

وَقَالَ مُوسَى رَبَّنَا إِنَّكَ آتَيْتَ فِرْعَوْنَ وَمَلأَهُ زِينَةً وَأَمْوَالاً فِي الْحَيَاةِ
الدُّنْيَا رَبَّنَا لِيُضِلُّواْ عَن سَبِيلِكَ رَبَّنَا اطْمِسْ عَلَى أَمْوَالِهِمْ وَاشْدُدْ عَلَى
قُلُوبِهِمْ فَلاَ يُؤْمِنُواْ حَتَّى يَرَوُاْ الْعَذَابَ الأَلِيمَ قَالَ قَدْ أُجِيبَت دَّعْوَتُكُمَا
فَاسْتَقِيمَا وَلاَ تَتَّبِعَآنِّ سَبِيلَ الَّذِينَ لاَ يَعْلَمُونَ

**"مۇسا ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! كىشىلەرنى يولۇڭدىن ئازدۇرۇشى ئۈچۈن - ئى پەرۋەردىگارىمىز! - پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا**

**ھاياتىي دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال - مۈلۈكلەرنى بەردىڭ، پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن» ئاللاھ ئېيتتى: «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار»** (سۈرە يۇنۇس، 88 - 89 - ئايەت)

ئۇنىڭدىن كېيىن قىبتى خەلقنى تىرە كىسەللىكى قاپلاپ كەتتى. ئۈچ كۈن قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى. ھەر قىبتى ئائىلىسگە ئوخشىمىغان مۇسىبەتلەر كېلىشكە باشلىدى. پىرئەۋن ئامالسىزلىقتىن بەنى ئىسرائىلنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدى. لېكىن ئاپەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە ھەر قېتىمقىدەك سۆزىدىن يېنىۋېلىشى مۇقەررەر ئىدى.

بۇ سەۋەپتىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىسرائىل قەۋمى بىلەن بىرلىكتە سۈۋەيشكە قاراپ كېچىسى يولغا چىقتى. ئۇ كۈنى سەھەردە پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكى پۈتۈن قىزلار ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلدى. قىزلىرىنىڭ ئۆلمى بىلەن پىرئەۋننىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپ

«بولارنى مۇسا قىلدى» دېدى.

پىرئەۋننىڭ قىزلىرىنىڭ دەپنە ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇشى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خېلى ۋاقىت يارىتىپ بەردى. پىرئەۋن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندا كېچىككەن ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى أَنْ أَسْرِ بِعِبَادِي إِنَّكُم مُّتَّبَعُونَ

**"بىز مۇساغا: «كېچىدە بەندىلىرىمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) ئېلىپ ئاتلانغىن. سىلەر ئەلۋەتتە قوغلىنىسىلەر، (يەنى پىرئەۋن ئۆز قەۋمى بىلەن سىلەرنى قوغلاپ چىقىدۇ)» دەپ ۋەھىيى قىلدۇق.** (سۈرە شۇئەرا، 52 - ئايەت)

وَلَقَدْ أَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى أَنْ أَسْرِ بِعِبَادِي فَاضْرِبْ لَهُمْ طَرِيقًا فِي الْبَحْرِ يَبَسًا لَّا تَخَافُ دَرَكًا وَلَا تَخْشَى

**"بىز شەك ـ شۈبھىسىز مۇساغا ۋەھيى قىلدۇقكى، «سەن مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە (مىسىردىن) ئېلىپ چىقىپ كەت، سەن (ھاساڭنى) دېڭىزغا ئۇرۇپ ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن، (پىرئەۋننىڭ ئارقاڭدىن قوغلاپ) يېتىۋېلىشىدىن قورقمىغىن، (دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ) قورقمىغىن»** . (سۈرە تاھا، 77 - ئايەت)

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان پىرئەۋن ھودۇقۇش ئىچىدە قالدى.

فَأَرْسَلَ فِرْعَوْنُ فِي الْمَدَائِنِ حَاشِرِينَ إِنَّ هَؤُلَاءِ لَشِرْذِمَةٌ قَلِيلُونَ

وَإِنَّهُمْ لَنَا لَغَائِظُونَ وَإِنَّا لَجَمِيعٌ حَاذِرُونَ

**"پىرئەۋن شەھەرلەرگە (ئەسكەر) توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى. "(پىرئەۋن ئېيتتىكى) «بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويدى. بىز ھەقىقەتەن ئېھتىياتچان جامائەمىز»** . (سۈرە شۇئەرا، 53 - 56 - ئايەت)

نەتىجىدە پىرئەۋن لەشكەرلىرىنى توپلاپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسرائىل قەۋمىنىڭ پېيىغا چۈشتى:

فَأَتْبَعُوهُم مُّشْرِقِينَ فَلَمَّا تَرَاءَى الْجَمْعَانِ قَالَ أَصْحَابُ مُوسَى

إِنَّا لَمُدْرَكُونَ قَالَ كَلَّا إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهْدِينِ

**"ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى) ئۇلارنى كۈن چىققان چاغدا قوغلاپ چىقتى. ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ئادەملىرى: «ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى)بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى» دېدى. مۇسا ئېيتتى: «ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ»** (سۈرە شۇئەرا، 60 - 62 - ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا قىزىل دېڭىز، ئارقىسىدا پىرئەۋننىڭ قوشۇنلىرى بار ئىدى.

**قىزىل دېڭىز: سالامەت ۋە پالاكەت دېڭىزى**

فَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى أَنِ اضْرِب بِّعَصَاكَ الْبَحْرَ فَانفَلَقَ فَكَانَ كُلُّ فِرْقٍ كَالطَّوْدِ الْعَظِيمِ

**"بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋېدى) دەريا يېرىلدى، (ھەر بىر يېرىلغان قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى."** (سۈرە شۇئەرا، 63 - ئايەت)

ئىككى تەرىپى تاغلاردەك سۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يوللاردىن، بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئۆتۈشكە باشلىدى. ھەتتا ئىسرائىل ئوغۇللىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:

«ئى مۇسا! بىر-بىرىمىزنى كۆرۈشمىز ئۈچۈن ئارىمىزغا يوچۇق ئاچساڭ!» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. سۇ دولقۇنلىرى ئارىسىدا يوچۇق ئېچىلىپ، دېڭىزدىن ئۆتكۈچە بىر-بىرلىرىنى كۆرۈپ تۇردى.

پىرئەۋن قوشۇنلىرىغا قاراپ:

«دېڭىزغا قاراڭلار! مېنىڭ ئالدىمدا كەتكەن قۇللىرىمغا يېتىششىم ئۈچۈن ھەيۋىتىمدىن يول ھالىتىگە كەلگىنىنى!»

يەنى پىرئەۋن، دېڭىزنىڭ ئايرىلىشىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بىلەن ئەمەس بەلكى، ئۆزىنىڭ ھەيۋىتىدىن بولغانلىقىغا ئىشەنگۈدەك دەرىجىدە غەپلەت ۋە جاھالەتتە ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن قوشۇنلىرىغا:

«ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىمەن! دېڭىزغا يۈرۈڭلار!»

دەپ بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ يەنىلا بىر ئاز ئىككىلىنىپ قېلىپ، ۋاز كېچىشنى ئويلىدى. رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە ئۇ ئەسنادا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر ئاق ئات ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە:

«قېنى يۈرۈڭلار!» دېدى.

مىكائىل ئەلەيھىسسالاممۇ پىرئەۋنىنىڭ قوشۇنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئارقىدا قالغانلارغا:

«چاپسان بولۇڭلار كەينىدە قالماڭلار، يۈرۈڭلار!» دەپ مەدەت بەردى.

نەتىجىدە پۈتۈن قوشۇن ئاتلاندى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَأَزْلَفْنَا ثَمَّ الْآخَرِينَ

**"ئىككىنچى بىر گۇرۇھنى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنىنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئارقىسىدىن دەرياغا كىرگۈزدۇق)** (سۈرە شۇئەرا، 64-ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە قەۋمىنىڭ ئارقىسىدىن، پىرئەۋن ۋە قوشۇنلىرىمۇ دېڭىزدە ئېچىلغان يولغا كىردى. لېكىن ئىلاھى قەھرىنىڭ تەجەللىسى بىلەن ئۇ كەڭ دېڭىز ئىچىدە غەرق بولۇپ كەتتى.

وَأَنجَيْنَا مُوسَى وَمَن مَّعَهُ أَجْمَعِينَ ثُمَّ أَغْرَقْنَا الْآخَرِينَ

**"مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق. ئاندىن ئىككىنچى گۇرۇھنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمىنى) غەرق قىلدۇق."** (سۈرە شۇئەرا، 65-66-ئايەت)

فَانتَقَمْنَا مِنْهُمْ فَأَغْرَقْنَاهُمْ فِي الْيَمِّ بِأَنَّهُمْ كَذَّبُواْ بِآيَاتِنَا وَكَانُواْ عَنْهَا غَافِلِينَ

**"ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ جازالىدۇق."** (سۈرە ئەئراف، 136-ئايەت)

فَلَمَّا آسَفُونَا انتَقَمْنَا مِنْهُمْ فَأَغْرَقْنَاهُمْ أَجْمَعِينَ فَجَعَلْنَاهُمْ سَلَفًا وَمَثَلًا لِلْآخِرِينَ

**"ئۇلار بىزنى دەرغەزەپ قىلغاندا، ئۇلارنى بىز (ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن) جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (دېڭىزدا) غەرق قىلدۇق. ئۇلارنى بىز (كۇففارلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولۇشىدا) كېيىنكىلەرگە نەمۇنە ۋە ئىبرەت قىلدۇق."** (سۈرە زۇخرۇف، 55-56-ئايەت)

إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَةً وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ

**"بۇنىڭدا (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ غەرق بولۇشىدا) ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى."** (سۈرە شۇئەرا، 67-ئايەت)

ئاللاھنىڭ لۇتپى بىلەن بەنى ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى قۇتۇلدى. ئۇ كۈن مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10-كۈنى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇ كۈنى شۈكۈر روزىسى تۇتۇلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئېھسانىنى ئايەتتە مۇنداق ئەسلىتىدۇ:

وَإِذْ نَجَّيْنَاكُم مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوَءَ الْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءكُمْ
وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءكُمْ وَفِي ذَلِكُم بَلاء مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ وَإِذْ فَرَقْنَا بِكُمُ الْبَحْرَ
فَأَنجَيْنَاكُمْ وَأَغْرَقْنَا آلَ فِرْعَوْنَ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ

**"ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى قاتتىق قىينىغان، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرغان پىرئەۋن گۇرۇھىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ (ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى ئاجرىتىدىغان) چوڭ سىنىقى ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا دېڭىزنى يېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزدۇق (يەنى دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ، قۇرۇق يول ھاسىل قىلىپ، شۇ يەردىن سىلەرنى سالامەت ئۆتكۈزدۇق) ۋە پىرئەۋن گۇرۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلدۇق."** (سۈرە بەقەرە، 49 - 50 - ئايەت)

**قوبۇل قىلىنمىغان ئىمان: پىرئەۋن ئىمانى**

وَجَاوَزْنَا بِبَنِي إِسْرَائِيلَ الْبَحْرَ فَأَتْبَعَهُمْ فِرْعَوْنُ وَجُنُودُهُ بَغْيًا وَعَدْوًا حَتَّى إِذَا أَدْرَكَهُ
الْغَرَقُ قَالَ آمَنتُ أَنَّهُ لا إِلِهَ إِلاَّ الَّذِي آمَنَتْ بِهِ بَنُو إِسْرَائِيلَ وَأَنَاْ مِنَ الْمُسْلِمِينَ

**"بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيريي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى."** (سۈرە يۇنۇس، 90 - ئايەت)

قىزىل دېڭىزدا بوغۇلۇش ئالدىدا ئامالسىز ئىمان ھالقىسىغا ئېسىلىۋالماقچى بولغان پىرئەۋنگە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى:

آلآنَ وَقَدْ عَصَيْتَ قَبْلُ وَكُنتَ مِنَ الْمُفْسِدِينَ فَالْيَوْمَ نُنَجِّيكَ بِبَدَنِكَ لِتَكُونَ لِمَنْ
خَلْفَكَ آيَةً وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ النَّاسِ عَنْ آيَاتِنَا لَغَافِلُونَ

**"(ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) «(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ. "سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ**

**قويىمىز)» . نۇرغۇن كىشىلەر، شەك - شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر."** (سۈرە يۇنۇس، 91 - 92 - ئايەت)

مۇپەسسىر زەمەخشەرى بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ:

«سېنى دېڭىز قىرغاقلىرىغا ئاتىمىز. جەسىتىڭنى تولۇق ۋە نوقساسىز، بۇزۇلمىغان ۋە كىيىمسىز ھالەتتە سەندىن بىر قانچە ئەسىر كېيىن كېلىدىغانلار ئۈچۈن ئىبرەت قىلىپ ساقلايمىز.»

يېقىنقى زامانلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردە، پىرئەۋننىڭ جەسىتى دېڭىز ساھىلىدا سەجدە قىلغان ھالدا تېپىلدى. بۇ جەسەت ھازىر ئەنگلىيە مۇزىيخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىبرەت بىلەن زىيارەت قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقەت جانابى ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغىنىدەك قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان بىر مۆجىزىسىدۇر.

پىرئەۋننىڭ جەسىتى ئەسىرلەر بويى قىزىل دېڭىزدا قالغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن سېسىمىدى. قۇرئان خەۋەر قىلغاندەك، جەسىتى ساقلىنىپ ئەسىرلەردىن كېيىن دېڭىز قىرغىقىغا ئۇرۇلدى. شۇنىڭدەك ئۈچ مىڭ يىلدىن كېيىن تېپىلىپ ئالەمگە ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن ئەنگلىيەدە بىر مۇزىيخانىغا قويۇلدى.

## قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن

مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنى كەنئان دىيارىغا ئېلىپ باردى.

ئۇلار يولدا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇت ۋە موزايغا چوقۇنغان بىر قەۋمنى كۆردى.

«ئى مۇسا بىزگىمۇ مۇنداق بىر نەرسە ياسىغىن. ئۇنىڭغا چوقۇنايلى!» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى:

«ئاللاھ سىلەرنى بىر زۇلۇمدىن قۇتقۇزدى. قىبتىلەر سىلەرنىڭ ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ قىزلىرىڭلارنى خىزمەتچى قىلىپ ئىشلەتكەن ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ سىلەر ئاللاھقا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلەر؟» دېدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَجَاوَزْنَا بِبَنِي إِسْرَآئِيلَ الْبَحْرَ فَأَتَوْاْ عَلَى قَوْمٍ يَعْكُفُونَ عَلَى أَصْنَامٍ لَّهُمْ قَالُواْ يَا مُوسَى اجْعَل لَّنَا إِلَهًا كَمَا لَهُمْ آلِهَةٌ قَالَ إِنَّكُمْ قَوْمٌ تَجْهَلُونَ

**"ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز (قۇلزۇم) دېڭىزىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېدى. مۇسا: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى."** (سۈرە ئەئراف، 138 - ئايەت)

إِنَّ هَؤُلاء مُتَبَّرٌ مَّا هُمْ فِيهِ وَبَاطِلٌ مَّا كَانُواْ يَعْمَلُون قَالَ أَغَيْرَ اللّهِ أَبْغِيكُمْ إِلَهًا وَهُوَ فَضَّلَكُمْ عَلَى الْعَالَمِينَ وَإِذْ أَنجَيْنَاكُم مِّنْ آلِ فِرْعَونَ يَسُومُونَكُمْ سُوَءَ الْعَذَابِ يُقَتِّلُونَ أَبْنَاءكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءكُمْ وَفِي ذَلِكُم بَلاء مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ

**"شۈبھىسىزكى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ باتىل دىنلىرى گۇمران بولغۇسىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر. مۇسا: «ئاللاھ سىلەرنى (زامانىڭلاردىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلغان تۇرسا، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ئىزدەمدىم؟» دېدى. ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن قۇتقۇزدۇق، ئۇلار سىلەرگە قاتتىق ئازابنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرەتتى، ئاياللىرىڭلارنى (خورلاپ ئىشلىتىشكە) ئېلىپ قالاتتى، بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلاردىن سىلەرگە زور سىناق بار ئىدى."** (سۈرە ئەئراف، 139 - 140 - 141 - ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام 12.000 كىشىلىك ئىككى قوشۇن تەييارلاپ مىسىرغا ئەۋەتتى. كىچىك باللار، ياشانغانلار ۋە كېسەللەردىن باشقا ھېچكىم قالمىغانىدى. قوشۇننىڭ بېشىدا يۇشا بىن نۇن ئەلەيھىسسالام، يەنە بىرىنىڭ بېشىدا قالىپ بىن يۇھنە بار ئىدى. ئۇلار غەنىيمەتلەر بىلەن قايتتى، ئېلىپ كېتەلمىگەنلىرىنى ساتتى. قىبتىلەر پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى. بۇ ئەھۋالنى قۇرئان مۇنداق بايان قىلىدۇ:

فَأَخْرَجْنَاهُم مِّن جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ* وَكُنُوزٍ وَمَقَامٍ كَرِيمٍ

**"بىز ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى) باغلاردىن، بۇلاقلاردىن، خەزىنىلەردىن ۋە ئېسىل تۇرالغۇدىن ئايرىۋەتتۇق."** (سۈرە شۇئەرا، 57 - 58 - ئايەت)

وَأَوْرَثْنَا الْقَوْمَ الَّذِينَ كَانُواْ يُسْتَضْعَفُونَ مَشَارِقَ الأَرْضِ وَمَغَارِبَهَا الَّتِي بَارَكْنَا فِيهَا وَتَمَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ الْحُسْنَى عَلَى بَنِي إِسْرَآئِيلَ بِمَا صَبَرُواْ وَدَمَّرْنَا مَا كَانَ يَصْنَعُ فِرْعَوْنُ وَقَوْمُهُ وَمَا كَانُواْ يَعْرِشُونَ

**"بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە غەرب تەرەپلىرىگە (يەنى ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى)نى ۋە ياسىغانلىرى (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى) نى ۋەيران قىلدۇق."** (سۈرە ئەئراف، 137 - ئايەت)

كَذَلِكَ وَأَوْرَثْنَاهَا بَنِي إِسْرَائِيلَ

**"شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى بەنى ئىسرائىلغا مىراس قىلىپ بەردۇق."** (سۈرە شۇئەرا، 59 - ئايەت)

كَمْ تَرَكُوا مِن جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ وَزُرُوعٍ وَمَقَامٍ كَرِيمٍ وَنَعْمَةٍ كَانُوا فِيهَا فَاكِهِينَ كَذَلِكَ وَأَوْرَثْنَاهَا قَوْمًا آخَرِينَ فَمَا بَكَتْ عَلَيْهِمُ السَّمَاءُ وَالْأَرْضُ وَمَا كَانُوا مُنظَرِينَ

**"ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى قالدۇردى. ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى باشقىلارغا (يەنى بەنى ئىسرائىلغا) مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى."** (سۈرە دۇخان، 25 - 29 - ئايەت)

جانابى ئاللاھ ئىلاھى ئازاپقا دۇچار بولغان قەۋمنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى ۋە تارىخنىڭ ئەخلەتخانىلىرىدا يوقاپ كەتكەنلىكىنى، تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق سۆپەتلەپ بېرىدۇ:

وَكَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّن قَرْنٍ هَلْ تُحِسُّ مِنْهُم مِّنْ أَحَدٍ أَوْ تَسْمَعُ لَهُمْ رِكْزًا

**"ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن بىرەر ئەھەدىنى كۆرەلەمسەن؟ ياكى ئۇلاردىن بىرەر پەس ئاۋاز ئاڭلىيالامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق تەلتۆكۈس ھالاك قىلىندىكى، ئۇلاردىن كۆرگىلى ۋە ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى ھېچ ئەھەدى قالمىدى)."** (سۈرە مەريەم، 98- ئايەت)

**ئەرىھا دىيارىدا ئەمالىقالار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە تىھ سەھراسى**

وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ يَا قَوْمِ اذْكُرُواْ نِعْمَةَ اللّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ جَعَلَ فِيكُمْ أَنبِيَاء

وَجَعَلَكُم مُّلُوكًا وَآتَاكُم مَّا لَمْ يُؤْتِ أَحَدًا مِّن الْعَالَمِينَ

**"ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد قىلىڭلار، ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (يەنى ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلارغا خوجا قىلدى). سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دەريانى يېرىپ ئۆتتۈرىسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق) نېمەتلەرنى بەردى."** (سۈرە مائىدە، 20- ئايەت)

بۇ ئايەتلەر مۇسا ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى ئىسرائىل ئوغۇللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ سەۋەپتىن مەيلى ئۇلارغا ھېچكىمگە بېرىلمىگەن نېمەتلەرنىڭ ئۇلارغا بېرىلگەنلىكى بولسۇن ياكى مۇقەددەس تۇپراقلارنىڭ ئۇلارغا ۋەتەن قىلىپ بېرىلىشى بولسۇن ھەممىسى ئۇ زامانغا ئائىتتۇر. چۈنكى يۇزلەرچە ئايەت ۋە ھەدىس شەرىپلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ۋە كېلىچەكتىكى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز بىر لۇتپى ۋە نېمىتى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. مۇقەددەس تۇپراقلارغا كىمنىڭ ۋارىس بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالانىڭ تەيىن قىلىشى مۇنداق:

وَلَقَدْ كَتَبْنَا فِي الزَّبُورِ مِن بَعْدِ الذِّكْرِ أَنَّ الْأَرْضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ الصَّالِحُونَ

**"بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق."** (سۈرە ئەنبىيا، 105- ئايەت)

بۇ ئايەت زۇلۇمنىڭ ۋە زالىملارنىڭ ھەر زامان پايدا ئىچىدە بولمايدىغانلىقى، ياخشىلىقنىڭ ئەبەدى يامانلىقنىڭ بولسا ۋاقىتلىق ئىكەنلىكى؛ ھاكىمىيەتنىڭ ئاخىرىدا سالىھلارنىڭ قولىغا ئۆتىدىغانلىقىنىڭ تەقدىر قىلىنغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ ئىسلامنىڭ دۇنيا ھاياتى ھەققىدىكى ئالەمشۇمۇل نەزىرىيەسىنى نامايەن قىلىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى كەنئان دىيارىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇلار مەۋئۇد دېگەن يەرگە چۆشمەكچى ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەر ئايماقتىن بىردىن ۋەكىل تاللاپ، يۇشا بىن نۇن ۋە قالىپ بىن يۇھەننانىڭ باشچىلىقىدا ئۇ يەردىكى قەۋمنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ كېلىشكە ئەۋەتتى. كۆزەتچىلەر ئەمالىقلارنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆردى. لېكىن بۇنى قورقۇنچ ۋە ئەندىشىگە سەۋەپ بولماسلىقى، روھى چۈشكۈنلۈككە چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەۋمگە بايان قىلماسلىق ھەققىدە كېلىشتى. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىشنى بۇيرىغان ئىدى. لېكىن يۇشا بىن نۇن ۋە قالىپ بىن يۇھەننەدىن باشقىلىرى، ئەھۋالنى قەۋمگە ئېيتتى. ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئۇرۇش قىلىشتىن چېكىندى:

يَا قَوْمِ ادْخُلُوا الأَرْضَ المُقَدَّسَةَ الَّتِي كَتَبَ اللّهُ لَكُمْ وَلاَ تَرْتَدُّوا عَلَى أَدْبَارِكُمْ فَتَنقَلِبُوا خَاسِرِينَ قَالُوا يَا مُوسَى إِنَّ فِيهَا قَوْمًا جَبَّارِينَ وَإِنَّا لَن نَّدْخُلَهَا حَتَّىَ يَخْرُجُواْ مِنْهَا فَإِن يَخْرُجُواْ مِنْهَا فَإِنَّا دَاخِلُونَ

**"ئى قەۋمىم! ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان (يەنى سىلەرنى كىرىشكە ئەمىر قىلغان) مۇقەددەس زېمىنغا (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا (ئىككىلا دۇنيادا) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» ئۇلار: «ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك (يەنى جاسارەتلىك، قامەتلىك) بىر قەۋم بار (ئۇلار ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئەمالىقەلەر)، ئۇلار چىقىپ كەتمىگىچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇيەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز» دېدى."** (سۈرە مائىدە، 21-22-ئايەت)

قَالَ رَجُلاَنِ مِنَ الَّذِينَ يَخَافُونَ أَنْعَمَ اللّهُ عَلَيْهِمَا ادْخُلُواْ عَلَيْهِمُ الْبَابَ فَإِذَا دَخَلْتُمُوهُ فَإِنَّكُمْ غَالِبُونَ وَعَلَى اللّهِ فَتَوَكَّلُواْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ

**"ئاللاھتىن قورققۇچىلاردىن بولغان، ئاللاھنىڭ (ئىمان تائەتتىن ئىبارەت) نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم (يەنى كالىب ئىبنى يەفۇننە بىلەن يۇشە ئىبنى نۇن) ئۇلارغا: «(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار، (شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر (ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىڭلار» دېدى."** (سۈرە مائىدە، 23 - ئايەت)

قَالُواْ يَا مُوسَى إِنَّا لَن نَّدْخُلَهَا أَبَدًا مَّا دَامُواْ فِيهَا فَاذْهَبْ
أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَاتِلا إِنَّا هَاهُنَا قَاعِدُونَ

**"ئۇلار: «ئى مۇسا! مادامىكى، ئۇلار مۇقەددەس يەردە ئىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېدى."** (سۈرە مائىدە، 24 - ئايەت)

چۈنكى پىرئەۋن زۇلمىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇ يامان كۈنلەرنى ئۇنۇتقان ئىسرائىل ئوغۇللىرى، دۇنيا نېمەتلىرىگە ئېرىشىپ راھەتلىككە كۆنۈپ قالغان ئىدى. دۇنيا ھەۋىسى كۆپىيىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قۇدرەت ھالۋىسى ۋە بۆدۈنە گۆشى تەلەپ قىلدى. بۇ نېمەتلەر ھەر كۈن بېرىلدى. بولارغا قوشۇپ مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن تاشقا ئۇرۇپ ئۇ يەردىن ئون ئىككى بولاق ھاسىل قىلدى.

جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَظَلَّلْنَا عَلَيْكُمُ الْغَمَامَ وَأَنزَلْنَا عَلَيْكُمُ الْمَنَّ وَالسَّلْوَى كُلُواْ مِن طَيِّبَاتِ
مَا رَزَقْنَاكُمْ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَكِن كَانُواْ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ

**"سىلەرگە بولۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (بىز سىلەرگە) «رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەپ - ئىچىڭلار» (دېدۇق). ئۇلار (نېمەتلىرىمىزگە ناشۈكرلۇق قىلىش بىلەن) بىزگە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلدى."**

(سۈرە بەقەرە، 57 - ئايەت)

وَإِذِ اسْتَسْقَى مُوسَى لِقَوْمِهِ فَقُلْنَا اضْرِب بِّعَصَاكَ الْحَجَرَ فَانفَجَرَتْ مِنْهُ اثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْناً قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ كُلُواْ وَاشْرَبُواْ مِن رِّزْقِ اللَّهِ وَلاَ تَعْثَوْاْ فِي الأَرْضِ مُفْسِدِينَ

"ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: «هاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دېدۇق. تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەممە ئادەم (يەنى قەبىلە) ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى، (ئۇلارغا) «ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» (دېدۇق)." (سۈرە بەقەرە، 60 - ئايەت)

وَقَطَّعْنَاهُمُ اثْنَتَيْ عَشْرَةَ أَسْبَاطًا أُمَمًا وَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى إِذِ اسْتَسْقَاهُ قَوْمُهُ أَنِ اضْرِب بِّعَصَاكَ الْحَجَرَ فَانبَجَسَتْ مِنْهُ اثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْنًا قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ وَظَلَّلْنَا عَلَيْهِمُ الْغَمَامَ وَأَنزَلْنَا عَلَيْهِمُ الْمَنَّ وَالسَّلْوَى كُلُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَكِن كَانُواْ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ

"ئۇلار (يەنى ئىسرائىل)نى 12 تارماققا (يەنى قەبىلىگە) جامائەلەر قىلىپ بۆلۈۋەتتۇق. مۇسانىڭ قەۋمى (باياۋاندا) ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلغاندا، مۇساغا: «هاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دەپ ۋەھيي قىلدۇق. (مۇسا ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇۋىدى) ئۇنىڭدىن (قەبىلىلەرنىڭ سانى بويىچە) 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەر قەبىلە ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى. ئۇلارغا بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، ئۇلارغا تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى): «سىلەر بىز رىزىقلاندۇرغان لەززەتلىك نەرسىلەردىن يەڭلار». (ئۇلار بۇ ئۇلۇغ نېمەتلەرگە ناشۈكۈرلۇق قىلىش بىلەن) بىزگە زىيان سالغىنى يوق، (ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىشلىرى بىلەن) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم سالدى." (سۈرە ئەئراف، 160 - ئايەت)

يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ قَدْ أَنجَيْنَاكُم مِّنْ عَدُوِّكُمْ وَوَاعَدْنَاكُمْ جَانِبَ الطُّورِ الأَيْمَنَ وَنَزَّلْنَا عَلَيْكُمُ الْمَنَّ وَالسَّلْوَى كُلُوا مِن طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ وَلَا تَطْغَوْا فِيهِ فَيَحِلَّ عَلَيْكُمْ

غَضَبِي وَمَن يَحْلِلْ عَلَيْهِ غَضَبِي فَقَدْ هَوَى وَإِنِّي لَغَفَّارٌ لِّمَن
تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا ثُمَّ اهْتَدَى

**"ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرنى ھەقىقەتەن دۈشمىنىڭلاردىن قۇتقۇزدۇق، (مۇناجات ئۈچۈن ۋە مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلىش ئۈچۈن) سىلەرگە (تۇرى سىنا)نىڭ ئوڭ تەرىپىنى ۋەدە قىلدۇق، سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (ئېيتتۇقكى) «بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك ـ ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، بۇ ھەقتە چەكتىن ئاشماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) سىلەرگە غەزىپىم نازىل بولىدۇ، كىمگە مېنىڭ غەزىپىم نازىل بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم ھالاك بولىدۇ. تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن» ."** (سۈرە تاھا، 80 - 82 - ئايەت)

ئىسرائىل قەۋمى تەلىپى تۈگىمەيدىغان، قانائەتسىز ۋە سەۋر تاقەتسىز بىر قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنە پەيغەمبەرلىرىگە يۈك بولىشنى داۋاملاشتۇرۇپ نانكورلۇق قىلدى. تۆۋەندىكى ئايەت بۇ قەۋمنىڭ نانكورلۇقىنى مۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ:

وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَى لَن نَّصْبِرَ عَلَىَ طَعَامٍ وَاحِدٍ فَادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنبِتُ
الأَرْضُ مِن بَقْلِهَا وَقِثَّآئِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا قَالَ أَتَسْتَبْدِلُونَ الَّذِي هُوَ أَدْنَى
بِالَّذِي هُوَ خَيْرٌ اهْبِطُواْ مِصْراً فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلْتُمْ وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ وَالْمَسْكَنَةُ
وَبَآؤُوْاْ بِغَضَبٍ مِّنَ اللَّهِ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَانُواْ يَكْفُرُونَ بِآيَاتِ اللَّهِ وَيَقْتُلُونَ النَّبِيِّينَ بِغَيْرِ
الْحَقِّ ذَلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعْتَدُونَ

**"ئۆز ۋاقتىدا (سىنا چۆلىدە تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنە بىلەنلا ئوزۇقلىنىۋاتقىنىڭلاردا) سىلەر: «ئى مۇسا! بىز بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېدىڭلار، مۇسا: «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشمەكچىمۇسىلەر؟ (يەنى پىياز، سامساق، كۆكتاتنى تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىدىن ئارتۇق**

كۆرەمسىلەر؟) بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، (شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار» دېدى. ئۇلار خارلىقتا، موھتاجلىقتا قالدى. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى تۈپەيلىدىن بولدى."
(سۈرە بەقەرە، 61 - ئايەت)

قَالَ رَبِّ إِنِّي لا أَمْلِكُ إِلاَّ نَفْسِي وَأَخِي فَافْرُقْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ قَالَ فَإِنَّهَا مُحَرَّمَةٌ عَلَيْهِمْ أَرْبَعِينَ سَنَةً يَتِيهُونَ فِي الأَرْضِ فَلاَ تَأْسَ عَلَى الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ

"مۇسا دېدى: «پەرۋەردىگارىم! مەن پەقەت ئۆزۈمگە ۋە قېرىندىشىلىرىمغىلا ئىگىمەن، سەن بىز بىلەن (ئىتائەتتىن چىققان) قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن. ئاللاھ دېدى: «ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەرگە كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلىندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ[5]. پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن» (سۈرە مائىدە، 25 - 26 - ئايەت)

وَلَقَدْ أَخَذَ اللّهُ مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَآئِيلَ وَبَعَثْنَا مِنهُمُ اثْنَيْ عَشَرَ نَقِيبًا وَقَالَ اللّهُ إِنِّي مَعَكُمْ لَئِنْ أَقَمْتُمُ الصَّلاَةَ وَآتَيْتُمُ الزَّكَاةَ وَآمَنتُم بِرُسُلِي وَعَزَّرْتُمُوهُمْ وَأَقْرَضْتُمُ اللّهَ قَرْضًا حَسَنًا لَّأُكَفِّرَنَّ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَلأُدْخِلَنَّكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ فَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ مِنكُمْ فَقَدْ ضَلَّ سَوَاء السَّبِيلِ

"شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مەھكەم ئەھدە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (يەنى ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەر بىرىسىدىن بىردىن) ئون ئىككى باشلىقنى (كېپىللىك ئۈچۈن جەببارلارغا يەنى ئەمالىقەلەرگە) ئەۋەتتۇق ھەمدە ئاللاھ: «مەن سىلەرگە ياردەم بېرىمەن، (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى) ئەگەر سىلەر نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتىسەڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلار ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلىڭلارنى سەرپ قىلساڭلار)، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ

5. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئاللاھ ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارنى زېمىندا 40 يىل ئاداشتۇردى.

**گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن، سىلەرنى ئەلۋەتتە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. شۇنىڭدىن (يەنى مەھكەم ئەھدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى (ئەمر قىلغان نەرسىلىرىمنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ» دېدى."** (سۈرە مائىدە، 12 - ئايەت)

بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بېغىشلىغان نېمەتلىرىگە نانكورلۇق قىلىپ، ئۇلۇغ ئەزىم پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆچىنچىسى بولغان مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى پوزىتسىيە بىلدۈردى ھەتتا ھەددىدىن ئېشىپ پەيغەمبەرلىرىگە:

«ئۇرۇشقا سەن رەببىڭ بىلەن بىللە چىققىن. ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بىز سېنىڭ ئارقاڭدىن كېلىمىز!» دېدى.

بۇ سەۋەبتىن جانابى ئاللاھ ئۇلارنى قىرىق يىل بويىچە ئىنسانىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشى ناھايىتى قىيىن بولغان تىھ چۆلىدە قايمۇقۇپ يۈرۈشكە مەھكۇم قىلدى.

قاچان بۇ يەردىن چىقىشقا تىرىشسا، چۆگىلەپ كېلىپ يەنە ئەينى دائىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدى. تاكى يېڭى بىر نەسىل يېتىشىپ چىققانغا قەدەر شۇنداق داۋاملاشتى.

نەتىجىدە بۇ مۆمىن ۋە روھلۇق يېڭى نەسىل بىلەن ئۇ يەردىكى زۇمىگەر قەۋم ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، مەۋئۇدقا كىردى. شەرئى دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يەرلەر ئىگەللىنىپ مەۋئۇدقا ئولتۇراقلاشتى. بۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشتى.

**تەۋراتنىڭ نازىل قىلىنىشى**

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە مىسىردىن چىقىپ دۈشمەنلىرىدىن قۇتۇلغاندا، قەۋمىگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن بىر كىتاب كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى ئورنىغا ۋەكىل قىلىپ:

«سەن بولارنىڭ خاتالىرىنى تۈزەت! مەن ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن تۇر تېغىغا كېتىۋاتىمەن. ئۇ يەردە ئوتتۇز كۈن روزا تۇتىمەن. ئاللاھدىن نازىل بولىدىغان يېڭى بىر كىتاب بىلەن قايتىپ كېلىمەن!» دېدى.

لېكىن توزكور قەۋم:

«ئى مۇسا! يېنىڭدا بىزدىن گۇۋاھچىلارنىڭ بولۇشىنى خالايمىز!» دېدى.
72 گۇۋاھچى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇر تېغىغا باردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋەدە قىلىنغان كىتاپنىڭ بېرىلىشى ئۈچۈن جانابى ئاللاھقا دۇئا قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇشنى بۇيرىدى. بۇ زۇلقەئدىنىڭ ئوتتۇز كۈنىدۇر. كېيىن زۇلھەججىنىڭ تۇنجى ئون كۈنى بىلەن بۇ روزا قىرىق كۈن بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كىتاب نازىل قىلىنىپ، ئۇنىڭغا قەۋمنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋەزىپىسى بېرىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَوَاعَدْنَا مُوسَى ثَلاَثِينَ لَيْلَةً وَأَتْمَمْنَاهَا بِعَشْرٍ فَتَمَّ مِيقَاتُ رَبِّهِ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً وَقَالَ مُوسَى لأَخِيهِ هَارُونَ اخْلُفْنِي فِي قَوْمِي وَأَصْلِحْ وَلاَ تَتَّبِعْ سَبِيلَ الْمُفْسِدِينَ

**"مۇساغا (بىزگە مۇناجات قىلىشقا) ئوتتۇز كېچىنى ۋەدە قىلدۇق. ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتۇق، شۇنىڭ بىلەن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ۋەدە قىلغان ۋاقتى 40 كېچە بولدى. مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا: «(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دېدى."**

(سۈرە ئەئراف، 142 - ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەزىپە ئۈچۈن كېرەك بولغان، كامالەتكە ئېرىشتۈرىدىغان روزا، زۆھد (تەقۋالىق)، ئىبادەت، دۇئا، مۇراقەبە (ئۆزىنى تىزگىنلەش)، ئىچىنى پاكلاشتۇرۇش ۋە تەپەككۇر ئۈچۈن تۇر تېغىدا قىرىق كۈنلۈك دەۋەت قىلىندى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ قىرىق كېچە ئىچىدە رەببى بىلەن كۆرۈشۈشكە تەييارلىناتتى. ئۇ ئاسماننىڭ جىمجىتلىقىغا غەرق بولۇش ۋە زېمىننىڭ مەشغۇلىيەتلىرىدىن يىراقلىشىش؛ نەتىجىدە بۇ چەكسىز كائىناتتا ئۇلۇغ ياراتقۇچىغا ئۇلىشىپ، مەنە دېڭىزىغا غەرق بولۇش ئۈچۈن تۇر تېغىدا باشقا ئىنسانلاردىن ئايرىم بىر ھايات كەچۈردى. چۈنكى روھنى پاكلاشتۇرۇپ ئايدىڭلاشتۇرىشى ۋە ئۇنى لاتاپەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بۇنىڭغا ئېھتىياجى بار ئىدى.

باشتىكى ئوتتۇز كۈنلۈك روزىدا تۈزىتىش ۋە پاكلاش، ئاخىرقى ئون كۈندە بولسا تەۋراتنىڭ نازىل بولۇشى ۋە ئاللاھ بىلەن سۆزلىشىش ۋاقى بولدى. مۇسا

ئەلەيىسسالام بۇ قىرىق كۈنلۈك زامان ئىچىدە ئاللاھ تائالا بىلەن سۆزلىشەلىگىدەك مەنىۋى دەرىجىگە يەتتى.

بۇ يەردە قىرىق كۈن ئەمەس، بەلكى قىرىق كېچە دېيىشى، ئايلار كېچىدىن باشلانغانلىقى ئۈچۈن كۈن بىلەن ئەمەس، كېچە بىلەن باشلانغانلىقىدىندۇر. شۇڭا كۈندۈزمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. لېكىن كېچىنىڭ كۈندۈزگە قارىغاندا ئايرىم ئالاھىدىلىكى بار. كۆپلىگەن ئىلاھى تەجەللىلەر كېچە مەيدانغا كېلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋھۇل مەھپۇزدىن دۇنيا ئاسمىنىغا كېچىسى چۈشۈرۈلگەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجغا كېچىسى چىققانلىقىغا ئوخشاش.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇر تېغىدا قىرىق كېچە قېلىشىدا شۇ ئىشارەت بار:

ئەھلۇللاھ (ئاللاھ دوستلىرى) بۈيۈك بىر تەجەللى سەھەرىگە يېتىشى ئۈچۈن كېچىلىرى تۈنەپ جاپا-مۇشەققەت تارتىشى لازىم. ئىلاھى پەيز، بەرىكەت، ئومۇمى جەھەتتىن كېچىلىرى ۋاقى بولۇپ، پۈتۈن مۇۋاپىقىيەت سەھەرلىرى، جاپا-مۇشەققەت كېچىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ جاپا ۋە مۇشەققەت بىلەن تولغان قىرىق كۈنى، ئالدىنقى ئوتتۇز كۈنى بولسا پۈتۈن بىر كېچە، كېيىنكى ئون بولسا، ئۇ كېچىنىڭ سەھەرى ئىدى. شۇنىڭدەك كېچىنىڭ تاڭ سەھەرنى ئەسلىتىدىغان ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بىلەن سۆزلىشىشكە نائىل بولدى ۋە كۆپ ئىلاھى تەجەللىلەرنى كۆردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام، تۇر تېغىدا ئۈزلۈكسىز سەۋمى ۋىسال (ئىپتار قىلماستىن ئارقا-ئارقىدىن روزا تۇتۇش) ئوتتۇز كۈن ئېغىز ئاچماي روزا تۇتتى. ئاچمۇ قالمىدى، ئۇسساپمۇ كەتمىدى! لېكىن خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سەپەرگە چىققاندا، يېرىم كۈن ئۆتمەي قورسىقى ئېچىپ، سەۋر قىلالماي يېنىدىكى كىشىگە:

«ئوزۇقلىرىمىزنى ئەكەلگىن، يەيلى!» دېدى.

ئۇنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىشى بىر ئىمتىھان ئۈچۈن ئىدى. ئىمتىھان ئۈستىگە چۈشكۈنلۈك قوشۇلدى. مەخلۇقنىڭ يولىدىكى سەپەردە يېرىم كۈندە قورسىقى ئاچتى. لېكىن تۇر تېغىدا بولۇشى ۋە ئاللاھقا سەپەر قىلىشى بولسا، بىر كۆرۈشۈش ۋە ئاللاھ تائالا بىلەن سۆھبەتلىشىش ماھىيىتىدە بولغانلىقىدىن، ئۇ يەرنىڭ ھەيۋىتى، ئۇنىڭغا يېمەك-ئىچمەكنى ئۇنۇتتۇرۇپ، ئۆزىنى ئاللاھتىن باشقا ھەر نەرسىدىن توستى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ بىلەن سۆزلەشكەنلىكى تۈپەيلىدىن «كەلىمۇللاھ» دېيىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بىلەن تىلغا ئوخشاش بىر ۋاستە بىلەن ئەمەس، زامانسىز ۋە تەرەپسىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزەلدىكى «كەلام» سۈپىتى بىلەن سۆزلەشتى. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن ھېچ بىرى مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئالىمدۇر، يەنى ھەر نەرسىنى بىلىدۇ. لېكىن بۇ بىلىش، بىزنىڭ بىلگىنىمىزدەك ئەمەستۇر. قۇدرەت ئىگىسىدۇر، ئۇمۇ بىزنىڭ قۇدرىتىمىزگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ سۆزلەيدۇ، لېكىن بىزنىڭ سۆزلىگىنىمىزدەك ئەمەس! بىز تىلغا ئوخشاش ۋاستە ۋە ھەرپلەر بىلەن سۆزلەيمىز. ئاللاھ تائالا بولاردىن خالىدۇر. ھەرپلەر مەخلۇقتۇر، ئاللاھنىڭ كالامى مەخلۇق ئەمەستۇر. ھەرپسىز ۋە ۋاستىسىزدۇر. شۇڭلاشقا مۇسا ئالايھىسسالام جانابى ئاللاھ بىلەن سۆزلەشكەندە يېنىدىكى 70 كىشى ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلىشىشتىن خەۋىرى بولمىدى ۋە ئىدراك قىلالمىدى.

كەلىمۇللاھ مۇسا بىن ئىمران ئەلەيھىسسالام مەنىۋى ئالەمدىن كۆپلىگەن مەنزىرىلەرنى كۆردى. بولار، ئۇنىڭ ئارزۇسى بىلەن بولمىدى. رىۋايەتلەردە دېيىلىشچە ماھىيىتى بىزگە نامەلۇم بولغان تۆت مىڭ بىرىۋېز يىگىرمە كەلىمە ۋە ئايرىم ئون تۆت كەلىمە، ئۇنىڭغا ۋاستىسىز ھالدا تەقدىم قىلىندى. ھەر بىر كەلىمىنىڭ كېلىشىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام قاتتىق تىترەپ كېتەتتى. بۇ كەلىمىلەرنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ۋە تەبىئىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى.

بۇ كۆرۈشۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك قۇرئاندا:

وَكَلَّمَ اللّٰهُ مُوسَى تَكْلِيمًا

**"... ئاللاھ مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى."** دېيىلدى. (سۈرە نىسا، 164-ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش، بۇ نېمىتى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاز بولسىمۇ ھوزۇر تاپتۇرۇش ئۈچۈن مىڭلارچە خىتاپ قىلدى. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىنسانى بوران-چاپقۇن ۋە قۇيۇنلار بىلەن تولۇپ تاشقان بىر ھايات كەچۈردى، ئازغۇن ۋە ماتېرىيالىست بىر قەۋم بولغان بەنى ئىسرائىلغە شەرىئەت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەر ئىدى.

### قىرىق سانىنىڭ ھېكمىتى

قىرىق سانى روھى تەرەققىيات جەھەتتىن ناھايىتى ئەھمىيەتلىكتۇر.

1. ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان لايىنىڭ تاۋلىنىشى ئۈچۈن قىرىق كۈن كەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە:

«ئاللاھ تائالا ئادەمنىڭ يارىتىلىش تۇپرىقىنى قىرىق كۈن قۇدرەت قولى بىلەن يۇغۇردى» (تەبەرى، «تەپسىر»، 3، 306)

بۇ كۈنلەرنىڭ ھەر بىرى ماھىيىتى بىزگە مەجھۇل بولغان بىر زاماندۇر.

2. ھەربىر ئىنسان ئانا رەھمىدە 40 كۈن نۇتپە، 40 كۈن ئەلەقە، 40 كۈن مۇدغە باسقۇچلىرىدىن ئۆتىدۇ. ئاندىن كېيىن روھ بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە سەھىھەيندە (ئىككى سەھىھ ھەدىس) ئۆتكەن بىر ھەدىس شەرىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە:

راستچىل بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ يارىتىلىشى، ئانىسىنىڭ قارنىدا قىرىك كۈندە جەم بولىدۇ. بۇ قەدەر مۇددەتتىن كېيىن «ئەلەقە»بولىدۇ. بۇ قەدەر مۇددەتتىن كېيىن «مۇدغە» بولىدۇ. كېيىن ئاللاھ بىر پەرىشتىنى تۆت كەلىمە بىلەن ئەۋەتىدۇ: (بۇ مەلەك) رىزقىنى، ئەجىلىنى، ئەمىلىنى، ياخشى ياكى يامان بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ، كېيىن ئۇنىڭغا روھ بېرىلىدۇ.» (بۇخارى، «قەدەر»،1؛ بەدئۇل خەلق، 6؛ مۇسلىم، «قەدەر»، 1 / 2644)

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ جانابى ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاش جەھەتتىن قىرىق كۈننىڭ بۈيۈك ئەھمىيىتى بولغىنىدەك، ئەۋلىيالارنىڭ قەلبىدىن ھېكمەت بولاقلىرىنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى ئۈچۈنمۇ بۇنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ.

ھەدىس شەرىپتە:

«قىرىق سەھەر ئىخلاس بىلەن رەببىگە يۈلەنگەن كىشىنىڭ قەلبىدىن تىلىغا ھېكمەت بولاقلىرى ئاقىدۇ!» دېيىلگەن. (سۇيۇتى، «جامىئۇس-سەغىر»، 2، 137 / 8361)

تەسەۋۋۇپتا مەنىۋى تەرەققىيات ئۈچۈن قىرىق كۈن مۇددەت بىلەن تەدبىق قىلىنغان مۇشەققەت ياكى قىرىق دەپ تەبىر قىلىنغان ئۇسۇلنىڭ مۆجىزىۋى سەۋەپلىرى بۇ ھەدىس شەرىپ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇر تېغىدا ئۆتكۈزگەن قىرىق كۈننى بىلدۈرگەن ئايەتلەردۇر.

جىسمانىيەتنىڭ روھانىيەتكە باغلىنىشى قىرىققا مەخسۇس بولغىنىدەك، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشمۇ قىرىققا مەخسۇستۇر. ئاللاھنىڭ ئادىتى شۇنداقتۇر.

ئىرپان ئىگىلىرىمۇ، تۆت ۋە تۆتنىڭ ھەسسىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن: كائىناتنىڭ ئاساسى تۆت ئامىلدىن تەركىپ تاپىدۇ: سۇ، ھاۋا، تۇپراق ۋە ئوت.

ئەرش تۆت بولۇڭ بولۇپ، سەككىز پەرىشتە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قىرىق كېچە-كۈندۈز روزا تۇتۇش ۋە جاپا مۇشەققەت چېكىشكە ئەمىر قىلىنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن رەببى بىلەن سۆزلىشىش شەرىپىگە ئېرىشتى.

**مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنى كۆرۈش ئارزۇسى**

مۇسا ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھ بىلەن كۆرۈشكەندە كۆزىدىن پەردىلەر كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. زامان ۋە ماكانسىز بىر شەكىلدە ئېنىق ھالدا ئەرشنى كۆردى. لەۋھۇلمەھپۇزنى يازغان قەلەمنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. يېنىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋە 70 كىشى بولغا بولسىمۇ، ئۇلار ھېچ بىر نەرسىنى ئاڭلىمىدى. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئۈستۈن بىر ماقام ۋە دەرىجىگە يەتكەن ئىدى.

نەتىجىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلىشىشتىن شۇنداق لەززەت ئالدىكى، ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسى تېخىمۇ ئاشتى ۋە ئۇنىڭدا يېڭى بىر ئەھۋال مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جانابى ئاللاھنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، بۇ ئارزۇسىدا چىڭ تۇردى.

ئاللاھ تائالا:

لَن تَرَانِي

**" ئاللاھ: «مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ)"** (سۈرە ئەئراف، 143-ئايەت) دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام تەلىۋىدە چىڭ تۇردى، جانابى ئاللاھ:

**"شۇ تاغقا قارىغىن! ئۇ تاغ ئورنىدا تۇرالىسا، سەنمۇ مېنى كۆرەلەيسەن!"** دېدى. (بۇ تاغ مەديەن دىيارىدا زۇبەير دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ ئىدى.)

بىر رىۋايەتتە، جانابى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا 70 پەردىنىڭ ئارقىسىدىن بىر تەڭگىدەك نۇر كۆرسەتتى. نۇر تاغقا تەجەللى قىلغاندا، تاغ ئېرىپ كەتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ قۇدرەت ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ۋەقە ئالدىدا قورقۇپ ھوشىدىن كەتتى.

قۇرئاندا بۇ ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَلَمَّا جَاءَ مُوسَى لِمِيقَاتِنَا وَكَلَّمَهُ رَبُّهُ قَالَ رَبِّ أَرِنِي أَنظُرْ إِلَيْكَ قَالَ لَن تَرَانِي وَلَكِنِ انظُرْ إِلَى الْجَبَلِ فَإِنِ اسْتَقَرَّ مَكَانَهُ فَسَوْفَ تَرَانِي فَلَمَّا تَجَلَّى رَبُّهُ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُ دَكًّا وَخَرَّ موسَى صَعِقًا فَلَمَّا أَفَاقَ قَالَ سُبْحَانَكَ تُبْتُ إِلَيْكَ وَأَنَاْ أَوَّلُ الْمُؤْمِنِينَ

**"مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا (بىۋاستە) سۆز قىلغان چاغدا: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈپ ئالاي» دېدى. ئاللاھ: «مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ). لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن، تاغنى تولپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: « (پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى."** (سۈرە ئەئراف، 143-ئايەت)

تەسەۋۋۇپ ئەھلى بۇ ۋەقەنى ئىشارى جەھەتتىن مۇنداق بايان قىلىدۇ:

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىنسانى ئىدراكى بىلەن ئۇ چەكسىز مەنە دېڭىزىنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى. لېكىن تەلپىگە بېرىلگەن جاۋاب كۆڭلىدىكىدەك بولمىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئىدراكى كۆڭۈل كۆزى بىلەن بىر ئىدى. كۆڭلى ئۆز گۇمانىچە يالغۇز ئىدى. بۇ سەۋەپتىن رەببىنى كۆرۈشنى خالىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام تەجەللى ئەسناسىدا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭغا ھال تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېيىلدى:

«ئى مۇسا! بۇ سېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭ سېنىڭ ئۈچۈن ئەمەس. سەندىن كېيىن كېلىدىغان يېتىمگە ئائىتتۇر.»

ئۇ بۇ خىتابنى ئەستىقلىغان ھالدا:

«ئى رەببىم! سېنى ئۇلۇغ ۋە پاك دەپ بىلىمەن. ساڭا پەقەت سەن ئىنتايىن ياخشى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى ماقام ۋە ئۇستۈن دەرىجىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىنى

خاس قىلغان مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېرىششى مۇمكىن. مېنىڭ ئۈچۈن بولمىغان نەرسىنى سوراشتىن ساڭا تەۋبە قىلىمەن. مەن سېنى كۆرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپاغا مەخسۇس ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ بىرىنچىسىمەن!» دېدى.

*

رىۋايەتلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىدىن قايتقىنىدا، ئاللاھ تائالانىڭ نۇرى ئۇنىڭ يۈزىدە ئەكسەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ سەۋەپتىن ئۈچ كۈن يۈزىنى يۆگىۋالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئۇ ئالى ماقامدىن كېيىن ئۇنىڭغا كىم قارىغان بولسا ئۆلۈپ كەتتى. بۇ سەۋەپتىن مۇسا ئەلەيھىسسالام يۈزىنى يۆگىۋېلىپ، ئىنسانلار بىلەن بۇ شەكىلدە سۆزلەشتى.» (سۇيۇتى، «ئەددۇر-رۇل مەنسۇر فىتتەپسىير بىل مەئسۇر»، 3،116)

ئۇرۋە بىن رۇۋەيم مۇنداق دەيدۇ:

«مۇسا ئەلەيھىسسالام رەببى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلالمىدى ۋە يۈزىنى يۆگىۋالدى. چۈنكى ئۇنىڭغا كىم قارىسا ئۆلۈپ كېتەتتى. ئايالى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

«قىرىق يىلدىن بېرى ساڭا قاراپتىمەن، ماڭا بىر قارىغان بولساڭ ئىكەن!»

بۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام يۈزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى قۇياشتەك بىر نۇر ئايالىنى قاپلىدى، كۆزلىرى قامىشىپ كەتكەن ئايالى دەرھال ئۆز قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى ۋە ئاللاھ ئۈچۈن سەجدە قىلدى.» (سۇيۇتى، «ئەددۇر-رۇل مەنسۇر فىتتەپسىير بىل مەئسۇر»، 3،116)

ۋەھب بىن مۇنەببىھ مۇنداق دەيدۇ:

«مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئاللاھ بىلەن ھەر قېتىم سۆزلەشكەندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە يۈزىدە نۇر كۆرۈلەتتى.» (سۇيۇتى، «ئەددۇر-رۇل مەنسۇر فىتتەپسىير بىل مەئسۇر»، 3،116)

مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىدا ئاللاھنىڭ زەررىچىلىك زاتى تەجەللىسى ئالدىدا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كۈن يۈزىنى يۆگىۋېلىشقا مەجبۇر بولغىدەك بىر نۇرنىڭ ئىنكاسىغا ئېرىشتى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھ بىلەن مىراجدا سىدرەتۇل مۇنتەھانىڭمۇ ئىلگىرىسىدە، قۇرئاننىڭ بايان قىلىشىچە، پەيغەمبەرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَى

**"ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى."** (سۈرە نەجم، 9-ئايەت) دەپ سۈپەتلەنگەن بىر ۋۇسلات ئەسناسىدا ئاللاھ بىلەن كۆرۈشۈش ۋە سۆزلىشىش نېمىتىگە ئېرىشتى. ئۇ ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بىر تەسىرگە يولۇقمىغانلىقى ھەققىدە ئەھلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ ئەھۋاللارنى ياشىغان ۋاقىتتا «**تەلۋىن**» ئىگىسى (يەنى تەمكىنگە يېتىش يولىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر ئەھۋال) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا «**تەمكىن**» ئىگىسى (يەنى ئىستىقامەتتە چوڭقۇرلىشىش، سابىت بولۇش، ھەقىقەتكە يېتىش ھالىنىڭ كۆڭۈلدە ئورۇن ئېلىپ ئۇلۇغ دەرىجىگە يېتىش)، شۇنداقكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىمى بىر كۆرۈش ھوزۇرىدا ئىدى. مىراجدا پەقەت بىر ھوزۇردىن باشقا بىر ھوزۇرغا ۋە بىر كۆرۈش ماھىيىتىدىن باشقا بىر كۆرۈش ماھىيىتىگە ئۆتكەن ئىدى. مانا بۇ ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن ھەدىس شەرىپلىرىدە:

«مەن سىلەردىن بىرىڭلارغا ئوخشىمايمەن. رەببىمنىڭ يېنىدا كېچىلەيمەن، رەببىم مېنى يېدۈرىدۇ ۋە ئىچىرىدۇ» (ئەلى ئەلمۇتتەقى، «كەنزۇل ئۇممال»، 42،3/32)

«مېنىڭ جانابى ئاللاھ بىلەن شۇنداق بىر ۋاقىتلىرىم باركى ئۇنىڭغا ھېچ بىر پەرىشتە ۋە ھېچ بىر پەيغەمبەر يېتەلمەيدۇ» دېگەن. (مۇناۋى، «فەيزۇل قادىر»، 4، 8)

بۈيۈك زاتلار جانابى ئاللاھنىڭ:

«(ئى مۇسا!) **سەن مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن!**» خىتابىنىمۇ ئىشارى ھالدا مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ:

«ئى مۇسا! سەن مەۋجۇدلا بولىدىكەنسەن، يەنى سەن مەندە پانى بولمىغىچە، مەن سەن ئۈچۈن مەخپى قالىمەن. ئەگەر سەن مەندە پانى بولساڭ، مەن ساڭا ئاشكارا بولىمەن!»

يەنى ئاسماندا قۇياش بار ئىكەن، يۇلتۇزلار قانداق كۆرۈنمىگەن بولسا؛ دېڭىزغا ئۇلاشقان بىر دەريا ئۇنىڭدا قانداق يوقاپ كەتكەن بولسا؛ بىر تاش

كۆزگە سۈرمە بولۇپ چېكىلگەن ۋاقىتتا، تاشلىق سۈپىتىنىڭ يوقالغىنىدەك؛ بىر تال بۇغداي دېنى ۋۇجۇتقا ئۆزۈق بولۇپ كىرگەندىن كېيىن بۇغدايلىق سۈپىتىنى قانداق يوقاتقان بولسا؛ ئاللاھتا پانى بولغانىنىڭمۇ ئىزافى ۋە تۇرابى ۋۇجۇدى مەنىۋى جەھەتتىن يوقاپ تۇنۇلمايدىغان ھالەتكە كېلىدۇ.

مەۋلانا جالالىددىن رۇمى نەپسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلۈم ۋاقتىنى ئىشتىياق بىلەن كۈتكەن. ئۆلۈمنى «شەبئى ئارۇس» (توي كېچىسى) دېگەن.

جانابى ئاللاھ بىلەن ئەزەلى سۈپىتى بولغان كالام سۈپىتىنىڭ تەجەللىسىدە سۆزلىشىش نەتىجىسىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامدا ئىنتايىن لەززەتلىك ۋە خۇش بىر ئىشتىياق ئەھۋالى ھاسىل بولغان. ئۇ بۇ ھالدا ئىكەن جانابى ئاللاھقا **«ئى رەببىم! سېنى بىر كۆرىۋالاي»** دەپ چىلىك تۇرغان. نەتىجىدە زاتى ئىلاھىدىن بىر تەجەللى ئالدىدا تاغ ئېرىپ كەتكەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھوشىدىن كېتىپ، ئەسلىگە كەلگەندە ئىستىغپار ئېيتقان. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنىڭ دۇنيادا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ئاخىرەتتە، جەننەت ۋە ئاللاھنىڭ جامالىغا يېتىشكەنلىكىنى ھېس قىلغان.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، نۇرى ئىلاھىدىن زەررەچىلىك بىر تەجەللىيسى بىلەن تاغ كۇكۇم-تالقان بولۇپ، ھەر بىر پارچىسى ئەتراپقا يېيىلغان. تاغ ئۇندەك سورۇلۇپ دەريالارغا چۈشكەن. ئۇنىڭدىن ئىچىگە بىر پارچە چۈشكەن سۇلار لەززەتلىك بولۇپ كەتكەن، بۇ سۇلاردىن ئىچكەنلەر شىپا تاپقان.

ئاللاھ تائالا، كالامىدىكى بۈيۈك بىر تەجەللىسى بولغان قۇرئان كەرىم ھەققىدىمۇ مۇنداق دەيدۇ:

لَوْ أَنزَلْنَا هَذَا الْقُرْآنَ عَلَى جَبَلٍ لَّرَأَيْتَهُ خَاشِعًا مُّتَصَدِّعًا مِّنْ خَشْيَةِ اللَّهِ وَتِلْكَ الْأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ

**"ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھدىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز."** (سۈرە ھەشىر، 21-ئايەت)

بۇ سەۋەپتىن بۇ بۈيۈك تاغلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زېمىن ۋە پايانسىز كەتكەن ئۈپۈقلىرى بىلەن ئاسمانلار بۇ ئىلاھى ئامانەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىغان. بۇ ھەقىقەتنى جانابى ئاللاھ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَن يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا الْإِنسَانُ إِنَّهُ كَانَ ظَلُومًا جَهُولًا

**"شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەكلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى)دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن نادانىدۇر."** (سۈرە ئەھزاب، 72 - ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرىشىشىدىن كېيىن تەۋرات نازىل بولۇشقا باشلىدى. يەتتە ياكى ئون لەۋھە شەكلىدە چۈشتى. قىرىق جۇزئى ئىدى. تەۋرات نازىل بولغاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھەر بىر ھەرپ ئۈچۈن بىر پەرىشتە ۋەزىپىلەندۈرۈلدى. بۇ پەرىشتىلەر تاغنىڭ بېشىدا تەۋراتنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەقدىم قىلدى.

**تۇر تېغىدىكى ئۇچرىشىش**

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان كۆرۈشىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە خاس ئىكەنلىكىنى ئويلىغان ئالتە خۇسۇسىيەت ۋە ياخشى كۆرمىگەن يەتتىنچى بىر سۈپەت ھەققىدە رەببىدىن سوئال سورىدى:

«ئى رەببىم! قايسى قۇلۇڭ ئەڭ مۇتتەقىدۇر؟»

«داۋاملىق زىكىر قىلغان ۋە ھېچ ئۇنۇتمىغان.»

«قايسى قۇلۇڭ ئەڭ كۆپ ھىدايەت ئۈستىدەدۇر؟»

«ھىدايەتكە تابى بولغان (كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىغانلار)دۇر.»

«قايسى قۇلۇڭ ھۆكۈم بېرىشتە ئەڭ ئادىلدۇر؟»

«ئىنسانلارغا ئۆزىگە ھۆكۈم قىلغاندەك ھۆكۈم قىلغانلار.»

«قايسى قۇلۇڭ ئەڭ ئالىمدۇر؟»

«ئىلمگە ھېچ تويمىغان (ۋە ئىلمنى ئىرپانغا ئايلاندۇرغان، يەنى ياشىغىنىنى تەبلىغ قىلغان)دۇر.»
«قايسى قۇلۇڭ ئەڭ شەرەپلىكتۇر؟»
«كۈچلۈك تۇرۇپ ئەپۇ قىلالىغان»
«قايسى قۇلۇڭ ئەڭ بايدۇر؟»
«ئۆزىگە بېرىلگەنگە رازى بولغان (ۋە سەدىقە قىلغان)دۇر.»
«قايسى قۇلۇڭ ئەڭ پېقىردۇر؟»
«ھالى نۇقسان بولغان، ئۆزىگە بېرىلگەننى ئاز كۆرۈپ، كۆپ تەلەپ قىلغان (قانائەتتىن مەھرۇم بولغان)دۇر.» (ئەلى ئەل مۇتتەقى، «كەنزۇل ئۇممال»، 15، 899 / 43549)

### ئالتۇن موزاي

ئىسرائىل ئوغۇللىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن كالىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان بۇتلارغا چوقۇنغان بىر قەبىلىگە يولۇقتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:
«سەنمۇ بىزگە مۇشۇنداق بىر ئىلاھ ياساپ بەرگەن بولساڭ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلساق!» دېدى.
مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ بۇ ئىشنىڭ چوڭ بىر شېرىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلدى.
مۇسا ئەلەيھىسسالام ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ۋەكىل قىلىپ، تۇر تېغىغا كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا قارشى ئىمانسىزلىقنى يۇشۇرغان سامىرى ئىسىملىك تۇزكور بىر يەھۇدى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يوقلىقىنى پۇرسەت بىلىپ، خەلقتىن ئالتۇن يىغىپ بىر موزاي ياسىدى ۋە مۇنداق دېدى:
«بۇ مۇسانىڭ ئىلاھىدۇر! لېكىن مۇسا تەڭرىسىنى ئۇنۇتتى!» دەپ خەلقتىن بۇ موزايغا چوقۇنىشنى تەلەپ قىلدى.
سامىرى سەنئەتكار بىرسى ئىدى. مۇزاينى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ياسىدىكى، ئىچىگە شامال كىرسە خۇددى تىرىك موزايدەك ئاۋاز چىقاتتى. بۇنى موزايدىن ئاچقان ئۇششاق تۆشۈكچىلەردىن پايدىلىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇپ، شامالنىڭ كۈچىگە قاراپ نەيگە ئوخشاش ئاۋازلار چىقاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ سامىرى:
«قاراڭلار ئىلاھىڭلار سىلەر بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ!» دەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن سامىرى ئۇنىڭ تەگرى ئىكەنلىكىگە خەلقنى ئىشەندۈرۈپ ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ھەق دىندىن يىراقلاشتۇردى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَلَقَدْ قَالَ لَهُمْ هَارُونُ مِن قَبْلُ يَا قَوْمِ إِنَّمَا فُتِنتُم بِهِ وَإِنَّ
رَبَّكُمُ الرَّحْمَنُ فَاتَّبِعُونِي وَأَطِيعُوا أَمْرِي

**"شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھارۇن ئۇلارغا (مۇسا قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن): «ئى قەۋمىم! سىلەر موزاي بىلەن قايمۇقتۇرۇلدۇڭلار، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار مەرھەمەتلىك ئاللاھدۇر، ماڭا بويسۇنۇڭلار، (موزايغا چوقۇنۇشنى تەرك ئېتىش بىلەن) بۇيرىقىمغا ئىتائەت قىلىڭلار!» دېدى."** (سۈرە تاھا، 90 - ئايەت)

قَالُوا لَن نَّبْرَحَ عَلَيْهِ عَاكِفِينَ حَتَّى يَرْجِعَ إِلَيْنَا مُوسَى

**"ئۇلار: «مۇسا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋېرىمىز» دېيىشتى."** (سۈرە تاھا، 91 - ئايەت)

قَالَ فَإِنَّا قَدْ فَتَنَّا قَوْمَكَ مِن بَعْدِكَ وَأَضَلَّهُمُ السَّامِرِيُّ

**"ئاللاھ ئېيتتى: «سەندىن (يەنى سەن كەتكەندىن) كېيىن قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئۇلارنى سامىرى ئازدۇردى."** (سۈرە تاھا، 85 - ئايەت)

وَاتَّخَذَ قَوْمُ مُوسَى مِن بَعْدِهِ مِنْ حُلِيِّهِمْ عِجْلاً جَسَدًا لَّهُ خُوَارٌ أَلَمْ يَرَوْاْ
أَنَّهُ لاَ يُكَلِّمُهُمْ وَلاَ يَهْدِيهِمْ سَبِيلاً اتَّخَذُوهُ وَكَانُواْ ظَالِمِينَ

**"مۇسانىڭ قەۋمى مۇسادىن كېيىن (يەنى مۇسا پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىش ئۈچۈن تۇر تېغىغا كەتكەندىن كېيىن)، زىننەت بۇيۇملىرىدىن موزايدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر جانسىز موزاي ياسىدى. ئۇلار موزاينىڭ ئۆزلىرىگە سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى، يول كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار**

**ئۇنى مەبۇد قىلىۋالدى، ئۇلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچى بولدى."** (سۈرە ئەئراف، 148 - ئايەت)

وَلَمَّا رَجَعَ مُوسَى إِلَى قَوْمِهِ غَضْبَانَ أَسِفًا قَالَ بِئْسَمَا خَلَفْتُمُونِي
مِن بَعْدِيَ أَعَجِلْتُمْ أَمْرَ رَبِّكُمْ وَأَلْقَى الألْوَاحَ وَأَخَذَ بِرَأْسِ أَخِيهِ يَجُرُّهُ
إِلَيْهِ قَالَ ابْنَ أُمَّ إِنَّ الْقَوْمَ اسْتَضْعَفُونِي وَكَادُواْ يَقْتُلُونَنِي فَلاَ تُشْمِتْ بِيَ
الأعْدَاء وَلاَ تَجْعَلْنِي مَعَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ

**"مۇسا غەزەپلەنگەن، غەمكىن ھالدا قايتىپ كېلىپ، قەۋمگە: «مەن يوق چاغدا (موزايغا چوقۇنۇپ) نەقەدەر يامان ئىش قىلدىڭلار ـ ھە! (كۈتۈپ تۇرماي) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئەمرىگە ئالدىراپ كەتتىڭلارمۇ؟» دېدى ۋە (غەزەپلەنگەنلىكتىن تەۋرات) تاختىلىرىنى (يەرگە) تاشلىدى، قېرىندىشىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئۆز تەرىپىگە تارتتى. (ھارۇن) ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! (بۇ) قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. مېنى دۈشمەنلەرگە تەپەررۇج قىلىپ بەرمىگىن؟ مېنى زالىم قەۋم (يەنى موزايغا چوقۇنغانلار) قاتارىدا سانىمىغىن»."** (سۈرە ئەئراف، 150 ئايەت)

قَالَ يَا هَارُونُ مَا مَنَعَكَ إِذْ رَأَيْتَهُمْ ضَلُّوا أَلَّا تَتَّبِعَنِ أَفَعَصَيْتَ أَمْرِي
قَالَ يَا ابْنَ أُمَّ لَا تَأْخُذْ بِلِحْيَتِي وَلَا بِرَأْسِي إِنِّي خَشِيتُ أَن تَقُولَ
فَرَّقْتَ بَيْنَ بَنِي إِسْرَائِيلَ وَلَمْ تَرْقُبْ قَوْلِي

**"مۇسا ئېيتتى: «ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئازغانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭدا (خۇدالىق ئۈچۈن غەزەپلىنىشتە) ماڭا ئەگىشىشتىن نېمە توسالغۇ بولدى؟ مېنىڭ بۇيرىقىمغا خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟» ھارۇن ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن، مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، سۆزۈمگە دىققەت قىلماپسەن، دېيىشىڭدىن قورقتۇم»."** (سۈرە تاھا، 92 - 93 - 94 - ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىر ئانىدىن ۋە بىر ئاتىدىن بولغان بىر تۇغقان بولسىمۇ، يەنە «ئى قېرىندىشىم!» (ئانامنىڭ ئوغلى) دېيىشىنىڭ سەۋەبى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرھەمىتىنى قوزغاش ئىدى. چۈنكى

ئانا ھەم ئاتىدىن ھەم قېرىنداشتىنمۇ شەپقەتلىكرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئانىسى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئوغۇللىرىنىڭ مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر سالىھە بىر ئانا ئىدى.

قَالَ رَبِّ اغْفِرْ لِي وَلأَخِي وَأَدْخِلْنَا فِي رَحْمَتِكَ وَأَنتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ

**"مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن»."** (سۈرە ئەئراف، 151 - ئايەت)

فَرَجَعَ مُوسَى إِلَى قَوْمِهِ غَضْبَانَ أَسِفًا قَالَ يَا قَوْمِ أَلَمْ يَعِدْكُمْ رَبُّكُمْ وَعْدًا حَسَنًا أَفَطَالَ عَلَيْكُمُ الْعَهْدُ أَمْ أَرَدتُّمْ أَن يَحِلَّ عَلَيْكُمْ غَضَبٌ مِّن رَّبِّكُمْ فَأَخْلَفْتُم مَّوْعِدِي

**"مۇسا قەۋمىگە غەزەپلەنگەن ھالدا خاپا قايتتى، ئۇ ئېيتتى: «سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار چىرايلىق ۋەدە قىلمىغانمىدى؟ (سىلەر ئەھدىنى ئۇنتۇغۇدەك) ۋاقىت شۇنچە ئۇزۇن بولۇپ كەتتىمۇ؟ ياكى سىلەر ئۆزۈڭلار پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ غەزىپى چۈشۈشىنى ئىرادە قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلدىڭلارمۇ؟»**. (سۈرە تاھا، 86 - ئايەت)

قَالُوا مَا أَخْلَفْنَا مَوْعِدَكَ بِمَلْكِنَا وَلَكِنَّا حُمِّلْنَا أَوْزَارًا مِّن زِينَةِ الْقَوْمِ
فَقَذَفْنَاهَا فَكَذَلِكَ أَلْقَى السَّامِرِيُّ فَأَخْرَجَ لَهُمْ عِجْلًا جَسَدًا لَهُ
خُوَارٌ فَقَالُوا هَذَا إِلَهُكُمْ وَإِلَهُ مُوسَى فَنَسِيَ

**"ئۇلار ئېيتتى: «ساڭا بەرگەن ۋەدىگە ئۆزلۈكىمىزدىن خىلاپلىق قىلغىنىمىز يوق، لېكىن بىز (پىرئەۋن) قەۋمىنىڭ زىننەتلىرىدىن نۇرغۇن ئېلىپ چىققان ئىدۇق، (سامىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە) ئۇلارنى (ئوتقا) تاشلىدۇق، سامىرىمۇ (ئۆزى ئېلىپ چىققان زىبۇزىننەتلىرىنى) تاشلىدى» سامىرى (ئېرىتىلگەن زىبۇزىننەتلەردىن) ئۇلار ئۈچۈن بىر موزاي ھەيكەل ياسىدى، ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقاتتى، ئۇلار (يەنى سامىرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى) ئېيتتى: «بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر ۋە**

**مۇسانىڭ ئىلاھىدۇر، مۇسا (ئىلاھنى بۇ يەردە) ئۇنتۇپ قىلىپ (ئۇنى ئىزدەپ تۇرسىناغا كەتتى)»** (سۈرە تاھا، 87 - 88 - ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى خاتالىقىغا تەۋبە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. تەۋبە شەرتلىرىنىڭ قاتتىق پۇشايمان قىلىش ۋە ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار: «سەۋر قىلىمىز!» دەپ ھۆكۈمنى كۈتتى.

وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ يَا قَوْمِ إِنَّكُمْ ظَلَمْتُمْ أَنفُسَكُمْ بِاتِّخَاذِكُمُ الْعِجْلَ فَتُوبُواْ إِلَى بَارِئِكُمْ فَاقْتُلُواْ أَنفُسَكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ عِندَ بَارِئِكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ

**"ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزاينى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن» دېدى. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.** (سۈرە بەقەرە، 54 - ئايەت)

ئۆلتۈرىدىغانلار قوللىرىدا بىردىن قىلىچ تۇتقان ھالدا ئۆلتۈرۈلىدىغانلارنىڭ بېشىدا كۈتۈپ تۇردى. ھەر بۇتقا چوقۇنغانلارنىڭ ئارقىسىدا، ئەمىر كەلگەندە ئۇنىڭ بوينىنى كېسىش ئۈچۈن بىردىن كىشى ۋەزىپىلەندۈردى. ھەتتا بولارنىڭ ئىچىدە بىر-بىرىگە ئەڭ يېقىن دوست بولغانلارمۇ بار ئىدى.

وَلَمَّا سُقِطَ فَي أَيْدِيهِمْ وَرَأَوْاْ أَنَّهُمْ قَدْ ضَلُّواْ قَالُواْ لَئِن لَّمْ يَرْحَمْنَا رَبُّنَا وَيَغْفِرْ لَنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ

**"ئۇلار (موزايغا چوقۇنغانلىقلىرىغا) پۇشايمان قىلغان ۋە راست ئازغانلىقلىرىنى چۈشەنگەن چاغدا: «ئەگەر پەرۋەردىگارىمىز بىزگە رەھىم قىلمىسا ۋە مەغپىرەت قىلمىسا، بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى."** (سۈرە ئەئراف، 149 - ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالام ناھايىتى شەپقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن يىغلىغان ھالدا ئاللاھقا يېلىنىپ دۇئا قىلدى:

وَالَّذِينَ عَمِلُواْ السَّيِّئَاتِ ثُمَّ تَابُواْ مِن بَعْدِهَا وَآمَنُواْ إِنَّ رَبَّكَ مِن بَعْدِهَا لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ

**"يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىماندا سەمىمىي بولغانلارنى تەۋبىسىدىن كېيىن پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) رەھىم قىلىدۇ."** (سۈرە ئەئراف، 153 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

ثُمَّ عَفَوْنَا عَنكُم مِّن بَعْدِ ذَلِكَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ

**"شۇنىڭدىن كېيىن، شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرنى ئەپۇ قىلدۇق."**

(سۈرە بەقەرە، 52 - ئايەت)

بۇنىڭدىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام سامىرىيگە قاراپ:

قَالَ فَمَا خَطْبُكَ يَا سَامِرِيُّ قَالَ بَصُرْتُ بِمَا لَمْ يَبْصُرُوا بِهِ فَقَبَضْتُ قَبْضَةً مِّنْ أَثَرِ الرَّسُولِ فَنَبَذْتُهَا وَكَذَلِكَ سَوَّلَتْ لِي نَفْسِي

**"مۇسا ئېيتتى: «ئى سامىرى! سەن نېمە بولدۇڭ؟ (يەنى مۇنداق يامان ئىشنى قىلىشىڭدىن غەرىزىڭ نېمە؟)» سامىرى ئېيتتى: «مەن ئۇلار كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئەلچى (يەنى جىبرىئىل) نىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالدىم - دە، ئۇنى (موزايغا) چاچتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقتى)، شۇنىڭدەك (بۇنى) ماڭا نەپسىم چىرايلىق كۆرسەتتى»** (سۈرە تاھا، 95 - 96 - ئايەت)

مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، سامىرىنىڭ باشقىلارنىڭ كۆرمەي ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىكىنى ۋە ئىزىدىن بىر ئۇچۇم تۇپراق ئالغانلىقنى ئېيتقان ئەلچى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن جىبرىئىل ئىدى. سامىرى ئۇنىڭ ئېتىنىڭ باسقان يەرلەرنىڭ يېشىللىقتا ئايلانغانلىقنى كۆرگەن، ئىزىنىڭ تۇپرىقىدىن بىر ئۇچۇم ئېلىپ ئالتۇنلارنى ئېرىتكەن ئوتقا ئاتقان ئىدى.

قَالَ فَاذْهَبْ فَإِنَّ لَكَ فِي الْحَيَاةِ أَن تَقُولَ لَا مِسَاسَ وَإِنَّ لَكَ مَوْعِدًا لَّنْ تُخْلَفَهُ وَانظُرْ إِلَى إِلَهِكَ الَّذِي ظَلْتَ عَلَيْهِ عَاكِفًا لَّنُحَرِّقَنَّهُ ثُمَّ لَنَنسِفَنَّهُ فِي الْيَمِّ نَسْفًا

**"مۇسا (سامىرىغا) ئېيتتى: «سەن بارغىن! سەن ئۆمۈرۋايەت (كۆرگەنلا كىشىگە) ماڭا يېقىنلاشماڭلار! دېگەيسەن (يەنى سېنىڭ كىشىگە يېقىنلاشماسلىقىڭ، كىشىنىڭ ساڭا يېقىنلاشماسلىقى بۇ دۇنيادا ساڭا بېرىلگەن جازادۇر)، شۈبھىسىزكى (ئاخىرەتتە جازالىنىدىغان) مۇئەييەن بىر ۋاقتىڭ بار، ئاللاھ ساڭا قىلغان بۇ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، سەن ھامان چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىلاھىڭغا قارىغىن، بىز ئۇنى چوقۇم (ئوتتا) كۆيدۈرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ (كۈلىنى) دېڭىزغا چېچىۋېتىمىز»** (سۈرە تاھا، 97 - ئايەت)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەددۇئاسىدىن كېيىن سامىرى ھەقىقەتەن ئېغىر ۋە يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆمۈر بويى ئىنسانلاردىن يىراق تۇرۇشقا مەجبۇر قالغان.

إِنَّ الَّذِينَ اتَّخَذُواْ الْعِجْلَ سَيَنَالُهُمْ غَضَبٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَذِلَّةٌ فِي الْحَياةِ الدُّنْيَا وَكَذَلِكَ نَجْزِي الْمُفْتَرِينَ

**"شۈبھىسىزكى، موزاينى مەبۇد قىلىۋالغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، بۇ دۇنيادا خارلىققا قالىدۇ، (ئاللاھقا) بوھتان قىلغۇچىلارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز."** (سۈرە ئەئراف، 152 - ئايەت)

وَلَمَّا سَكَتَ عَن مُّوسَى الْغَضَبُ أَخَذَ الأَلْوَاحَ وَفِي نُسْخَتِهَا هُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلَّذِينَ هُمْ لِرَبِّهِمْ يَرْهَبُونَ

**"مۇسا غەزىپى بېسىلغاندىن كېيىن (يەردە ياتقان تەۋرات) تاختىلىرىنى ئالدى. ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت قىلىنىدۇ ۋە رەھمەت قىلىنىدۇ دەپ يېزىلغان ئىدى."** (سۈرە ئەئراف، 154 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، موزايغا ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلغان ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن يەتمىش كىشىنى تاللاپ، ئۇلارغا ۋاكالىتەن ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشىنى ۋە ھەممەيلەننىڭ تەۋبە قىلىشىنى بۇيرىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن يەتمىش كىشىنى ئېلىپ تۇر تېغىغا باردى. لېكىن تۈزكور قەۋم، ئاللاھنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلدى. شۇنىڭ

بىلەن قاتتىق يەر تەۋرەپ كېتىپ، ھەممىسى ھوشىدىن كەتتى. نەتىجىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا يىلىندى ۋە ئاپەت باشلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَى لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّى نَرَى اللّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ الصَّاعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ثُمَّ بَعَثْنَاكُم مِّن بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ

**"ئۆز ۋاقتىدا: «ئى مۇسا! ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار ـ دە، (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار ھالدا سىلەرنى چاقماق سوقتى. ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق."** (سۈرە بەقەرە، 55 - 56 - ئايەت)

وَاخْتَارَ مُوسَى قَوْمَهُ سَبْعِينَ رَجُلاً لِّمِيقَاتِنَا فَلَمَّا أَخَذَتْهُمُ الرَّجْفَةُ قَالَ رَبِّ لَوْ شِئْتَ أَهْلَكْتَهُم مِّن قَبْلُ وَإِيَّايَ أَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ السُّفَهَاء مِنَّا إِنْ هِيَ إِلاَّ فِتْنَتُكَ تُضِلُّ بِهَا مَن تَشَاء وَتَهْدِي مَن تَشَاء أَنتَ وَلِيُّنَا فَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا وَأَنتَ خَيْرُ الْغَافِرِينَ

**"مۇسا، بىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۆز قەۋمىدىن 70 كىشىنى تاللىدى؛ ئۇلارغا زىلزىلە يۈزلەنگەندە، مۇسا: «پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭدۇر، شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن. سەن ئەڭ ياخشى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن."** (سۈرە ئەئراف، 155 - ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئاسىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

وَاكْتُبْ لَنَا فِي هَذِهِ الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ إِنَّا هُدْنَا إِلَيْكَ

**"بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق» دېدى..."** (سۈرە ئەئراف، 156 - ئايەت)

قَالَ عَذَابِي أُصِيبُ بِهِ مَنْ أَشَاء وَرَحْمَتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ فَسَأَكْتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَالَّذِينَ هُم بِآيَاتِنَا يُؤْمِنُونَ الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِندَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالإِنْجِيلِ يَأْمُرُهُم بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَآئِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالأَغْلاَلَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ فَالَّذِينَ آمَنُواْ بِهِ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَاتَّبَعُواْ النُّورَ الَّذِيَ أُنزِلَ مَعَهُ أُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

**"ئاللاھ ئېيتتى: «ئازابىم بىلەن (بەندىلىرىمدىن) خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن» ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۆممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر."** (سۈرە ئەئراف، 156 - 157 - ئايەت)

ساھابىلاردىن قاتادە بىن نۇمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئى رەببىم! مەن لەۋھەلەردە ئىنسانلار ئىچىدىن ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئەڭ خەيرلىك بىر ئۈممەت ئۈستىدە توختالغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن، ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن!»

ئاللاھ تائالا:

**«ئۇلار ئەھمەدنىڭ ئۈممىتىدۇر.»** دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«ئى رەببىم! لەۋھەلەردە دۇنياغا ئەڭ ئاخىرىدا كېلىپ، جەننەتكە ئەڭ باشتا كىرىدىغان بىر ئۈممەت ئۈستىدە توختالغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن. ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن!» دېدى.

ئاللاھ تائالا:

**«ئۇلار، ئەھمەدنىڭ ئۈممىتىدۇر.»** دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«ئى رەببىم! يەنە لەۋھەلەردە بىر ئۈممەت ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنجىللىرى (كىتابلىرى) قەلبىدە، ئۇلار قەلبىدىن ياد قىلغان ھالدا ئوقۇيدۇ. ھالبۇكى، ئۇلاردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەر كىتابلىرىغا قاراپ ئوقۇيتتى، كىتابلىرى يوقاپ كەتسە ئۇنىڭدىن ھېچ ئەسەر قالمايتتى. شۇبھە يوقكى، سەن بۇ ئۈممەتكە بۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچبىر ئۈممەتكە بېرىپ باقمىغان بىر ياد ئېلىش ۋە قوغداش كۈچى بېرىپسەن. ئاللاھىم! ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن!» دېدى.

ئاللاھ تائالا:

**«ئۇلار، ئەھمەدنىڭ ئۈممىتىدۇر.»** دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«ئى رەببىم! ئۇ يەردە ھەم بۇرۇنقى كىتابلارغا ھەمدە ئاخىرقى كىتابقا ئىمان ئېيتقان، ھەر خىل بۇزغۇنچىلىقلارغا جەڭ ئېلان قىلغان بىر ئۈممەت زىكىر قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن!» دېدى.

ئاللاھ تائالا:

**«ئۇ ئەھمەدنىڭ ئۈممىتىدۇر.»** دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«ئى رەببىم! ئۇ يەردە شۇنداق بىر ئۈممەت زىكىر قىلىنىپتۇكى، ئەگەر ئۇلاردىن بىرى بىر ياخشىلىق قىلىشقا نىيەت قىلىپ ئۇ ياخشىلىقنى قىلالمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا 10 دىن 700 ھەسسىچىلىك ساۋاپ بېرىلىپتۇ. ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىم قىلغىن!» دېدى.

ئاللاھ تائالا:

**«ئۇلار ئەھمەدنىڭ ئۈممىتىدۇر»** دېدى.

نەقىل قىلىنىشىچە، بۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىدىكى لەۋھەلەرنى بىر يانغا قويۇپ: «ئاللاھىم! مېنىمۇ مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىدىن قىلغىن» دەپ يىغلىندى. (ئىبنى كەسىر، «تەپسىر»، 2، 259)

ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇنكى، بىز ھېچبىر بەدەل تۆلىمەيلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان ھالدا دۇنياغا كەلدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك شۈكۈر قىلساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ. لېكىن ھەر نەرسىنىڭ بىر بەدىلى بولغاندەك بۇ نېمەتنىڭمۇ بىر بەدىلى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇھەممەد ئۈممىتى بولۇشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ياخشى بىر ئۈممەت بولۇپ ياشىشىمىز كېرەككى، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئورۇن ئېلىپ ئۇنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىشنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئىسرائىل ئوغۇللىرى، بىر مەزگىل تىنىچ-ئامان ياشىدى، كېيىن يەنە ئازدى. تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى، بولارنى تەدبىقلاشتا قىيىنچىلىق چەككەنلىكىنى ئېيتتى. تەۋبە قىلغان چاغدىكى بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئۇنۇتتى. ئاللاھ تائالا تۇر تېغىنى مۆجىزە قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەكەلدى. ئۇلار ناھايىتى قورقۇپ، سەجدە قىلغان ھالدا تاغنىڭ بېشىغا چۈشىشىدىن قورقۇپ:

وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَكُمْ وَرَفَعْنَا فَوْقَكُمُ الطُّورَ خُذُواْ مَا آتَيْنَاكُم بِقُوَّةٍ وَاذْكُرُواْ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ثُمَّ تَوَلَّيْتُم مِّن بَعْدِ ذَلِكَ فَلَوْلاَ فَضْلُ اللّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ لَكُنتُم مِّنَ الْخَاسِرِينَ

**"ئۆز ۋاقتىدا، بىز سىلەردىن چىن ۋەدە ئالغان ۋە تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ قويغان، سىلەرگە: «(دۇنيادا ھالاك بولۇشتىن، ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار (يەنى تەۋراتقا ئەمەل قىلىڭلار)، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار» (دېگەن ئىدۇق) شۇنىڭدىن كېيىن (بەرگەن ۋەدەڭلاردىن) يۈز ئۆرۈدۈڭلار، سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتىڭلار."** (سۈرە بەقەرە، 63 - 64 - ئايەت)

لېكىن ئىسرائىل ئوغۇللىرى يەنە ئۆزى بىلگەننى قىلدى. چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەر ئىلاھى ئازاپقا دۇچار بولدى:

وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ الَّذِينَ اعْتَدَواْ مِنكُمْ فِي السَّبْتِ فَقُلْنَا لَهُمْ كُونُواْ قِرَدَةً خَاسِئِينَ
فَجَعَلْنَاهَا نَكَالاً لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهَا وَمَا خَلْفَهَا وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ

**"ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى (بېلىق تۇتماسلىق) توغرىسىدىكى شەرىئەت چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى (قانداق قىلغانلىقىمىزنى)، ئەلۋەتتە بىلىسىلەر، بىز ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق. ئۇنى (يەنى ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ جازانى) زاماندىشلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلدۇق."** (سۈرە بەقەرە، 65 - 66 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلدىن قەستەن يامانلىق قىلغانلارنى مايمۇنغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. كېيىن ئۇلارنى ھالاك قىلدى. بۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەسلىنىڭ مايمۇندىن بولغانلىقىنى داۋا قىلغانلار بىلەن بىر ئالاقىسى يوق، شۇنداقلا بۇلاردا نەسىل داۋاملىششمۇ بولمىدى..

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَاقَهُمْ لَعنَّاهُمْ وَجَعَلْنَا قُلُوبَهُمْ قَاسِيَةً يُحَرِّفُونَ الْكَلِمَ عَن
مَّوَاضِعِهِ وَنَسُواْ حَظًّا مِّمَّا ذُكِّرُواْ بِهِ وَلاَ تَزَالُ تَطَّلِعُ عَلَىَ خَآئِنَةٍ مِّنْهُمْ إِلاَّ
قَلِيلاً مِّنْهُمُ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاصْفَحْ إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ

**"ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار (تەۋراتتا) ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى بايقاپ تۇرىسەن، (ئەگەر تەۋبە قىلسا) ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، (ئەگەر ئىمان ئېيتسا) ئۇلارنى كەچۈرگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ."** (سۈرە مائىدە، 13 - ئايەت)

تەۋرات يالغۇز بىر نۇسخا ئىدى. ھېچكىم ئۇنى پۈتۈنلەي يادقا ئالمىدى. ئىسرائىل ئوغۇللىرى، بابىللىقلارغا ئەسىرگە چۈشكەندە بۇ يالغۇز نۇسخا يوقاپ كەتتى. ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئىسرائىل ئوغۇللىرى، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، ئېسىدە قالغان بەزى بۆلۈملەرنى يېزىپ چىقتى. بۈگۈنكى مەۋجۇت بولغان

تەۋراتمۇ، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بۇرۇنقى بۆلۈملەر بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ھەققىدە يېزىلغان قىسسىلەردىن تەركىپ تاپىدۇ.

## كالىنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشى

ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن ئامىل ئىسىملىك بىر باي ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنى ئۆلتۈرگەن تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەتلەر بار:

1. ئۇنى ناھايىتى كەمبەغەل ۋە پېخسىق بولغان تاغىسىنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ ئۆلتۈردى.

2. ئامىل بىر ئايال بىلەن نىكاھلانغان بولۇپ، تاغىسىنىڭ ئوغلىمۇ ئۇ ئايالنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈردى.

قاتىل ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئىككى يېزا ئارىسىغا تاشلاپ قويدى، ئۇنىڭ مەقسىتى، بۇ ئىككى يېزىنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىش ئىدى.

خەلق مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، قاتىلنى تېپىپ ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىككىلىنىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئاللاھ تائالا بىر كالا قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرىدى. بەنى ئىسرائىل مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:

«قاتىل بىلەن كالا قۇربانلىق قىلىشنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ سەن بىزنى ئەخمەق كۆرۈۋاتامسەن؟» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇ ئېتىرازلىرى بىلەن ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بولغان ئىتائەتسىزلىكىدىن خەۋەر بېرىشكە باشلىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

«مەن رەببىمنىڭ ئەمرىنى بىلدۈرۈۋاتىمەن!» دېدى.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ إِنَّ اللّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تَذْبَحُواْ بَقَرَةً قَالُواْ أَتَتَّخِذُنَا هُزُواً قَالَ أَعُوذُ بِاللّهِ أَنْ أَكُونَ مِنَ الْجَاهِلِينَ قَالُواْ ادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لّنَا مَا هِيَ قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ لاَّ فَارِضٌ وَلاَ بِكْرٌ عَوَانٌ بَيْنَ ذَلِكَ فَافْعَلُواْ مَا تُؤْمَرونَ قَالُواْ ادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا لَوْنُهَا قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ صَفْرَاء فَاقِعٌ لَّوْنُهَا تَسُرُّ النَّاظِرِينَ

**"ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە: « ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇلار: «بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مۇسا: «جاھىللاردىن (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا: «ئاللاھ ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ رەڭگىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا ئېيتتىكى، «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى»."** (سۈرە بەقەرە، 67 - 69 - ئايەت)

يەھۇدىلار بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كالىنى بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدىن تاپتى. ئايال تۇرمۇشنى بۇ كالا بىلەن قامدايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كالىنى سېتىشقا قوشۇلماي 1000 ئاقچا تەلەپ قىلدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ:

«ئايالنىڭ دېگىنىنى بېرىپ كالىنى ئېلىڭلار!» دېيىشى بىلەن ئىسرائىل ئوغۇللىرى رازى بولدى. لېكىن بۇ قېتىم ئايال 2000 ئاقچا دەپ تۇرۇۋالدى.

قەۋمى بۇ باھانى قىممەت كۆرۈپ بۇ كالىنى ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:

قَالُواْ ادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَ إِنَّ البَقَرَ تَشَابَهَ عَلَيْنَا وَإِنَّآ إِن شَاء اللَّهُ لَمُهْتَدُونَ
قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ لاَّ ذَلُولٌ تُثِيرُ الأَرْضَ وَلاَ تَسْقِي الْحَرْثَ مُسَلَّمَةٌ لاَّ شِيَةَ فِيهَا
قَالُواْ الآنَ جِئْتَ بِالْحَقِّ فَذَبَحُوهَا وَمَا كَادُواْ يَفْعَلُونَ

**"ئۇلار: «پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىن، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىزگە بايان قىلسۇن، (يەنى دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلگەن كالىمۇ، ياكى سەمرىتىش ئۈچۈن بېقىلغان كالىمۇ؟) بۇ بىزگە مۇجمەل بولۇپ قالدى (بۇ ئېنىق بولىدىغان بولسا) خۇدا خالىسا (ئۇنى) بىز چوقۇم تاپىمىز» دېدى. مۇسا: «ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغۇرۇپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى، بېجىرىم، ئالىسى يوق (يەنى رەڭگىدە سېرىقلىقتىن باشقا رەڭ يوق)**

**بولۇشنى ئېيتتى» دېدى. ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» دېدى ئۇلار (كالىنى) تېپىپ كېلىپ بوغۇزلىدى، (ئۇلار سوئال سوراۋەرگەنلىكتىن بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى."** (سۈرە بەقەرە، 70 - 71 - ئايەت)

بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى ئاز قالدى. چۈنكى بۇ سۆزلەر ئۇ ئايالنىڭ كالىسىنى كۆرستىپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئايال كالىنىڭ باھاسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ 10000 ئاقچىغا چىقاردى. ئەڭ ئاخىرىدا:

«ھايۋاننى ئېلىپ ئۇنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تېرىسىدىن تولۇم ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىنى ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇپ بېرىسلەر! شۇنىڭدىلا ئۇنى سىلەرگە سېتىشىم مۇمكىن.» دېدى.

بەنى ئىسرائىل يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىلتىجا قىلىپ كەلدى. ئۇ بولسا: «ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم ئېلىڭلار!» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن قەۋمى:

«ئۇنداق بولسا دەرھال ئالايلى، ئەمرى ئورۇندالسۇن؛ ئۇنداق بولمىغاندا كېيىن تۆلىيەلمەيمىز.» دېدى ۋە كالىنى ئالدى.

جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَإِذْ قَتَلْتُمْ نَفْساً فَادَّارَأْتُمْ فِيهَا وَاللّهُ مُخْرِجٌ مَّا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ

**"ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە (قاتىلنىڭ كىملىكى توغرىسىدا دەتالاش قىلىشقان ئىدىڭلار. سىلەر يوشۇرماقچى بولغان نەرسىنى (يەنى قاتىلنىڭ ئىشىنى) ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر."** (سۈرە بەقەرە، 72 - ئايەت)

بەنى ئىسرائىل بۇ قېتىم كالىنىڭ پۇلىنى تۆلىمىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: «پۇلىنى تۆلىمىسەڭلار، ئۆلۈك تىرىلمەيدۇ!» دېدى.

ئۇلار چارىسىز كالىنىڭ تېرىسىدىن تولۇم ياساپ ئىچىنى ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇپ ئايالغا بەردى.

فَقُلْنَا اضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا كَذَلِكَ يُحْيِي اللّهُ الْمَوْتَى وَيُرِيكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ

**"(سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (يەنى كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ،**

**سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ."**
(سۈرە بەقەرە، 73 - ئايەت)

ئايەتتە **«كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار!»** دېيىشتىن مەقسەت، بۇ ۋەقەگە تېخىمۇ كۆپ دىققەت قوزغاش ئۈچۈندۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق بىر ئۇسۇل قوللانغان ۋە نەتىجىدە مۆجىزە ھەقىقەتكە ئايلانغان. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ تائالا شۈبھىسىز قۇدرىتى ئىلاھى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر.

نەتىجىدە ھايۋاننىڭ تىلىنى شۇنداق بىر تەگكۈزۈپ قويۇشى بىلەن ئۆلۈك قان ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ھەقىقەتلەرنى بايان قىلدى.

«مېنى تاغامنىڭ ئوغۇللىرى ئۆلتۈردى. پالانى ۋە پالان..» دەپ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن قايتا ئۆلدى.

بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغان ئىككى ياشقا دەرھال قىساس جازاسى بېرىلدى.

ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ، ھەر ئېتىرازىنىڭ ئارقىسىدىن مۈشكۈللەر تېخىمۇ ئاشتى. ھالبۇكى، ئىلاھى ئەمر تۇنجى قېتىم كەلگەندە قانداقلا بىر كالا بوغۇزلىغان بولسا بۇيرۇق ئىجرا قىلىنغان بولاتتى. لېكىن ئۇلار ئۈستى-ئۈستىگە سوئال قويۇپ، بۇنى خالىمىغاندەك مەسىلىنى ئۆزلىرى ئېغىرلاشتۇردى. كۆپ ئېتىراز قىلىشى ۋە ھەددىنى بىلمەسلىكى ئۇلارنى تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلدى.

بىھۇدە سوئال سوراش جائىز ئەمەستۇر. قازا ۋە قەدەر ھەققىدە ھەددىدىن ئارتۇق ئويلىنىشقا بولمايدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە تەسلىمىيەت كۆرسىتىپ ئىتائەت قىلىش كېرەك. چۈنكى كېرەكسىز سوئال ۋە ئېتىرازلار، يېڭى چەكلىمە ۋە ۋەزىپىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ئېغىرلىششىغا سەۋەپ بولىدۇ.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مەن سىلەرنى ئۆز ھالىڭلاردا قويۇپ بەرگىنىمدە، سىلەرمۇ مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇپ بېرىڭلار. چۈنكى سىلەردىن بۇرۇنقىلار، پەيغەمبەرلىرىگە كۆپ سوئال سوراش ۋە ئالغان جاۋابلىرى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشى سەۋەبىدىن ھالاك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە بىر ئىشنى بۇيرۇسام ئۇنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىشقا تىرىشىڭلار. قايسى ئىشتىن چەكلىسەم ئۇنىڭدىن يىراق بولۇڭلار!» (مۇسلىم، «ھەج»، 412)

ئىسرائىل ئوغۇللىرى بۇرۇن بىر موزايغا چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا كالا قۇربانلىق قىلىش بۇيرۇلدى. مەقسەت ئۇلارغا كالىدا بىر ئىلاھى كۈچ بولمىغانلىقنى بىلدۈرۈش ئىدى. چۈنكى ئىنسان ئۆزىدىكى قۇللۇق تۇيغۇلىرى بىلەن بەزىدە خاتالىشىپ، ئىلاھىنى، ئۆزى ياشاۋاتقان ئالەمنىڭ ئىچىدە ۋە ئىدراك سالاھىيەتلىرى ئىچىدە ئىزدەش بىلەن گاڭگىراپ قېلىشى مۇمكىن.

ئىلاھى ئەمرگە بويسۇنۇش جەھەتتە، ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئىنتايىن سۇس ۋە پاسسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قاتىللار دەرھال تېپىلمىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۆز ئىچىدىمۇ جېدەل-ماجىرالار كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ ئىشلار كالىنىڭ بوغۇزلىنىشى بىلەن بېسىقتى.

ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن بەزىلىرىنىڭ "ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە" ئىمانلىرىدا شەك بار ئىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇ شەك يوقالدى.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېراجدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېراجدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر قانچە قېتىم كۆرۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدىن ئەللىك ۋاقىت ناماز بىلەن قايتىۋاتقاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭغا:

«مەن سەندىن بۇرۇن ئىسرائىل ئوغۇللىرىدا سىناق قىلدىم. ئەللىك ۋاقىت ناماز سېنىڭ ئۈممىتىڭگە ئېغىر كېلىدۇ!» دەپ جانابى ئاللاھدىن ئەللىك ۋاقىتنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا بەش قېتىم ئىلتىجا قىلىپ، ئاخىرىدا بەش ۋاقىتقا چۈشۈرۈلدى.

بۇ ۋەقەدىكى ئەڭ مۇھىم ھېكمەت ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە-ساۋاقلاردىن پايدىلىنىشنىڭ لازىملىقىدۇر.

**قارۇن**

قارۇن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ياكى تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. تەۋراتنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قالسىلا ئەڭ گۈزەل ئوقۇيتتى. ئۇ بۇرۇن ئىنتايىن نامرات بولۇپ، باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭغا قىممەتلىك مەدەنلەردىن ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىلمى بېرىلدى.

قارۇن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن، بەنى ئىسرائىلنىڭ پىرئەۋنىنىڭ يېنىدىكى ۋەكىلى ئىدى. قول ئاستىدىكىلەرگە زۇلۇم قىلاتتى. ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىلىم ۋە ئىبادەتكە بېرىلدى.

لېكىن مەلئۇن شەيتان ئىنسان قىياپىتىدە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولدى. كېيىن پۇرسەت تېپىپ دوستانە ھالدا:

«ئى قارۇن! باشقىلارغا تايىنىپ ياشىغانىنىڭ ئورنىغا ھەپتىدە بىر كۈن ئىشلەپ ئالتە كۈن ئىبادەت قىلايلى!» دېدى.

بۇ پىكىر قارۇنغا مۇۋاپىق كەلدى. شەھەرگە چۈشۈپ بىر كۈن ئىشلەپ بۇ بىر كۈندە تاپقان ئەجرى بىلەن ئالتە كۈن ئىبادەت قىلدى.

تۇنجى قېتىملىق مۇۋاپىقىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن شەيتان بۇ قېتىم:

«ئى قارۇن! كۆردۈڭمۇ؟ ھېچكىمگە موھتاج بولمىدۇق! ھەپتىنىڭ يېرىمىدا پۇل تېپىپ يېرىمىدا ئىبادەت قىلايلى! ئۇنداق بولغاندا تاپقان پۇلىمىزنىڭ ئارتۇقىنى نامراتلارغا سەدىقە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز» دېدى.

تۇنجى قېتىم يول قويۇپ كۆنگەن قارۇنغا بۇ پىكىر تېخىمۇ يېقىملىق بىلىنىپ، بۇنىمۇ قوبۇل قىلدى.

شەيتان ھىلىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشكەن ئىدى. ئىشلەش ۋاقتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى:

«تېخىمۇ كۆپ ئىشلەپ كۆپ پول تاپايلى! بۇ پۇل بىلەن ھەم ئىبادەت قىلىپ ھەم تېخىمۇ كۆپ نامراتلارنى سۆيۈندۈرەلەيمىز!» دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئاستا-ئاستا قارۇنىنىڭ قەلبىگە دۇنيا مەيلى ۋە مۇھەببىتى سىڭىشقا باشلىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن بېرىلگەن ئالتۇن ئىشلەپ چىقىرىش ئىلمى بىلەن ئىنتايىن بېيىپ كەتتى. قەلبى دۇنيا ھېرىسمەنلىكى بىلەن تولۇپ، ئۆزىدىكى بۇرۇنقى گۈزەل خىسلەتلەرنى يوقۇتۇپ قويىدى، غۇرۇر ۋە كىبىرلىككە چۈشتى. لېكىن ئۇنىڭ بايلىقى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگۈتۈپ قويغان ئىلمى سايىسىدە بولغان ئىدى.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق زىكىر قىلىنىدۇ:

إِنَّ قَارُونَ كَانَ مِن قَوْمِ مُوسَى فَبَغَى عَلَيْهِمْ وَآتَيْنَاهُ مِنَ الْكُنُوزِ مَا إِنَّ مَفَاتِحَهُ لَتَنُوءُ بِالْعُصْبَةِ أُولِي الْقُوَّةِ إِذْ قَالَ لَهُ قَوْمُهُ لَا تَفْرَحْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْفَرِحِينَ

**"قارۇن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى، قارۇنغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى، ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ."** (سۈرە قەسەس، 76 - ئايەت)

قەلبى دۇنياغا مايىل بولۇپ كەتكەن قارۇن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئىچى پۇشۇپ تەۋسىيەلىرىنى كۆتىرەلمەيدىغان ھالغا كەلدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ نەسەبىدىن بولغان لەۋىلىكلەرگە قۇربانلىق كېسىش ۋەزىپىسى بېرىلگەندە، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھەسەتخورلۇق تېشىغا چىقىپ، غەزەپلەنگەن ھالدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«ئى مۇسا! قېرىنداشىڭ ھارۇنغا قۇربانلىق كېسىش ۋەزىپىسىنى بەردىڭ. مېنىڭ مۇنداق بىر سالاھىيىتىم يوق! ھالبۇكى، مەن تەۋراتنى ئىنتايىن ياخشى ئوقۇيمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھارۇندىن تېخىمۇ ئۈستۈن تۇرىمەن! بۇ ھەقسىزلىقنى قانداق چىدايمەن؟» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

«ھارۇنغا بۇ ۋەزىپە ۋە مەنسەپنى مەن ئەمەس، جانابى ئاللاھ بەردى!» دېدى.

لېكىن قارۇن چىڭ تۇرۇپ:

«ماڭا بىر ئالامەت كۆرسىتىلمىگىچە بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنىڭ چوڭلىرىنى يىغىپ:

«ھاساڭلارنى كەلتۈرۈڭلار! ھەممىسىنى مەلۇم بىر يەرگە قويايلى. كىمنىڭ ھاسىسى يېشىللىققا ئايلانسا، قۇربان كېسىشكە ئۇ لايىقتۇر!» دېدى.

ھاسىلار كەلتۈرۈلۈپ ئىبادەتخانىلىرىغا قويۇپ قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىلا يېشىللىققا ئايلىنىپ يوپۇرماق چىقاردى.

بۇ ئوچۇق مۆجىزە ئالدىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام قارۇنغا قاراپ:

«ئى قارۇن! بۇنى مەن قىلدىممۇ؟» دېدى.

قارۇن گاڭگىراپ قالدى. ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگەن بولسىمۇ نەپسىگە ئەگىشىپ:

«بۇ سېھىرگەرلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس!؟» دەپ غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇ يەردىن چىقىپ كەتتى.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ كىيىملىرىگە كۆك لېنتا تاقىشىنى بۇيرىدى. قارۇن بۇنىڭغىمۇ قارشى چىقىپ:

«بۇ پەقەت خوجايىنلىرىنى قۇللىرىدىن ئايرىش ئۈچۈندۇر» دەپ تاقىمىدى.

قارۇنىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئۆچمەنلىكى بارغانسىرى ئاشتى. نەپسىدىكى ھەسەتخورلۇق ئوتى ئىچىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئەتراپىدىكىلەرنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن زىياپەتلەر بېرىشكە ۋە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى كۆرسىتىدىغان سۆھبەتلەر قىلدى.

بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭ زاكىتىنى ھېسابلاپ، مېلىنىڭ زاكىتىنى بېرىشكە تەۋسىيە قىلغاندا، قارۇن:

«ئەمدى مېلىمغا كۆز تىكتىڭمۇ؟ بۇ بايلىقنى مەن تاپتىم!» دېدى.

ئاللاھ قارۇنغا خىتابەن مۇنداق دېدى:

وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِن كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ

**"ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ».**" (سۈرە قەسەس، 77 - ئايەت)

قَالَ إِنَّمَا أُوتِيتُهُ عَلَى عِلْمٍ عِندِي أَوَلَمْ يَعْلَمْ أَنَّ اللَّهَ قَدْ أَهْلَكَ مِن قَبْلِهِ مِنَ الْقُرُونِ مَنْ هُوَ أَشَدُّ مِنْهُ قُوَّةً وَأَكْثَرُ جَمْعًا وَلَا يُسْأَلُ عَن ذُنُوبِهِمُ الْمُجْرِمُونَ فَخَرَجَ عَلَى قَوْمِهِ فِي زِينَتِهِ قَالَ الَّذِينَ يُرِيدُونَ الْحَيَاةَ الدُّنيَا يَا لَيْتَ لَنَا مِثْلَ مَا أُوتِيَ قَارُونُ إِنَّهُ لَذُو حَظٍّ عَظِيمٍ وَقَالَ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ وَيْلَكُمْ ثَوَابُ اللَّهِ خَيْرٌ لِّمَنْ آمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا وَلَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الصَّابِرُونَ

**"قارۇن: «مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن بۇ بايلىققا ئېرىشتىم» دېدى. قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ**

**كۈچلۈك، توپلىغان (مېلى) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمىدىمۇ؟ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى (ئاللاھ بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر. قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار: «كاشكى بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى. ئىلىملىك كىشىلەر: «ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە ئاللاھنىڭ ساۋابى ياخشىدۇر. ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ» دېدى."** (سۈرە قەسەس، 78 - 80 - ئايەت)

**بۆھتان**

بىر كۈنى قارۇن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى يىغدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئۇ يەرگە چاقىرىپ:

«ئى مۇسا! ئاللاھنىڭ شۇ ئەمىرلىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرگىن: ئوغرىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ زىنا قىلغانىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ بولارنى سەن قىلساڭ سېنىڭ ئەھۋالىڭ قانداق بولىدۇ؟» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«ئوغرىلىق قىلغانىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، زىنا قىلغان چالما-كېسەك قىلىنىدۇ!» دېدى.

قارۇن تەكرارلىغان ھالدا:

«ئەگەر بولارنى سەن قىلساڭچۇ؟!» دەپ سورىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«ماڭىمۇ ئوخشاش جازا بېرىلىدۇ !» دېدى.

بۇنىڭ ئۈستىگە خېلى بۇرۇنلا پەسكەش بىر پىلان قۇرۇپ قويغان قارۇن، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن بىر ئايالنى چاقىرىپ:

«ئى ئايال، بۇ يەرگە كەل! كېلىپ مۇسا بىلەن قىلغان پەسكەشلىكىڭنى ۋە ئېپپەتسىزلىكىڭنى ئېيتقىن!» دېدى.

بۇ چېكىدىن ئاشقان قەبىھ بۆھتان ئالدىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام قاتتىق غەزەپلەندى.

ئۇ ئەسنادا ئۇ ئايالمۇ يانلىرىغا كەلدى. بىر نەرسىلەر دېمەكچى ئىدى، ئەمما تىلى تۇتۇلۇپ، ھېچنىمە دېيەلمىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام غەزەپلەنگەن ھالدا سورىدى:

«ئى ئايال! دېگىنىڭنى يېرىپ يول ئاچقان ۋە تەۋراتنى نازىل قىلغان ئاللاھنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن توغرا سۆزلىگىن: مەن سېنى تونۇمدىمەن؟ مېنىڭ سەن بىلەن بىر مۇناسىۋىتىم بارمۇ؟»

ئايال ئىنتايىن پۇشايمان قىلغان ھالدا:

«ئى مۇسا! قارۇن ماڭا كۆپلەپ مال-مۈلۈك بەردى ۋە ساڭا بۇ بۆھتاننى چاپلىشىم ئۈچۈن مېنى زورلىدى!» دېدى ۋە ئاخىرىدا قاتتىق تەۋبە قىلدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلغان ھالدا:

«ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ جازاسىنى بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلدى..

بۇ بەددۇئادىن كېيىن يەر يېرىلدى ۋە بۇ پەسكەش پىلاننى قۇرغان قارۇن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر، خەزىنىلىرى بىلەن بىللە يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا پېتىپ كەتتى.

جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

فَخَسَفْنَا بِهِ وَبِدَارِهِ الْأَرْضَ فَمَا كَانَ لَهُ مِن فِئَةٍ يَنصُرُونَهُ

مِن دُونِ اللَّهِ وَمَا كَانَ مِنَ الْمُنتَصِرِينَ

**"قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى."** (سۈرە قەسەس، 81-ئايەت)

قارۇننىڭ دۇنياغا بولغان زىيادە مايىللىقى ۋە باشقىلارغا بېرىلگەن نېمەتلەرگە ھەسەت قىلىشى ئۇنى ھالاك قىلدى. شۇڭا قۇرئاندا ھەسەتخورلارنىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سېغىنىشىمىزنىڭ لازىملىقى دۇئا شەكلىدە مۇنداق بىلدۈرۈلىدۇ:

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ

وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ

**"«مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھرگەرلەرنىڭ شەررىدىن،**

**ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (ئاللاھ) غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن."** (سۈرە فەلەق، 1-5-ئايەت)

ھەسەتخورلارنىڭ ئاقىۋىتى زىيان تارتىشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر.

خەلق، قارۇن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇشنى تەمە قىلغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلدى:

وَأَصْبَحَ الَّذِينَ تَمَنَّوْا مَكَانَهُ بِالْأَمْسِ يَقُولُونَ وَيْكَأَنَّ اللَّهَ يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَن يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَيَقْدِرُ لَوْلَا أَن مَّنَّ اللَّهُ عَلَيْنَا لَخَسَفَ بِنَا وَيْكَأَنَّهُ لَا يُفْلِحُ الْكَافِرُونَ تِلْكَ الدَّارُ الْآخِرَةُ نَجْعَلُهَا لِلَّذِينَ لَا يُرِيدُونَ عُلُوًّا فِي الْأَرْضِ وَلَا فَسَادًا وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ

**"تۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ دەرىجىسىنى ئارزۇ قىلغانلار دېيىشتىكى، «پاھ كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدىكەن، ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان (يەنى ئازۇ قىلغىنىمىزنى بەرگەن) بولسا ئىدى، بىزنى ئەلۋەتتە يەر يۇتاتتى، ۋاي كۆردۈڭمۇ؟ كاپىرلار نىجات تاپمايدۇ»" ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر."** (سۈرە قەسەس، 82-83-ئايەت)

قارۇن قىسسىسى تەكەببۇر، ھەسەتخور ۋە ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەرنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خۇلاسىلىغاندا، بۇ قىسسىدىكى بۆھتان ھەققىدە ئەھلى تەسەۋۋۇپ مۇنداق دەيدۇ:

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇندىن بۇرۇنقى ئىلاھى ۋەھيىگە تايانماستىن قىلغان بىر ئىشنى، يەنى فىرئەۋننىڭ ناۋىيى بولغان قاتۇننى ئۇتىرىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەپ بولۇپ قېلىشى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلغان ئىدى. ھەتتا بۇ سەۋەپ بىلەن جانابى ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا بىۋاستە ھالدا: **"سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ!"** (سۈرە تاھا، 40-ئايەت) دېگەن ئىدى. يەنى جانابى ئاللاھ ئۇنى:

«بىزنىڭ ۋەھيىمىز ۋە ئەمرىمىز بولماستىن ئۇ قىبتىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ» دەپ، تەنقىد قىلغان ئىدى.

بۇ تىكەن قايتا-قايتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە پاتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ مەقستى زومىگەرلىك قىلىش ئەمەس ئىدى. پەقەت ئۆز بېشىغا خالىغانچە قىلغان بىر ئىش، نۇرغۇن بۆھتانلارنىڭ بېشىغا كېلىشىگە سەۋەپچى بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭلار:

«ئىلاھى ئەمىرلەرگە تايانمىغان ئۆز بېشىغا ئىش قىلىش سەۋدالىرىڭنى بېشىڭدىن ئاتمايدىغان بولساڭ، سېنى سېنىڭ قىلىچىڭ بىلەن جايلايدۇ ۋە ئۆز قىلىچىڭنىڭ مەقتۇلى بولىسەن. يەنى ئۆز قىلىچىڭ بىلەن ئۆلىسەن» دېگەن.

**مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالام**

پىرئەۋن قىزىل دېڭىزدا بوغۇلۇپ ئۆلگەندىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە پاساھەت ۋە بالاغەت بىلەن جۇشقۇنلۇق ۋەز بېرىشكە باشلىدى. قەۋمى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلمى ۋە مەرىپىتىنىڭ چوڭقۇرلىقىدىن ھەيران بولۇپ، مۇنداق دېدى:

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بۇ دۇنيادا سەندىن ئالىمراق بىرسى بارمىدۇ؟»

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«مۇنداق بىرسىنى بىلمەيمەن!» دېدى.

ئۇ ئەسنادا ئۇنىڭغا ۋەھيي كېلىپ:

«ئىككى دېڭىزنىڭ بىرلەشكەن يېرىدە بىر قۇلۇم باركى، ئۇنىڭغا خاس بىر ئىلىم (لەدۇننى ئىلىم) بەردىم. ئۈممىتىڭنىڭ چوڭلىرىدىن بىرسى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بارغىن!» دېدى.

ئۇ بولسىمۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«ئۇ زاتنى قانداق تاپىمەن ئى رەببىم؟» دەپ يېلىندى.

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا سېۋەتتىكە تۇزلانغان ئۆلۈك بىر بېلىق قويۇشنى، بۇ بېلىقنىڭ تىرىلىپ دېڭىزغا ئاتلىغان ۋە ئىككى دېڭىز بىرلەشكەن جايدا تاپالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

راۋايەتلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام سىڭلىسىنىڭ ئوغلى بولغان يۇشا بىن نۇن بىلەن خىزىرنى تېپىش ئۈچۈن دەرھال يولغا چىقتى.

قۇرئاندا بۇ ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِفَتَاهُ لَا أَبْرَحُ حَتَّى أَبْلُغَ مَجْمَعَ الْبَحْرَيْنِ أَوْ أَمْضِيَ حُقُبًا

**"ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ياش خادىمىغا (يەنى يۇشەئ ئىبنى نۇنغا): «ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يەتمىگىچە مېڭىشىمنى توختاتمايمەن، (شۇ جايغا يەتكەنگە قەدەر) ئۇزاققىچە مېڭىۋېرىمەن» دېدى."** (سۈرە كەھف، 60 - ئايەت)

ھەزرىتى مەۋلانا بۇ ۋەقەنى مۇنداق بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

" ئى پەزىلەتلىك كىشى! بۇ مەنىۋى ئىشتىياقنى «كەلىمۇللاھ» بولغان مۇسا ئەلەيھىسسالامدا كۆرگىن! مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قارا:

«مۇنچىۋالا ماقامغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ ئۆزەمدە بارلىق ھېس قىلمايمەن. تېخىمۇ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن روھىمغا نۇر بېغىشلايدىغان خىزىرنى ئىزدەۋاتىمەن.»

مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىرنى ئىزدەشكە قارار بەرگەنلىكى ئۈچۈن قەۋمى:

«ئى مۇسا! سەن قەۋمىڭنى تاشلاپ سەندىن تۆۋەن تۇرىدىغان بىر زاتنىڭ پېشىگە چۈشۈپسەن!

ھالبۇكى، سەن «خەۋپ» قورقۇ ۋە «رەجا» ئۈمىدتىن قۇتۇلغان بىر پەيغەمبەر سەن. قاچانغىچە ئايلىنىپ نەدىن تاپىسەن؟

ئىزدەۋاتقىنىڭ سەندە! بۇنى سەنمۇ بىلىسەن. ئى ئۇلۇغ پەيغەمبەر! زېمىندا يەنە قانچىلىك ئايلىنىپ يۈرىسەن؟»

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە:

«ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاي بىلەن قۇياشنىڭ يولىنى توسماڭلار! مەن پەيغەمبەرلىك ھىلال ئېيى، خىزىر بولسا ۋەلىلىك (ئەۋلىيالىق) قۇياشىدۇر. يەنى مەندىن ئۈستۈن پەيغەمبەرلەر بار. خىزىر بولسا ۋەلىلەرنىڭ ئەن ئۈستۈن ماقامىدىدۇر» دېگەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام داۋاملاشتۇرۇپ:

«مەن زامانىمنىڭ سۇلتانى بولغان بىر ۋەلى بىلەن سۆھبەت ئۈچۈن ئىككى دېڭىزنىڭ بىرلەشكەن يېرىگە كېتىۋاتىمەن.

ھەقىقەت ۋە مەرىپەتكە يېتىش ئۈچۈن خىزىرنى ۋەسلە قىلىمەن. شۇڭا ئۇنى تاپقۇچە ئۇزۇن مۇددەت سەپەر قىلىمەن.

ھىممەت ۋە ئەزىمەت قاناتلىرى بىلەن يىللارچە ئۇچىمەن. مىڭلارچە يىل كەتسىمۇ ئۇنى چوقۇم ئىزدەپ تاپىمەن. بۇ سەپەر ئۇ جەۋھەرنى تېپىشقا ئەرزىمەسمۇ؟» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە يۇشا بىن نۇن:

فَلَمَّا بَلَغَا مَجْمَعَ بَيْنِهِمَا نَسِيَا حُوتَهُمَا فَاتَّخَذَ سَبِيلَهُ فِي الْبَحْرِ سَرَبًا

**"ئۇلار ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يېتىپ بارغاندا، بېلىقنى ئۇنتۇپ قالدى، بېلىق دەرياغا يول ئېلىپ كەتتى."** (سۈرە كەھف، 61 - ئايەت)

بىر رىۋايەتتە، ئۇلار ئارام ئالغان ۋاقىتتا يۇشا بىن نۇن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇخلاپ قالغان بىر ۋاقىتتا بېلىقنىڭ تىرىلىپ دېڭىزغا ئاتلاپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. لېكىن بۇ ئەھۋالنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئويغىنىپ:

«قېنى يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، بەلكى خېلى ئۇزۇن يولىمىز بار» دېدى. بىرلىكتە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇزۇن بىر مۇددەتتىن كېيىن، بىر دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇشتى:

فَلَمَّا جَاوَزَا قَالَ لِفَتَاهُ آتِنَا غَدَاءَنَا لَقَدْ لَقِينَا مِن سَفَرِنَا هَذَا نَصَبًا

**"ئۇلار (ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىدىن) ئۆتكەندە مۇسا ياش خادىمىغا: «ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق» دېدى."** (سۈرە كەھف، 62 - ئايەت)

يۇشا بىن نۇن دەرھال ئەسلىدى:

«مەن ئۇلارنى بېلىقنىڭ دېڭىزغا ئاتلىغان يېرىدە ئۇنۇتتۇم!» دېدى.

قَالَ أَرَأَيْتَ إِذْ أَوَيْنَا إِلَى الصَّخْرَةِ فَإِنِّي نَسِيتُ الْحُوتَ وَمَا أَنسَانِيهُ إِلَّا الشَّيْطَانُ أَنْ أَذْكُرَهُ وَاتَّخَذَ سَبِيلَهُ فِي الْبَحْرِ عَجَبًا قَالَ ذَلِكَ مَا كُنَّا نَبْغِ فَارْتَدَّا عَلَى آثَارِهِمَا قَصَصًا فَوَجَدَا عَبْدًا مِّنْ عِبَادِنَا آتَيْنَاهُ رَحْمَةً مِنْ عِندِنَا وَعَلَّمْنَاهُ مِن لَّدُنَّا عِلْمًا

**"ياش خادىم: «بىز چوڭ تاش ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا (يۈز بەرگەن ئىشتىن يەنى پىشۇرۇلغان بېلىقنىڭ تىرىلىپ، سۇۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ دەرياغا كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قىزىق ئىشتىن) خەۋىرىڭ بارمۇ؟ مەن راستلا بېلىقنى ئۇنتۇپتىمەن. بېلىقنىڭ (ئاجايىپ ۋەقەسى) نى ساڭا ئېيتىشنى پەقەت شەيتان ماڭا ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ، بېلىق دەرياغا ئاجايىپ يول ئالغان ئىدى» دېدى. مۇسا: «بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى» دېدى ـ دە، ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە يېنىشتى. ئۇ ئىككىسى (بېلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ**

**مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمىي غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى (يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى."** (سۈرە كەھف، 63-65-ئايەت)

تەسەۋۋۇپتىكى «لەدۇننى ئىلىم» (ئىلمى غەيب) ئىسمىنى بۇ ئايەتتىن ئالغان. تەسەۋۋۇپ ئىلمى بىر قىسىم زاتلارغا مەخسۇستۇر ۋە ئۇنىڭ ئاساسى زۇھدتۇر، ئىخلاس تۇيغۇسىغا يېتىشتۇر. يەنى بۇ ئىلىم قەلبى ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كىشىنىڭ بۇ ھەقتە ئىستىدات ۋە قابىلىيتى بىلەن مەسئۇلىيىتىمۇ بار. قۇل ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن بۇ ئىستىداتنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا مەجبۇردۇر. بۇ نەپسىنى پاكلاشتۇرۇش بىلەن مۇمكىندۇر. لەدۇننى ئىلىم (غەيب ئىلمى) بولسا تەسەۋۋۇپ ئىچىدە مەنىۋى بىر تەلىم-تەربىيە نەتىجىسىدە يېتىدىغان ئاللاھ تائالادىن بولغان ۋەھبى ئىلىمدۇر. چۈنكى ئۇنى ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن جانابى ئاللاھ:

وَعَلَّمْنَاهُ مِن لَّدُنَّا عِلْمًا

**"... بىز ئۇنىڭغا خاس ئىلمىمىزنى ئۆگەتتۇق!."** (سۈرە كەھف، 65-ئايەت)

يەنە بەقەرە سۈرىسىدە ئاللاھ تائالا:

وَاتَّقُواْ اللّهَ وَيُعَلِّمُكُمُ اللّهُ

**"... ئاللاھنىڭ (ئەمرىگە ۋە نەھيىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر."** (سۈرە بەقەرە، 282-ئايەت)

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«ئىلمى باتىن (باتىنى ئىلىم) ئاللاھ تائالانىڭ سىرلىرىدىن بىر سىر ۋە ھېكمەتلىرىدىن بىر قىسىم ھېكمەتلەردۇركى، ئۇ ئىلىمنى قۇللىرىدىن خالىغان بىرىنىڭ قەلبىگە بېرىدۇ.» (سۇيۇتى، «ئەل جامىئۇسسەغىر»، 2، 52)

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ۋەھيى بىلەن ئىشارەت قىلىنغان زاتنى، بىر چوڭ تاشنىڭ ئۈستىدە يەكتەكلىگە يۆگەلگەن ھالدا تېپىپ، ئۇنىڭغا سالام بەردى.

«مەن مۇسا بولىمەن!» دېدى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

«دېمەك بەنى ئىسرائىل پەيغەمبىرى مۇسا سەن ئىكەنسەندە» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«ماڭا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىلدۈرۈلگەن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىمى سەنمۇ؟» دەپ سورىدى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

«ئى مۇسا! ئاللاھ ماڭا بىر ئىلىم بەرگەن بولۇپ، ئۇ سەندە يوق. ساڭا بىر ئىلىم بەرگەن بولۇپ، ئۇ مەندە يوق» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ئىلىمنى ئىگەللەش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. قارىماققا ئەقىل بىلەن چۈشىنىش مۇمكىن بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاجايىپ-غارائىپ كۆرۈلگەن بەزى ھەقىقەتلەرنىڭ ھېكمىتىنى خىزىر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگەنمەكچى ئىدى.

قَالَ لَهُ مُوسَى هَلْ أَتَّبِعُكَ عَلَى أَن تُعَلِّمَنِ مِمَّا عُلِّمْتَ رُشْدًا

**"مۇسا ئۇنىڭغا: «ئاللاھ ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟ (يەنى سۆھبىتىڭدە بولايمۇ؟)» دېدى."** (سۈرە كەھف، 66 - سۈرە)

خىزىر ئەلەيھىسسالام:

قَالَ إِنَّكَ لَن تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْرًا وَكَيْفَ تَصْبِرُ عَلَى مَا لَمْ تُحِطْ بِهِ خُبْرًا

**"ئۇ ئېيتتى: «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن. سەن چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن (يەنى قارىماققا يامان، ئەمما ماھىيىتىنى سەن چۈشەنمىگەن) ئىشقا قانداقمۇ سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟»."** (سۈرە كەھف، 67 - 68 - ئايەت)

بۇ سۆزلەر بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئەھۋالىنى تۇنجى قېتىم ئىگەللىدى. بىر قاراشتىلا ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇتقان بولۇپ، بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىدە ھەقىقەتكە ئايلىناتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغان ھېسسى، ئۆزىنىڭ ئورنىنى بىلىش ۋە بىر سەۋر دەرسى ئېلىش ئىدى. يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھال تىلى بىلەن:

«مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىشىڭ سېنىڭ قولۇڭدا ئەمەس. سەن بۇ ھەقتە ئۆزۈڭلۈك، چۈنكى بۇ ئىلىمنىڭ كامالى ساڭا تېخى بېرىلمىدى» دېمەكتە ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

قَالَ سَتَجِدُنِي إِن شَاءَ اللَّهُ صَابِرًا وَلَا أَعْصِي لَكَ أَمْرًا

**"مۇسا ئېيتتى: «ئاللاھ خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچى كۆرىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن». "** (سۈرە كەھف، 69 - ئايەت)

خىزىر ئەلەيھىسسالام:

«ئەگەر ماڭا ئەگىشىدىغان بولساڭ، ساڭا سىررىمنى ئاچمىغىچە، ھېچ بىر نەرسە ھەققىدە مەندىن سوئال سورىما! يەنى تارتىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، سوراپ چۈشىنىش ئۈچۈن بولسىمۇ سورىما!» دېدى.

قَالَ فَإِنِ اتَّبَعْتَنِي فَلَا تَسْأَلْنِي عَن شَيْءٍ حَتَّى أُحْدِثَ لَكَ مِنْهُ ذِكْرًا

**"(خىزىر) ئېيتتى: «ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (يولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بەرگىچە ئۇنىڭدىن سورىما (يەنى ئۆزۈم سۆزلەپ بەرمىگىچە قىلغان ئىشلىرىمدىن سورىما)». "** (سۈرە كەھف، 70 - ئايەت)

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مەشھۇر سەپەرگە چىقتى. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھېكمەت ۋە ئىبرەت بىلەن تولۇپ تاشقان سەپەر مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَانطَلَقَا حَتَّى إِذَا رَكِبَا فِي السَّفِينَةِ خَرَقَهَا قَالَ أَخَرَقْتَهَا لِتُغْرِقَ أَهْلَهَا

لَقَدْ جِئْتَ شَيْئًا إِمْرًا قَالَ أَلَمْ أَقُلْ إِنَّكَ لَن تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْرًا قَالَ

لَا تُؤَاخِذْنِي بِمَا نَسِيتُ وَلَا تُرْهِقْنِي مِنْ أَمْرِي عُسْرًا

**"شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە مېڭىپ كېلىپ بىر كېمىگە چىقىشتى، (خىزىر) كېمىنى تېشىۋەتتى (يەنى كېمىنىڭ بىر تاختىسىنى سۇغۇرۇۋەتتى)، مۇسا (ئۇنىڭغا): «كېمىدىكىلەرنى غەرق بولۇپ كەتسۇن دەپ كېمىنى تەشتىڭمۇ؟ سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچلۇق) چوڭ بىر ئىشنى قىلدىڭ» دېدى. (خىزىر) سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشتا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟» دېدى. مۇسا ئېيتتى: «ئەھدىنى**

**ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشتا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما». "** (سۈرە كەھف، 71-73-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامدا تۇنجى قېتىملىق ئۇنتۇش مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەسنادا بىر قۇشقاچ كېلىپ كېمىنىڭ قىرغىقىغا قونۇپ، ئاندىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن تۇمشىقىنى سۇغا چىلىدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:

«ئاللاھنىڭ ئىلمى يېنىدا سېنىڭ، مېنىڭ ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ئىلمى، شۇ قۇشنىڭ تۇمشىقى بىلەن دېڭىزدىن ئالغان سۇ مىقدارىچىلىكتۇر.»» دېدى. (بۇخارى، «تەپسىر»، 18 / 2-4)

فَانطَلَقَا حَتَّى إِذَا لَقِيَا غُلَامًا فَقَتَلَهُ قَالَ أَقَتَلْتَ نَفْسًا زَكِيَّةً بِغَيْرِ نَفْسٍ لَّقَدْ جِئْتَ شَيْئًا نُّكْرًا قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكَ إِنَّكَ لَن تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْرًا قَالَ إِن سَأَلْتُكَ عَن شَيْءٍ بَعْدَهَا فَلَا تُصَاحِبْنِي قَدْ بَلَغْتَ مِن لَّدُنِّي عُذْرًا

**"ئۇ ئىككىسى يەنى بىرلىكتە ماڭدى، ئۇلار بىر بالىنى ئۇچراتتى، (خىزىر) ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا: «سەن بىر بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن ھەقىقەتەن ياۋۇز ئىشنى قىلدىڭ»" (خىزىر) ئېيتتى: «ساڭا مەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟»" مۇسا ئېيتتى: «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلمىغىن، (ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە ئۈچ قېتىم خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن مېنىڭ ئالدىمدا (ماڭا ھەمراھ بولماسلىقتا) مەزۇرسەن». "** (سۈرە كەھف، 74-76-ئايەت)

بۇ سۆزى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزۆر تىلەشكە ھالىنىڭ قالمىغانلىقىنى ئاڭلىتىشنى خالىغان ئىدى.

فَانطَلَقَا حَتَّى إِذَا أَتَيَا أَهْلَ قَرْيَةٍ اسْتَطْعَمَا أَهْلَهَا فَأَبَوْا أَن يُضَيِّفُوهُمَا فَوَجَدَا فِيهَا جِدَارًا يُرِيدُ أَنْ يَنقَضَّ فَأَقَامَهُ قَالَ لَوْ شِئْتَ لَاتَّخَذْتَ عَلَيْهِ أَجْرًا قَالَ هَذَا فِرَاقُ بَيْنِي وَبَيْنِكَ سَأُنَبِّئُكَ بِتَأْوِيلِ مَا لَمْ تَسْتَطِع عَّلَيْهِ صَبْرًا

"ئۇ ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى، شەھەر ئاھالىسىدىن تاماق سورىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلىشتىن باش تارتتى، ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، (ئۇنى خىزىر قولى بىلەن سىلاپ) تۈزلەپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ» (خىزىر) ئېيتتى: «بۇ، سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش (ۋاقتىمىز)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان (يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ) ھەقىقىتىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەي." (سۈرە كەھف، 77 - 78 - ئايەت)

أَمَّا السَّفِينَةُ فَكَانَتْ لِمَسَاكِينَ يَعْمَلُونَ فِي الْبَحْرِ فَأَرَدتُّ أَنْ أَعِيبَهَا وَكَانَ وَرَاءهُم مَّلِكٌ يَأْخُذُ كُلَّ سَفِينَةٍ غَصْبًا وَأَمَّا الْغُلَامُ فَكَانَ أَبَوَاهُ مُؤْمِنَيْنِ فَخَشِينَا أَن يُرْهِقَهُمَا طُغْيَانًا وَكُفْرًا فَأَرَدْنَا أَن يُبْدِلَهُمَا رَبُّهُمَا خَيْرًا مِّنْهُ زَكَاةً وَأَقْرَبَ رُحْمًا

"كېمىگە كەلسەك، ئۇ دېڭىزدا ئىشلەيدىغان بىرقانچە نەپەر كەمبەغەلنىڭ كېمىسى ئىدى، مەن ئۇنى تېشىپ ئەيىبناك قىلماقچى بولدۇم، (چۈنكى) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (يەنى بارىدىغان يوللىرىدا) ھەرقانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن (زورلۇق بىلەن) تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى. (ئۆلتۈرۈلگەن) بالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۆمىن ئىدى. (ئۇ ئەسلىدە كاپىر يارىتىلغانلىقتىن، چوڭ بولغاندا) ئۇنىڭ گۇمراھلىق بىلەن كۇفرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا تېڭىشىدىن قورقتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىغا قارىغاندا پاك ۋە كۆيۈملۈك پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى ئىرادە قىلدۇق." (سۈرە كەھف 79 - 80 - 81 - ئايەت)

وَأَمَّا الْجِدَارُ فَكَانَ لِغُلَامَيْنِ يَتِيمَيْنِ فِي الْمَدِينَةِ وَكَانَ تَحْتَهُ كَنزٌ لَّهُمَا وَكَانَ أَبُوهُمَا صَالِحًا فَأَرَادَ رَبُّكَ أَنْ يَبْلُغَا أَشُدَّهُمَا وَيَسْتَخْرِجَا كَنزَهُمَا رَحْمَةً مِّن رَّبِّكَ وَمَا فَعَلْتُهُ عَنْ أَمْرِي ذَلِكَ تَأْوِيلُ مَا لَمْ تَسْطِع عَّلَيْهِ صَبْرًا

"تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ (ھەققى بولغان) خەزىنىسى بار ئىدى (تام ئۆرۈلۈپ كەتسە، خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى)،

**ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياخشى ئادەم ئىدى. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر، ئۇنى (يەنى يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بىلەن قىلغىنىم يوق (بەلكى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇ».** " (سۈرە كەھف، 82 - ئايەت)

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، تام ئاستىدىكى خەزىنە ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدا زىكىر قىلىنغان «كەنز: خەزىنە» ئالتۇندىن ياسالغان سىپ ـ سىلىق تۆز بولغان بىر لەۋھە بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنۇلار يېزىلغان: «قەدەرگە ئىشەنگەن ھالدا غەم ـ قايغۇ ئىچىدە بولغانلارغا ھەيران قالىمەن. جەھەننەمنى ئەسلىگەن ھالدا كۈلگەن كىشى ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن كۈلدى دەپ ئۇنىڭغا ھەيران قالىمەن. ئۆلۈمنى ئەسلىگەن ھالدا غەپلەتتە قالغان كىشىگىمۇ ھەيران قالىمەن. لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ.»» (ئىبنى كەسىر، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 424)

* * *

دېمەككى، باشقا ئىلىملەردە ئۆگىنىشنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان سوئال سوراش لەدۇننى ئىلىم (ئىلمى غەيب) دە چەكلەنگەن. بۇ يەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەپسى، پائالىيەتتىن كۆپ قابىلىيەتتە ھازىرلىنىدۇ.

مەسىلەن، مىمار سىناننىڭ ئىلمى قۇدرىتى ۋە قابىلىيىتى، سۇلايمانىيە مەسجىدىنى بىنا قىلغاندا ئىشلىگەن بارلىق ھۈنەرۋەندىن ئۈستۈندۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مىمار سىناننىڭ، ئۇ مەسجىددىكى بىر مەرمەرچى ئۇستىسىنىڭ مەرمەرچىلىك ھۈنىرىدىن خەۋىرى بولمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر كەمچىلىك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھۈنەرۋەن ئۇستىلارمۇ مىمار سىناننىڭ تەلىماتى ئاستىدىدۇر. مەرمەر سەنئىتىنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ.

ھەقىقەتەن، ئۇلۇغ بىر پەيغەمبەر بولغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالامدىن لەدۇننى ئىلمىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئەۋەتىلىشى دىققەت تارتىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن لەدۇننى ئىلمىنى بىلگەن بىر كىشىدىن بۇ ئىلمىنى ئۈگىنىش بىر كەمچىلىك ئەمەستۇر. بۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر نەرسىنى بىلگەن بىر پەيغەمبەر ئەمەسلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئىلمىدە ئۇنىڭغا

بىرىلمىگەن چەكسىز ئىلىمنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بەلكى بۇ ئىلىمنىڭ ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدىغان خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىرىلىشىمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىلاھى ئىلىم ئالدىدا ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. يەنە بىر ھېكمەت مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىگە بولغان ئورتاق ئىلىم، كېلىچەكتە كېلىدىغان «زۇل-جەناھەين» ، يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىلمىگە ئىگە بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىر-قىممىتىنىڭ ئۈستۈنلىكى ۋە ماقامىنىڭ ئەڭ ئالى ماقام ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇر.

خىزىر ئەلەيھىسسالام قىسسىسى ئەقلىنىڭ ۋەقەلەرنى، پەقەت سەۋەبلەر بىلەن چۈشىنىپ تېگىگە يېتەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. سەۋەپ ۋە باھانە بولمىغاندا ئەقىل ئاجىز قېلىپ، ھېكمەتنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام شەرىئەت ئىگىسى بىر پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇنى ئەمىلىيەتكە تەدبىقلاش مەسئۇلىيىتىگە ئىگىدۇر. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن لەدۇننى ئىلىم بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئېتىرازى شەرئى قانۇنلارغا تايىنىدۇ. چۈنكى زاھىرى جەھەتتىن مەسئۇلىيەتچانلىقىقا ئىگە بولغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى، يەنى ئىچىدە بولغان زامانىنىڭ ئىلمىگە ۋاقىپ بولۇپ، ۋەقەلەرنى بۇ ئىلمىگە ئاساسەن مۇھاكىمە قىلىدۇ.

لەدۇننى ئىلمىگە ئىگە بولغان خىزىر ئەلەيھىسسالام بولسا، كېلەچەككە ۋاقىپ بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قەدەر تەجەللىلىرىنى كۆرسەتكەن. خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئامىلىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرگەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئامىلىسى ئاللاھنىڭ ئىلمىدە ھېچقانداق بىر زىتلىق يوقتۇر. خىزىر ئەلەيھىسسالام پەقەت ئەقلىنىڭ مۇھاكىمە شەرتلىرىنى ئاشقان بىر ئىلمىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلغان.

دېمەككى، كائىناتتا ئەقلىنىڭ چەك-چېگرىسى ئىچىدە تېگىگە يېتىپ بولالمىغان چەكسىز ھەقىقەتلەر مەۋجۇتتۇر. ئۇ ھالدا ھەقىقەت ئىزدىنىشلىرىدە پەقەت ئەقىلگىلا تايىنىش توغرا ئەمەستۇر. كۆزنىڭ مەلۇم بىر ئارىلىقنى كۆرەلىشى ۋە قۇلاقنىڭمۇ مەلۇم بىر ئارىلىقتىن ئاڭلىيالىغىنىدەك، ئەقلىنىڭمۇ ھادىسىلەرنىڭ ۋە ھەقىقەتلەرنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىشتە مەلۇم چەك-چېگرىسى بار. ئەقىل بۇ

چەك ـ چېگرادىن ئاشقاندا، ئىدراك چوقۇم ئاجىز قالىدۇ. بۇ ئەھۋالدا كۆڭۈل ھەققە تەسلىم قىلىنىشى لازىم.

ئىمام غەززالى ھەزرەتلىرىمۇ، ئەقىل بىلەن ئىلاھى سىرلارغا لايىق ھالدا ئېرىشەلمەيدۇ دېگەن كۆزقاراشتا بولۇپ، ئەقىل توختىغاندا، قەلبى ھايات بىلەن ئۆتتۈشنىڭ لازىملىقىنى كۆرۈپ، پەقەت بۇ شەكىلدە مۇتلەق ھەقىقەتكە يېتىشەلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

غەززالى ھەزرەتلىرى، «تەھافۇتۇل ـ فەلاسىفە» ئاتلىق ئەسەرىدە پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپەلىرىنى رەت قىلىپ، ئەقىلنىڭ ئاجىزلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئەھۋالىنى مۇنداق ئىپادىلىدى:

«ئەقلىمنى كېڭەيتتىم، يىرتىلغۇدەك دەرىجىگە كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىر نۇقتىدىن كېيىن مۇتلەق ئاجىزلىقى بىلەن ئۇچراشتىم. ئىدراك قىلدىمكى، ئىلاھى سىرلارنى يېشىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋى فەيزىگە ئېرىشىشتىن باشقا چارە يوق!

جانابى ئاللاھقا دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلدىم. تەپەككۇر، رىيازەت ۋە زىكرىگە ئوخشاش مەنىۋى تەربىيە نەتىجىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئېرىشتىم ۋە قۇتۇلدۇم.»

ھەقىقەتەن خىزىر قىسسىسىدىكى ۋەقەلەرنى ئەقىل بىلەن تەھلىل قىلغىلى بولمايدۇ.

كېمىنىڭ تېشىلىشى، كۆرۈنۈشتە ئېگىلىرىگە قىلىنغان ناھەقچىلىق ۋە زۇلۇمدۇر. ھەقىقەتتە بولسا، مىسكىنلەرنىڭ تۇرمۇش ۋاستىسى بولغان كېمىنىڭ زالىملار تەرىپىدىن بولاپ كېتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر.

سىرتتىن قارىغاندا ئۇ ياشنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، بىر جىنايەتتۇر. ھەقىقەتتە بولسا، سالىھ ۋە سالىھە بولغان ئەر ـ ئايالنىڭ ۋە ھەتتا ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن ياشنىڭ ئاخىرەت ھاياتىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشىدۇر.

قوغلاپ چىقىرىلغان بىر يېزىدىكى ئۆرۈلۈشكە ئاز قالغان تامنىڭ ئەسلىگە قايتۇرۇلۇشى، كۆرۈنۈشتە توغرا ئەمەستۇر. ھەقىقەتتە بولسا، ئىككى يېتىمگە ئائىت بولغان ئامانەتنىڭ قوغداپ قېلىنىشىدۇر.

بۇ ۋەقەلەرنىڭ سىرلىرى، پەقەت لەدۇننى (قەلبى) بىر ئىلىم بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ سەۋەپتىن قەدەرنىڭ سىررى، ئەقىل بىلەن ئىدراك قىلىنمايدۇ. چۈنكى قەدەرنىڭ تېگىگە يېتىش ئىنسان ئىدراكىدىن ئۈستۈن ئەھۋالدۇر.

بۇخارىدا بۇ قىسسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنۇ ھەدىس زىكىر قىلىنغان:

«ئاللاھ ئىمران ئوغلى مۇساغا رەھمەت قىلسۇن! ئەگەر سەۋر قىلالىغان بولسا ئىدى، خىزىر ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئاجايىپ-غارائىپ ۋەقەلەرنى ئۆگەتكەن بولاتتى.»

(بۇخارى، «ئەنبىيا»، 27؛ ئەھمەد بىن ھەمبەل، 5، 118)

مەۋلانا لەدۇننى ئىلىمنىڭ بىر نېسىپ ئىشى ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ پەقەت قەلبى ئىستىدات بىلەن ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى شۇ مىسال بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ:

«ياقۇبنىڭ يۇسۇفنىڭ يۈزىدە كۆرگەن پەۋقۇلئاددىلىك ئۆزىگە مەخسۇس بولۇپ، ئۇ نۇرنى كۆرۈش يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرىغا نېسىپ بولمىدى. قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭۈل ئالەمى يۇسۇفنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرۈش ۋە چۈشىنىشتىن يىراق ئىدى.»

«روھنىڭ ئوزۇقى مۇھەببەتتۇر. جانلارنىڭ بولسا ئاچلىقتۇر.»

ياقۇبتا يۇسۇفنىڭ بىر جەلبكارلىقى بار ئىدى. بۇ سەۋەپتىن، يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭغا يىراق بىر يەردىن كەلدى، كۆڭلەكنى ئېلىپ كەلگەن قېرىندىشى بولسا، ئۇ پۇراقنى پۇراشتىن مەھرۇم ئىدى.

كۆپلىگەن ئالىملار باركى ئىرپاندىن نەسىبى يوقتۇر. ئىلىمنى ياد ئالغان بولسىمۇ، ئەھلۇللاھ (ئاللاھنىڭ دوستى) بولالمىدى.»

**ئۈچ سالىھ كىشى**

ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئارىسىدا سالىھ ئىنسانلارمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولاردىن ئۈچ كىشى ھەققىدە توختالغان:

«سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەردىن ئۈچ كىشى يولغا چىقتى. كېچىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر غارنىڭ ئىچىگە كىردى. كېيىن تاغ ئۈستىدىن بىر چوڭ تاش دومىلاپ چۈشۈپ غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋەتتى.

ئۇ ئۈچ كىشى مۇنداق دېيىشتى:

«ياخشى ئەمەللىرىمىز بىلەن دۇئا قىلىشتىن باشقا ھېچ بىر نەرسە بىزنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ!»

ئۇلاردىن بىرى مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى رەببىم! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئانام ۋە ئاتام بار ئىدى. ئۇلاردىن بۇرۇن بالىلىرىم ۋە ماللىرىمغا بىر نەرسە بەرمەيتتىم. بىر كۈنى، ئوتۇن كېسىپ كېلىش

ئۆچۈن ئۇزاق يەرگە كەتكەن ئىدىم. ئۇلار ئۇخلاپ قالغىچە قايتىپ كېلەلمىدىم. كەچلىك يېمەكلىرىنى تەييارلىدىم. لېكىن ئۇلار ئۇخلاپ قالغان ئىدى. ئۇلارنى ئويغىتىشنى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن بالا-چاقىلىرىم بىلەن سۈت ئىچىشنى ياخشى كۆرمىدىم. ساپال قاچىنى قولۇمدا تۇتقان پېتى ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى ساقلىدىم. نەتىجىدە كۈن ئاقىرىشقا باشلىدى. باللار پۇتۇمنىڭ ئاستىدا يىغلاۋاتقان ئىدى. ئانام ۋە ئاتام ئويغاندى ۋە سۈتلىرىنى ئىچتى.

ئى رەببىم! ئەگەر بۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بۇ تاشتىن كەلگەن بالانى بىزدىن يىراقلاشتۇرغىن!»

شۇنىڭ بىلەن، تاش ئازراق ئېچىلدى، لېكىن ئۇلار سىغمايتتى.

ئىككىنچىسى مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى رەببىم! تاغامنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. (بىر رىۋايەتكە دېيىلىشچە، بىر ئەر بىر ئايالنى قانچىلىك ياخشى كۆرسە، مەنمۇ شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىم.) ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى تەلەپ قىلدىم. لېكىن تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمىدى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن قۇرغاقچىلىققا ئۇچراپ، مەندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلدى. ئۆزىنى ماڭا تەسلىم قىلىشى شەرتى بىلەن ئۇنىڭغا يۈز دىرھەم بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. (چارەسىز) قوبۇل قىلدى. بۇ شەكىلدە پۇرسەت قولۇمغا كەلگەن ئىدى. (ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزاتقان ئەسنادا، ئۇ):

«ئاللاھدىن قورققىن، مېنى بىللە بولۇشقا زورلىمىغىن!» دېدى.

مەنمۇ (ئاللاھدىن قورققان ھالدا) بۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرگەن ئايالدىن (ئۇ ماڭا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قالغان بولسىمۇ) يىراقلاشتىم. بەرگەن پۇلۇمنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ بېرىۋەتتىم.

ئى رەببىم! ئەگەر بۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئىزدەپ قىلغان بولسام، بۇ بالادىن بىزنى قۇتقازغىن!»

غارنىڭ ئاغزى يەنە ئازراق ئېچىلدى، لېكىن ئۇلار يەنە چىقالمىدى.

ئۈچىنچى شەخس مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى رەببىم! بىر قانچە ئادەمنى ئىشلەتتىم ۋە ھەققىنى بەردىم. لېكىن ئۇلاردىن بىرسى ھەققىنى ئالماستىن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ھەققىنى ئىشلەتتىم. ئۇنىڭ ھېسابىغا مال كۆپەيدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇ ئادەم يېنىمغا كېلىپ:

«ھەققىمنى بەرگىن!» دېدى.

مەن:

«شۇ كۆرگەن تۆگە، كالا ۋە قويلارنىڭ ھەممىسى سىنىڭ. ئۇ ھەققىڭنىڭ مەھسۇلاتلىرى، ھەممىسنى ئال!» دېدىم.

ئۇ:

«ئى ئاللاھنىڭ قۇلى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى.

«سېنى مەسخىرە قىلغىنىم يوق، ھەقىقەتنى سۆزلەۋاتىمەن» دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن ماللارنى ئالدى ۋە ھېچ نەرسە قويماي ئېلىپ كەتتى.

ئى رەببىم! بولارنى سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئىزدەپ قىلغان بولسام، بۇ بالادىن بىزنى قۇتقازغىن!»

نەتىجىدە تاش غارنىڭ ئاغزىدىن قايدى. ئۇلار غاردىن چىقىپ يوللىرىنى داۋاملاشتۇردى.» (بۇخارى، «سېھىر»، 98؛ ئىجارە، 12؛ مۇسلىم، «زىكىر»، 100)

بۇ ھەدىس شەرىپ تەسەۋۋۇپتىكى ئەمەل بىلەن ۋەسىلىگە دەلىلدۇر. ھاياتىدا ئاللاھ رىزاسىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىلاھى لۇتۇپقا ئىگە بولىدىغانلىقىنىڭ ئوچۇق مىسالىدۇر.

بۇنىڭ ئۈچۈن قۇلنىڭ كۆڭۈل ئارزۇلىرىغا ئەگىشىپ كەتمەي، جانابى ئاللاھنىڭ ئەمىر ۋە چەكلىمىلىرىگە، يەنى ياراتقۇچىسىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇش كېرەك. چۈنكى رىزا بولۇش ۋە تەسلىمىيەت، قۇلنىڭ رەببىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئاخىرقى مېۋىسىدۇر.

ھەق يولىدا ئىنسانىنىڭ باراليدىغان ئەڭ ئۈستۈن ماقامى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز قۇللىرىدىن رازى بولۇشىدۇر. بۇ قۇلنىڭ ئاللاھدىن رازى بولۇشىنىڭ بىر مۇكاپاتىدۇر.

بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمدە:

رَّضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْه

**"... ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھدىن مەمنۇن بولىدۇ..."**

(سۈرە بەييىنە، 8-ئايەت)

دەپ ئىپادىلەنگەن سالىھلەرنىڭ ئەھۋالىدۇر.

**مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى قوشنىسى**

رىۋايەتلەردە دېيىلىشچە بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھقا مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى رەببىم! مېنىڭ جەننەتتىكى قوشنام كىمدۇر؟»

ئۇنىڭغا جاۋابەن:

«مېنىڭ پالان يەردە قاسساپلىق قىلغان ۋە دوستۇم بولغان بىر قۇلۇم بار. ئۇنىڭ قاسساپلىقتىن باشقا ئىنتايىن مۇھىم بولغان يەنە بىر ئىشى باردۇركى، ئەگەر يېنىڭغا دەۋەت قىلساڭ، كەلمەيدۇ! مانا بۇ ئادەم سېنىڭ جەننەتتىكى قوشناڭ بولىدۇ.»

مۇسا ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۇ قاسساپنى زىيارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەستىن:

«مەن ساڭا مېھمان بولۇپ كەلدىم!» دېدى.

قاسساپ ئۆزىگە كەلگەن ۋە ھەر جەھەتتىن باشقا ئىنسانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بۇ نۇر يۈزلۈك مېھمانغا تەبەسسۇم قىلغان ھالدا ئۆيىگە باشلىدى. ئۆيىنىڭ باش تەرىپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن يېمەك پىشۇرۇپ ئالدىغا قويدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇھىم بىر ئىشىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ساقلىماستىن يېمەكنى يېيىشكە تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆزى يېمەستىن يېمەكنىڭ بىر قىسمىنى كىچىك لوقمىلار شەكلىدە تەييارلىدى. كېيىن تامغا ئېسىپ قويغان زەمبىلنى چۈشۈردى ۋە ئىچىدە  ياشانغانلىقتىن مادارى قالمىغان ۋە كىچىكلەپ خۇددى قۇشتەك بولۇپ قالغان ئانىسىغا تەييارلىغان يېمىكنى يېگۈزۈپ، ئارقىسىدىن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېيتىپ پاكىزلىدى ۋە سۆيۈپ سىلىغان ھالدا قايتىدىن ئاۋايلاپ ئېھتىيات بىلەن ئورنىغا قويدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلغاندا ئانىسى ئۇنىڭغا داۋاملىق دۇئا قىلدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ زەمبىلنى قاسساپنىڭ دۇككىنىدىمۇ كۆردى، لېكىن بىر نەرسە دېمىدى. ھەيران قالغان ھالدا ساقلىدى.

قاسساپ پۈتۈن ئىشلىرىنى تۈگىتىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ يېمەكنى يېيىشكە باشلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ سورىدى:

«ئي نۇر يۈزلۈك مېھمىنىم! نېمە ئۈچۈن تېخىچە يېمىكىڭنى يېمىدىڭ؟»

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

«سەن شۇ زەمبىلنىڭ سىررىنى ئېيتمىغىچە يېمەيمەن!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن قاسساپ مۇنداق دېدى:

«ئى مېھمىنىم! بۇ زەمبىلنىڭ ئىچىدىكى ياشىنىپ قالغان ئايال مېنىڭ ئانام بولىدۇ. ئىنتايىن قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كۆچ تاقىتى يوق. ھەم ئۇنىڭغا قارايدىغان مەندىن باشقا ھېچكىم يوق. مەن ئۇنى يالغۇز قويسام، بەزى ھايۋانلارنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن، شۇڭا مۇشۇنداق زەمبىلگە قويۇپ، يۇقىرىغا ئېسىپ قويىمەن. بەزىدە دۇككانغا ئېلىپ بارىمەن. مېنىڭ كۈچلۈمنىڭ يېتىشى ھۇزۇرى ئۇنىڭغا قىلغان خىزمەتتىن كېلىدۇ. كۆندە ئىككى قېتىم يېمەك بېرىمەن. ئانامغا قىلغان بۇ خىزمەتلىرىمنى جاندىل بىلەن ياخشى كۆرگەن ھالدا قىلىمەن!»

مۇسا ئەلەيھىسسالام سورىدى:

«سەن بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا، ساڭا ئۇ بىر نەرسىلەرنى پىچىرلاۋاتاتتى، نېمە دېدى؟»

قاسساپ:

«ئانام قىلغان ئىشلىرىم ئۈچۈن دائىم: «ئاللاھ سېنى جەننەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قوشنا قىلسۇن!» دەپ دۇئا قىلىدۇ. مەن بولسام، بۇ گۈزەل دۇئاغا ئامىن دەيمەن. لېكىن ئۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرگە قوشنا بولغىدەك سالاھىيەت مەندە نېمە ئىش قىلسۇن؟» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇ ۋاقىتقىچە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى يوشۇرغان مۇسا ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى:

«ئى سالىھ كىشى! ساڭا خوشخەۋەر بولسۇن! مەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بولىمەن. مېنى ساڭا ئاللاھ ئەۋەتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئانىسىنىڭ خىزمىتىدە قۇسۇر قىلماي ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ دۇئاسىنى ئالغان ئۇ ۋەلى قۇلۇمنى جەننەتتە ساڭا قوشنا قىلدىم!» شۈكۈر قىل، ئاللاھنىڭ لۇتپى ساڭا مۇبارەك بولسۇن!»

كۆزلىرى خۇشاللىق ياشلىرى بىلەن تولغان قاسساپ، بۈيۈك بىر مۇھەببەت بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى سۆيدى. خۇشال-خۇرام ۋە ھۇزۇر ئىچىدە يېمەكلىرىنى يېدى.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تاشقى سۈرىتى ۋە پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ آذَوْا مُوسَى فَبَرَّأَهُ اللَّهُ
مِمَّا قَالُوا وَكَانَ عِندَ اللَّهِ وَجِيهًا

**"ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل)دەك بولماڭلار، ئاللاھ مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى، مۇسا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئابرۇيلۇق ئىدى."**
(سۈرە ئەھزاب، 69 - ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىنتايىن شەرەپلىك ۋە قىممەتلىك بىر پەيغەمبەردۇر. بۇنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرسى شۇدۇر:

ئۇ قېرىندىشى ھارۇن توغرىسىدا ئاللاھ دەرگاھىدا شاپائەت قىلغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئاللاھ تائالا دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭغا خالىغىنىنى بېرىپ، قېرىندىشى ھارۇننى نەبىلەردىن قىلدى. قۇرئاندا:

وَوَهَبْنَا لَهُ مِن رَّحْمَتِنَا أَخَاهُ هَارُونَ نَبِيًّا

**"ئۇنىڭغا بىز مەرھەمەت قىلىپ قېرىندىشى ھارۇننى پەيغەمبەر قىلىپ بەردۇق."** (سۈرە مەريەم، 53 - ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ:

«مۇسا ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ھايالىق، بەدىنىنى تولۇق يۆگەيدىغان كىشى بولۇپ، تېرىسىدىن ئەڭ كىچىك بىر يېرىمۇ كۆرۈنمەيدىغان زات ئىدى.» (بۇخارى، «ئەنبىيا»، 28) دېگەن.

ئابدۇللا بىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەخسىماتىدىن كېيىن، بىر ئادەم:

«بۇ ئاللاھنىڭ رىزاسىغا مۇۋاپىق بولمىغان بىر تەقسىمات بولدى!» دېدى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلىنغاندا، غەزەبلەنگەنلىكى يۈزىدىن بىلىندى. كېيىن مۇنداق دېدى:

«ئاللاھ مۇساغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ سەۋر قىلدى.» (بۇخارى، «ئەنبىيا»، 28)

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە قىسسىسىغا كەڭرى ئورۇن بەردى ۋە كۆپلىگەن يەرلەردە ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، تەۋرات بىلەن قۇرئان كەرىمنى بىر يەردە زىكىر قىلدى.

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەمائىلى (سىرتقى قىياپىتى) ھەققىدە مۇنداق دېدى:

«مەريەم ئوغلى ئىسا، مۇسا ۋە ئىبراھىمنى كۆردۈم. ئىسا قىزىل تەنلىك، بۇدۇر چاچ ۋە كۆكسى كەڭ ئىدى. مۇسا بولسا قاۋۇل ۋە تۈز چاچ ئىدى.»

ساھابىلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا:

«دوستۇڭلارغا قاراڭلار.» دېدى. (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، «مۇنەد»، 1، 296)

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر بار. ئەڭ مەشھۇر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا 120 ياشتا ۋاپات بولدى ۋە قۇددۇس ئەتراپىغا دەپنە قىلىندى.

**ئەلەيھىسسالام!..**

N

## كۈنىمىزدە يەھۇدىلىق

### يەھۇدىلىكتە تەڭرى چۈشەنچىسى

يەھۇدىلار پەقەت ئاللاھقىلا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن كۈنىمىزدە مەۋجۇت بولغان تەۋراتنىڭ بەزى بۆلۈملىرىگە قارايدىغان بولساق، تەۋھىد ئېتىقادىنىڭ بىر قىسىم ئانتروپومورپىك (تەڭرىنى جىسىملاشتۇرىدىغان) خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئانتروپومورپىزىم، تەڭرىنى ئىنسان ياكى يارىتىلغان بەزى مەخلۇقاتلارغا ئوخشىتىپ چۈشەندۈرىدىغان بىر ئېتىقاتتۇر. بۇ ئەقىدە، ئەقىل-ئىدراكقا مۇۋاپىق ئەمەس، شۇنداقلا بارلىق نوقسان سۈپەتلەردىن پاك بولغان تەۋھىد ئىتىقادىدىن يىراقتۇر.

يەھۇدىلىكتە ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى، ياھۋە (ياھوۋا) ۋە ئەلۇھىم دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۈگۈنكى تەۋراتتا ياھۋە ئىسمى زىكىر قىلىنغان يەرلەرنى ئالىملار «ياھۋىست مەتىن (تېكىست) دەپ ئاتايدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 10-ئەسىردە يېزىلغانلىقى تەخمىن قىلىنغان بۇ تېكىستلەردە ئىنسانىي تۈيغۇلار بىلەن تولغان ئانتروپومورپىك بىر تەڭرى چۈشەنچىسى ئوچۇق كۆرۈلىدۇ. ئەلۇھىم ئىسمى زىكىر قىلىنغان تېكىستلەر بولسا «ئەلۇھىست تېكىست» دەپ ئاتىلىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 7-ئەسىردە يېزىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان بۇ تېكىستلەر خېلى ۋاقىتتىن كېيىن باشقىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بۈگۈنكى تەۋرات شەكىللەنگەن.

ياھوۋا يەھۇدىلار ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا مىللىي بىر تەڭرىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، رەب يەھۇدىي مىللىتىنى تالىلاپ، ئالاقە ۋە ئىلتىپاتىنى ئۇلارغا خاس قىلدى. باشقا جانلىق ۋە ئىنسانلارنى ياراتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ يەھۇدىلاردەك قەدىر-قىممىتى يوق. خوجايىن قەۋم يەھۇدىلاردۇر. بۇ ئېتىقاد تۈپەيلىدىن يەھۇدىلىك ئالەمشۇمۇل بىر نىزام قۇرۇش ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشتىن يىراقتۇر.

تەڭرىنىڭ ئانتروپومورپىك (ئىنسانى) سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىنىشى، كېيىنكى يەھۇدىي ئالىملىرى تەرىپىدىن تەۋىل (ياخشىغا بورمىلاش) قىلىنىپ، بولارنىڭ ھەممىسى مەجازى شەكىلدە سۈپەتلەندى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تەڭرى ئىنسانلار

بىلەن ئۇلار چۈشىنەلەيدىغان بىر تىل بىلەن سۆزلەشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ئىپادىلەرنىڭ ئانتروپومورپىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى ناھايىتى نورمال.

تەۋراتتا تەڭرىنىڭ ئىنسانى سۈپەتلەر بىلەن تەسۋىرلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىپادىلەر، بۇ تەۋىلنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بولارنىڭ بۇ قاراشلىرىنى بىر قانچە مىسال بىلەن ئايدىڭلاشتۇرىمىز:

"تەڭرى ئىنسانلارنىڭ يامانلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ياراتقانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇلارنى توپان بالاسى بىلەن ھالاك قىلدى. بۇ قېتىم ئۇلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى قايغۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەكىلدە دۇنيانى ھالاك قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى." (تەكۋىن 6 / 5-7؛ 8 / 21-22)

بۇ يەردە تەڭرىگە ئوچۇق ھالدا **خاتالىشىش ۋە پۇشايمان قىلىشتەك** ئىنسانى سۈپەتلەرنى قوشتى.

ئەينى شەكىلدە ئىسرائىل ئوغۇللىرى، رەببىگە ئىسيان قىلىپ باش كۆتۈرگەندە تەڭرى ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىشقا قارار قىلدى. لېكىن ئوتتۇرىغا پەيغەمبەر كىرىپ، تەڭرىنى بۇ قارارىدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە تىرىشتى: «**ئۇنداق قىلما!**» دېدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى قارارىدىن ۋاز كەچتى. ھەتتا تەڭرى بۇ ھالاك قىلىش قارارىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى پۇشايمان قىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. (چىقىش، 37 / 9-12، 14؛ ئاموس، 7 / 2-6)

تەڭرىنىڭ ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ تۈگىمىگەن بۇ ئىسيانلىرى ھەققىدە يەرەميا كىتابىدا:

«بولدى ئەمدى كۆپ پۇشايمان قىلىپ ھېرىپ-چارچىدىم!» دېگەنلىكى زىكىر قىلىنىدۇ. (يەرەميا، 15 / 6)

«تەڭرى كائىناتنى ئالتە كۈندە ياراتتى. يەتتىنچى كۈنى ئارام ئالدى.» (تەكۋىن، 2 / 3) شەكىلدىكى ئىپادىلەر، ئاللاھقا ئاجىزلىقنى ئىسناد قىلغانلىقىغا بىر مىسالدۇر.

ۋاھالەنكى، ئارام ئېلىش، پۇشايمان قىلىش، ھېرىپ-چارچاش قاتارلىق ئەھۋاللار ئىنسان ۋە مەخلۇقلارغا خاس بولغان سۈپەتلەر بولۇپ، ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، تەۋراتتا ۋەھيي مەھسۇلى بولغان بىر كىتاپتا مۇمكىن بولمايدىغان مۇنۇ ئىپادىلەر ئورۇن ئالدى:

«ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى، ئادەم قىزلىرىنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆردى ۋە پۈتۈن تاللىغانلىرى بىلەن نىكاھلاندى.» تەكۋىن، 6 / 2)
تەۋراتنىڭ تەكۋىن بۆلۈمىدە تەڭرىنىڭ يېنىدا ئىككى پەرىشتە بىلەن بىرلىكتە بىر ئىنسان سۈرىتىدە ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كېلىپ مېھمان بولغانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن يەپ-ئىچكەنلىكى، ئاياقلىرىنى يۇيۇپ ئارام ئالغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى پەرىشتىلىرىنى لۇت قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن سەدۇم گومۇرەگە ئەۋەتتى. لېكىن بۇنى ئىبراھىمغا ئاڭلىتىش ھەققىدە ئىككىلىنىپ قالدى، لېكىن ئاخىرىدا ئاڭلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشى ئىنسانلارنىڭ بولغانلىقىدىن لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنماسلىقى ئۈچۈن تەڭرى بىلەن ئۇزۇن دەتالاشقا كىردى. (18 / 1-15)
تەۋراتتا ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەڭرى ياھۋە بىلەن چېلىشقانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇمۇ دىققەت تارتىدىغان، بىر ۋەقەدۇر. بۇنىڭغا قارىغاندا ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە تاغىسىنىڭ يېنىدىن كەنئان دىيارىغا قايتىۋاتقاندا، چۆلدە بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، تاڭ يورۇغىچە ئۇنىڭ بىلەن چېلىشتى.
ياقۇپ ئەلەيھىسسالام:
«قويۇپ بەرگىن، مەن كېتەي» دېدى. ئۇ ئادەم قويۇپ بەرمىدى. كېيىن ئۇ ئادەم ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا:
«بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا ياقۇپ ئەمەس، ئىسرائىل (يەھۇدىيلارنىڭ قارىشىچە: تەڭرى بىلەن چېلىشقان) دەيدۇ. چۈنكى سەن، ئاللاھ ۋە ئىنسانلار بىلەن ھەپىلىشىپ يېڭىلدىڭ!» دېدى. (تەكۋىن، 32 / 22-32)
تەۋراتتا دېيىلىشىچە، بۇ چېلىشىش ئەسناسىدا ياقۇپنىڭ يوتا سۆڭىكى زەخىملەندى. بۇ سەۋەپتىن يەھۇدىيلار ھازىرمۇ يوتا سۆڭىكىنىڭ ئۈستىدىكى گۆشنى يېمەيدۇ.
تەۋراتتىكى: «**تەڭرى ئىنسان شەكلىدە كۆرۈنۈپ ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن چېلىشتى**» ئىپادىلىرى، ئوچۇق ھالدا ئانتروپومورپىك بىر ئەقىدىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ تەۋھىددىن پۈتۈنلەي يىراق، كامال سۈپەتلىرىدىن مەھرۇم ۋە نۇقسان سۈپەتلەرگە ئىگە بىر ئاللاھ ئەقىدىسىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش بىر چۈشەنچە ھىندۇئىزم ئەقىدىسىدىمۇ بار. بۇ ئەقىدىدىمۇ تەڭرى

بىر ئىنسان ياكى هايۋان شەكلىگە كىرىپ يەر-يۈزىگە چۈشىدۇ. بۇ ئەقىدە هىندۇئىزمدا «**تەڭرىنىڭ ئاۋاتاراسى**» بولغان هالدا ئىپادىلىنىدۇ.

يەھۇدى دىن ئالىملىرى، قەدىمقى ئەھدىدە ئورۇن ئالغان بۇ خىل قىسسىلەرنى، باشقا شەكىلدە ئىزاھلاش ۋە تەۋىل قىلىش يولىغا كىردى. ھەقىقەتەن بۇ ۋەقە، تەۋرات تەپسىرلىرىدە، «ياقۇپ بىلەن چېلىشقان كىشى تەڭرى ئەمەس، تەڭرى قىياپىتىگە كىرگەن بىر پەرىشتە ئىدى.» دەپ تەۋىل قىلىنىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بۇ قېتىم يارىتىلغان بىر مەخلۇقنىڭ تەڭرى شەكلىگە كىرەلىشىدىن ئىبارەت بىر چۈشەنچە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ تەۋىلى مۇمكىن ئەمەستۇر.

تەۋراتتىكى چېلىشىش ۋەقەسىنىڭ كەينىدىن:

مۇسا: «**تەڭرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە جېنىم ساق قالدى!"** دېدى. (تەكۋىن، 32 / 30) ئىپادىسى، تەۋىلىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەنە شۇنداق ئېنىق بولۇپ، بۇ ۋەقەنىڭ تەۋراتتا نېمە ئۈچۈن بايان قىلىنغانلىقى، سەۋەپ ۋە ھېكمىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى پۈتۈنلەي مەجھۇلدۇر. ھەر ھادىسىنىڭ بىر سەۋەبى بار. بۇ ھادىسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچبىر سەۋەپ كۆرسىتىلمىدى.

يۇقىرىدا ئىپادىلەنگەندەك، تەۋراتتا ئاللاھ تائالانىڭ «سۇبھان» يەنى ھەر خىل ئىنسانى سۈپەتلەردىن مۇنەززەھ، كامال سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەن بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ ئەكسى بولغان بىر ئىنسانى ئاجىزلىق ئۇنىڭغا تېڭىلغان. بۇ ھەقتە مۇھەررەپ (ئۆزگەرتىۋېتىلگەن) تەۋراتتىكى بەزى ئىپادىلەر مۇنداق:

**ۋە مۇسا قەۋمىنىڭ، چېدىرلىرىنىڭ ئىشكىدە يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە رەببىگە غەزەپلەندى ۋە مۇسانىڭ كۆز ئالدىدا يامان بولدى. مۇسا رەببىگە:**

**«نېمە ئۈچۈن قۇللىرىڭغا يامان مۇئامىلە قىلدىڭ؟ ۋە نېمە ئۈچۈن بۇ قەۋمنىڭ پۈتۈن يۈكىنى مېنىڭ ئۈستۈمگە يۈكلىدىڭ؟ پۈتۈن بۇ قەۋمنى مەن تۇغدۇممۇ؟ ماڭا: «لالا (ئانا)، ئېمىۋاتقان بوۋىقىنى كۆتۈرگەندەك ئاتىلىرىغا قەسەم قىلغان دىيارىغا ئۇلارنى كۆتۈرۈپ بارغىن.» دەيسەن؟ پۈتۈن بۇ قەۋمگە يەتكىدەك گۆشنى نەدىن تاپىمەن؟ چۈنكى ماڭا: «بىزگە گۆش بەرگىن، يەيلى» دەپ يىغلاۋاتىدۇ. پۈتۈن بۇ قەۋمنى مەن يالغۇز**

**توشۇيالمايمەن. چۈنكى ماڭا ئېغىر كېلىدۇ. ۋە ئەگەر ماڭا مۇنداق مۇئامىلە قىلساڭ ساڭا يېلىنىمەن. ئەگەر كۆزۈڭدە لۇتۇپ تاپسام، مېنى دەرھال ئۆلتۈرگىن، ئاجىزلىقىمنى كۆرمەي!»** (سايىلار، 11 / 4-6، 10-15)

جانابى ئاللاھنى زۇلۇم قىلغۇچى سۈپىتىدە بايان قىلغان بۇ ئېپادىلەر، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رەببىگە دۇئا قىلدىغانىنىڭ ئورنىغا، ئىسيان قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇقەددەس بىر كىتابقا قانداقمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ؟

يەنە تەۋراتتا ئاللاھ ئەقىدىسىگە توغرا كەلمىگەن مۇنداق بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ:

**«سالقىن چۈشكەندە جەننەت باغلىرىدا سەيلە قىلىۋاتقان تەڭرى، ئادەم بىلەن ھاۋانى ئىزدېدى. ئۇلار دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئىدى. تەڭرى ئۇلارنى كۆررەلمەي: «سەن نەدە؟» دەپ ھەزرىتى ئادەمنى توۋلىدى. ئادەم، «باغدا ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ قورقتۇم. چۈنكى يالىڭاچ ئىدىم، بۇ سەۋەپتىن يوشۇرۇنغان ئىدىم»** دېدى» (تەكۋىن، 3 / 8-10)

بۇ تېمىلار قانداقچە تەۋىل قىلىنسا قىلىنسۇن، ئەسلىگە مۇناسىپ بولماسلىقى ئوچۇقتۇر.

بۈگۈنكى ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى، تەۋرات قىسسىلىرىدىكى ئانتروپومورپىك تەڭرى ئەقىدىسىنىڭ ئارقىسىدا، قەدىمقى مىسىر ۋە بابىلدىكى بۇتپەرەس تەڭرى ئەقىدىسىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى، بۇ ئەقىدىلەرنىڭ ھەم يەھۇدىلارغا ھەم تەۋراتقا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن ئىبارەت كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**تەۋرات**

بۈگۈنكى تەۋرات، مەۋجۇت بولغان مۇقەددەس كىتاب (ئىنجىل)نىڭ تۇنجى بەش بۆلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسىمدۇر.

بۇ كىتابلاردا يارىتىلىشتىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ، بۇ كىتابلار يەنە دىنى ھۆكۈملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لېكىن تەسنىيە كىتابىنىڭ (بۆلىمىنىڭ) ئاخىرقى بابىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى، دەپنە قىلىنىشى ۋە قەۋمىنىڭ ھازا تۇتۇش مۇراسىمى بايان قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا چۈشتى، بۇ يەردە ۋەقە، مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن نەقىل قىلىنىدى.

يەھۇدىلار بۇنىمۇ تەۋىل قىلىدۇ. بىر قىسمى «مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بولارنى تەڭرى بىلدۈرگەن بولۇپ ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن بولارنى تەۋراتقا يازغان» دەيدۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا بولارنى «مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ يېتەكچىسى بولغان يەشۇئنىڭ يازغانلىقىنى» ئىلگىرى سۈرىدۇ.

لېكىن بۇ بۆلۈمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەپنە مۇراسىمىنىڭ بايان قىلىنىشى تەۋراتقا ئىنسانلار تەرىپىدىن مۇداخىلە (قولى تېگىش)قىلىنغانلىقىنىڭ ئوچۇق بىر دەلىلىدۇر.

تەۋراتنىڭ سىرتىدا يەھۇدى مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ ئىككىنچى بۆلىمى «پەيغەمبەر» (نەۋىئىم) قىسمى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە 21 كىتاپ بار. ئۈچۈنچى بۆلۈم «كەتۇۋىم» (خەتلەر، كىتابلار) دېيىلگەن ئون ئۈچ بۆلۈملۈك بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى يەھۇدى مۇقەددەس كىتابى، بەشى تەۋرات، يىگىرمە بىرى پەيغەمبەر، ئون ئۈچى كىتاپلار بولۇپ، ئوتتۇز توققۇز بۆلۈمدىن تەشكىل تاپىدۇ. بولارنىڭ ھەممىسىگە يەھۇدىلەر، شەرىئەت مەنىسىدە كەلگەن «تاناك» (ت-تەۋرات، ن-نەۋىم، ك-كەتۇۋىم) ئىسمىنى بەرگەن خىرىستىئانلار «قەدىمقى ئەھدى» نامىنى بەرگەن.

يەھۇدىيلەر بۇ مەجمۇئەنىڭ سانىنى يىگىرمە تۆت، ھەتتا ئىبرانى تىلىدىكى ھەرپ سانىغا قاراپ يىگىرمە ئىككى، خىرىستىئانلار بولسا ئوتتۇز توققۇز دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار ئوخشاش بولسىمۇ بۇ پەرق، خىرىستىئانلارنىڭ ھەربىر كىتابنى مۇستەقىل بىر كىتاپ دەپ قوبۇل قىلغانلىقى، يەھۇدىيلەرنىڭ بولسا بىر قانچە كىتابنى بىرلەشتۈرۈپ سانىغانلىقىدىن مەيدانغا كەلگەن.

تەۋراتتىن كېيىنكى بۆلۈملەر، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرلىكتە قوشۇمچە قىلىنغان بۆلۈملەر دەپ ئېپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يەشۇ (يۇشا) كەلگەن ۋە «يەشۇ كىتابى» قوشۇلغان. كېيىن «سامۇئەل كىتابلىرى» ۋە باشقىلار. بۇ تەرىقىدە جەمئى ئوتتۇز توققۇز كىتاب مەيدانغا كەلگەن. (بۇ يەردىكى كىتاب، كىتابنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم-ئايرىم بۆلۈملەرنى كۆرسىتىدۇ.)

كىتاب ئىچىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئائىت ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن تەۋراتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمقى ئەھدى تېكىسلىرى تاماملىنىپ، مىلادىدىن كېيىنكى 90- ۋە 100- يىللاردا (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن تەخمىنەن 1300 يىل كېيىن) رەسمى قوبۇل قىلىنغان. قەدىمقى ئەھدى بۇ تارىختا ئېچىلغان يەھۇدىلار

يىغىندا (ژامىنا سىنودۇندا) نۇرغۇنلىغان نۇسخىلار ئارىسىدىن تاللانغان ھالدا ئۆلچەملىك ھالغا كەلتۈرۈلگەن.

**تالمۇت**

يەھۇدىلار يېزىلغان تەۋراتنىڭ يېنىدا ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ئاغزاكى بىر ۋەھيىنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بۇ تالمۇتتۇر. يەھۇدىلار تالمۇتنى ئوخشاش ئورۇندا تۇتۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلارنى ھەقىقى يەھۇدى ھېسابلىمايدۇ.

تالمۇت مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتنى ئىزاھلاپ بەرگەن بىر تەۋرات تەپسىرىدۇر. دەسلەپتە بۇ تەپسىرلەر ئاغزاكى ھالدا داۋاملاشقان، كېيىن يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇنىڭغا «مىشنا» دېگەن. مىشنا ـ دىنى ئەمىرلەرنىڭ تەدبىقلىنىش ھەققىدىكى ئىزاھاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەلەستىن ۋە بابىلدىكى يەھۇدى مەكتەپلىرىدە مىشنا ئۈستىدە ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلغان. نەتىجىدە تالمۇت مەيدانغا كەلگەن. بۈگۈن، قۇددۇس ۋە بابىل تالمۇتىدىن ئىبارەت ئىككى تالمۇت بار. بولار مىلادىدىن كېيىنكى 4- ۋە 5- ئەسىرلەردە يېزىلغان.

مىشنا تەكرار، تالمۇت بولسا، تەلىم (تەلىم بەرمەك) دېمەكتۇر. بۇ نوقتىدا تالمۇت تەۋراتتىكى ھۆكۈملەرنىڭ ئىزاھاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەپسىر ۋە ئىجتىھاتلار مەجمۇئەسىدۇر. چۈنكى تەۋراتتىكى ھۆكۈملەر ئومۇمىيدۇر. مەسىلەن: «يەتتىنچى يىلدا زىرائەت تېرىمايسىلەر!»، «شەنبە كۈنى ئىش قىلمايسىلەر!» دېگەن. لېكىن بولارنىڭ تەپسىرىنى بەرمىگەن. تەپسىلاتىنى تالمۇتتا بەرگەن.

تالمۇتنىڭ مەيدانغا كېلىش شەكلى دىققەتكە ئېلىنغاندا، ئىنسانى مايىللىقنىڭ ئىلاھى ئىپادىلەردىن كۆپ ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

تالمۇتنىڭ ئاساسلىق نەزىرىيىسى، يەھۇدىلارنىڭ ئۈستۈن بىر مىللەت ئىكەنلىكى داۋاسىدۇر. «ئون ئەمىر» پەقەت يەھۇدىلار ئارىسىدا ئۆتىدىغان بولۇپ، يەھۇدى بولمىغانلار ئۈچۈن ھېچقانداق قىممىتى يوق.

خۇلاسىلىغاندا، يەھۇدى مۇقەددەس كىتابلىرىدىكى ھاكىم بولغان قاراش، تەڭرىنىڭ تاللانغان قەۋمى بولغان ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى ئاساس قىلىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمقى ئەھدىتە بايان قىلىنىشى لازىم بولغان غايىدىن بەكراق تارىخى ۋەقەلەرگە ئەھمىيەت بېرىلگەن. كەڭ-كۆلەملىك ۋەقەلەر، ئىنسانىى زېرىكتۈرىۋېتىدىغان ئۇزۇن نەسىل كۆتۈكلىرى بۇنىڭ ئوچۇق مىساللىرىدۇر. بىر جۈملىگە يىغىنچاقلىغاندا، يەھۇدى مۇقەددەس كىتابى ئىسرائىل ئوغۇللىرى

تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ تەگرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ھېكايىسىدۇر. بۇ تەرىپى بىلەن يەھۇدىلىك، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى سائادەتكە يېتەكلەشتىن مەھرۇم بىر قەۋم دىنىدۇر ۋە ئالەمشۇمۇل بىر دىن بولۇشتىن يىراقتۇر.

**پەيغەمبەر چۈشەنچىسى**

يەھۇدىلىكتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ جەمئى 48 پەيغەمبەر بار. بولاردىن بۇرۇن پەيغەمبەر كەلمىگەن. بۇ 48 پەيغەمبەرنىڭ 16سى قانۇنى، يەنى مۇقەددەس كىتابتا ئۇلارغا يېزىق نىسبەت قىلىنغان پەيغەمبەردۇر.

تەۋراتتا ھەقىقى ۋە ساختا دەپ ئىككى خىل پەيغەمبەر بار. بۇ 48 نىڭ سىرتىدىكى پەيغەمبەرلەر ساختا بولۇپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر دەپ قوبۇل قىلمايدۇ. ھەقىقي پەيغەمبەر؛

1. ئىنسانلارنى ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشقا دەۋەت قىلىشى ۋە ئاللاھدىن باشقا ئىلاھلارغا ئەگەشمەسلىكى كېرەك. (يەرەميا، 14 / 14، 23 / 21، 32)

2. كەلگۈسىگە دائىر خەۋەرلەر بېرىشى ۋە سۆزلىگەنلىرى ھەقىقەتكە ئايلىنىشى كېرەك. (تەسنىيە، 22ـ18/20)

بۇ ئىككى شەرتنىڭ سىرتىدا، ئىسلام دىنىدىكىگە ئوخشاش پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن بەش سۈپەت يوق. بەنى ئىسرائىل دىنىدا پەيغەمبەرلەر ھىلە ئىشلىتىش، زىنا قىلىش، زالىم بولۇش، يالغان سۆزلەش ۋە شەخسىيەتچى بولۇشتىن ئىبارەت بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشمۇ مۇمكىن.

يەھۇدىلارنىڭ پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلىرىگە پۈتۈنلەي زىت. مەسىلەن، ئۆزگەرگەن تەۋراتتا ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئالتۇن موزاينى ياساپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن ئەيىپلىنىدۇ. (چىقىش، 32 / 1-5، 24، 35) يەھۇدىلار ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى بىر پەيغەمبەردىن بەكرەك مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىسى ۋە بىر كاھىن دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلار ۋەقەنى «ھارۇن ئەلەيھىسسالام بۇتنى قەۋمىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ياسىغان» دەپ تەۋىل قىلغان بولسىمۇ، بۇ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ ھەقىقىتىگە ھېچ ماس كەلمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئىلاھى ياردەمگە ئىگە. قۇرئان كەرىم بۇ بوھتاننى شىددەت بىلەن رەت قىلىپ، ۋەقەنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ھارۇن ئەلەيھىسسالام بۇت ياساش ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسىچە بۇتنىڭ ياسىلىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن توسۇشقا تىرىشقان، ھەتتا بۇ سەۋەپتىن

بۇدپەرەسلىككە مايىل بولغان بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشكە ئاز قالغان بىر پەيغەمبەردۇر.

ئاللاھ ئەقىدىسىگە ئوخشاش، پەيغەمبەرلىك چۈشەنچىسىمۇ ئۆزلىرىگە خاس بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، بىر-بىرى بىلەن زىت بولغان پەيغەمبەرلىك چۈشەنچىسى بىلەن تولغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام، نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە باشقىلىرى پەيغەمبەر دەپ قوبۇل قىلىنمايدۇ. پەقەت بولاردا يەنىلا تۆۋەن دەرىجىدە بىر نۇبۇۋۋەت ۋەزىپىسى بار. چۈنكى قەدىمكى ئەھدىنىڭ تەكۋىن كىتابىدا تەڭرىنىڭ بولارغا بەزىدە ۋەھيي قىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. ئەينى شەكىلدە ھەزرىتى داۋۇت ۋە ھەزرىتى سۇلايمان ھۆكۈمداردار دەپ قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، يەنە تەڭرى بىلەن بىر ۋەھيي مۇناسىۋىتى ئىچىدە بولغانلىقى كۆرۈلىدۇ.

يەھۇدىلار بەزى پەيغەمبەرلەرگە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بەزى ئىللەتلەرنى چاپلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىپتىشچە:

1. نۇھ ئەلەيھىسسالام توپاندىن كېيىن ئۈزۈم تىرىپ، ئۇنىڭدىن ھاراق ياساپ ئىچكەن. بىر كۈنى ھاراقنى كۆپ ئىچكەنلىكتىن مەس بولۇپ چېدىرىدا يېتىپ قالغان. بۇ ئەسنادا كىچىك ئوغلى ھام ئۈستىگە كىرىپ قالغان، قارىسا ئاتىسى يالىڭاچ...باشقا قېرىنداشلىرى سام ۋە ياپەسكە ئېيتقان. ئۇلار كېلىپ ئاتىسىنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام كىچىك ئوغلىنىڭ ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلىقنى بىلگەن.

شۇنىڭ بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى قىلغان ئوغلىنى ئەمەس، ئوغلىنىڭ ئوغلىنى يەنى نەۋرىسى كەنئاننى لەنەتلىگەن. بۇسەۋەپتىن كەنئان ئىسمى يەھۇدىلىكتە ئەڭ يامان ئىسىملەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. (تەكۋىن، 29-9/20)

2. لۇت ئەلەيھىسسالام تەۋراتنىڭ دېيىشىچە قىزلىرى بىلەن زىنا قىلغان. سەدۇم ۋە گومورە شەھەرلىرى ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئىككى قىزى قۇتۇلۇپ، بىر غاردا پاناھلانغان. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇخلاپ قالغان. قىزلىرى:

«مەملىكەتتە نەسلىنىڭ داۋامى ئۈچۈن بارىدىغان ئەر كىشى قالمىدى. ئاتىمىزغا ھاراق ئىچۈرەيلى!» دېگەن ۋە ئاتىلىرى بىلەن زىنا قىلغان. (تەكۋىن، 36-19/30)

3. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ھەققىدە قوشماق بىر تۇغقىنى ئىيسقا ھىلە ئىشلەتكەن. (تەكۋىن، 27. باپ) يەنە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ

قېيىن ئاتىسى بىلەن تۇغقان كېلىشىمدە بىر ھىلە ئىشلىتىپ ماللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى ئۆزىگە ئايرىغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. (تەكۋىن، 42 ـ 30/32، 16 ـ 31/7)

4. داۋۇت ئەلەيھىسسالام كۆپ ئايالى بولغان بىر ھۆكۈمداردۇر. شۇنداق بولسىمۇ قوماندانلىرىدىن ئۇرىيانىڭ ئايالىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغان. كېيىن ئۇرىيانى بىر ئۇرۇش ھىلىسى بىلەن ئۆلتۈرگۈزگەن. ئۇنىڭغا جازا بولغان ھالدا تۇنجى تۇغۇلغان بالىسى ۋاپات بولغان. ئىككىنچى بالىسى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامدۇر. يەھۇدى مۇقەددەس كىتابلىرىدا بۇ ئەپسانىلەر بايان قىلىنىدۇ ۋە داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن پەقەت «رەببىنىڭ كۆزىدە يامان ئىشنىلا قىلدى» دېيىلىدۇ. (2. سامۇئەل، 11 / 2-12 / 22)

5. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئايالى بار ئىدى. ئۇمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇتپەرەس ئاياللارنىڭ كەينىدە يۈرۈپ بۇتلارغا چوقۇنغان. شۇنىڭدەك سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ «رەببىنىڭ كۆزىدە يامان بولغان ئىشلارنىلا قىلغانلىقى» نەقىل قىلىنىدۇ. (1. پادىشاھلار، 11 / 1-7)

بولاردىن باشقا، بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ يېقىنلىرى ھەققىدىمۇ بولمىغۇر ئىشلار رىۋايەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ياھۇدا كېلىنى بىلەن زىنا قىلغان. (تەكۋىن، 38 / 12-26) يەنە بىر ئوغلى رۇبەننىڭ بولسا، ئاتىسىنىڭ جارىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى زىكىر قىلىنغان. (تەكۋىن، 35 / 22) يەنە داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئوغلى ئۆگەي قىز قېرىندىشى بىلەن (2. سامۇئەل، 13. باب)، باشقا بىر ئوغلى بولسا، ئاتىسىنىڭ جارىيەسى بىلەن زىنا قىلغان. (2. سامۇئەل، 16 / 15، 20-23)

ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىلەر توقۇپ چىققان قەبىھ بۆھتانلاردۇر. ئۇلار بۇ بوھتان بىلەنلا بولدى قىلماي، كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ۋە ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى مەزلۇم پەيغەمبەردۇر.

يەھۇدىلەرنىڭ بۇ قىلمىشلىرى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَاقَهُمْ وَكُفْرِهِم بَآيَاتِ اللّهِ وَقَتْلِهِمُ الأَنْبِيَاء بِغَيْرِ حَقًّ وَقَوْلِهِمْ قُلُوبُنَا غُلْفٌ بَلْ طَبَعَ اللّهُ عَلَيْهَا بِكُفْرِهِمْ فَلاَ يُؤْمِنُونَ إِلاَّ قَلِيلاً

**"ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى ۋە (مۇھەممەد**

**ئەلەيھىسسالامغا) دىللىرىمىز پەردىلەنگەن (يەنى سۆزۈڭنى چۈشەنمەيدۇ) دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق)، بەلكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىنى ئىمان ئېيتمايدۇ."** (سۈرە نىسا، 155 - ئايەت)

فاتىھە سۈرىسىدىمۇ يەھۇدىلار:

**«ئەل مەغزۇبى ئەلەيھىم:** (ئىلاھى) **غەزىپىگە يولۇققانلار!»** دەپ زىكىر قىلىنىدۇ.

### ئاخىرەت چۈشەنچىسى

تەۋراتتا ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوچۇق ۋە ئېنىق بىر ئۇقۇم يوق. كېيىنكى نۇسخىلاردا گۇناھكارلارنىڭ جەھەننەمگە كىرىدىغانلىقى، دىنىنىڭ ئەمرلىرىگە رىئايە قىلغان ئىنسانلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەقىدە بار. لېكىن يەھۇدى تارىخىغا قارايدىغان بولساق، باشلانغۇچ جەمئىيەتلەردە ئاخىرەت چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. تەۋراتتا ئۆلگەنلەر ئۈچۈن «كۆنلىرىگە تويغان ھالدا ئاتىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇخلىدى.» ئىبارىسى قوللىنىلغان. (تەكۋىن، 47 / 30؛ تەسنىيە، 31 / 16)

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەنى ئىسرائىل ئارىسىدا «ئۆلگەنلەر نېمە بولىدۇ؟» دېگەن بۇ سوئال تارتىششقا باشلانغان ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ «شەئول» (ئۆلۈكلەر دىيارى)غا كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئەقىدە مەيدانغا كەلگەن.

يەھۇدىلىكتە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش، مۇكاپات ۋە جازا تۇنجى قېتىم دانىيەل كىتابى 12 / 2 دە ئوچۇق ۋە ئېنىق ئىپادىلەنگەن. دانىيەل (مىلادىدىن بۇرۇن 586 - 538) يىللىرى بابىل ئاسارىتى زامانىدا بابىلدا ياشىغان.

يەھۇدىلىكتە ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەقىدىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تالمۇتتا يەر ئالىدۇ. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، بەنى ئىسرائىل جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. گۇناھكار ئىسرائىل ئوغۇللىرى بولسا، جەھەننەمدە پەقەت ئون ئىككى ئاي تۇرۇپ كېيىن ئۇلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ.

يەھۇدى بولمىغانلار ھەممىسى جەھەننەمگە كىرىپ ئۇ يەردە ئەبەدى ئازاپقا قالىدۇ . چۈنكى يەھۇدىلىك نوقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، يەھۇدى بولمىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇتپەرەستۇر. (روشھا ـ شانا، 17)

هەزرتی مۆسا



ئامان
ئەریحا
ماثان
قودس
سودوم
یافا
ئەلخەلیل
مەدیەن
سینا
تور
تیح
ئاق دېڭز
ئسکەندەریە